جۇڭگو ھازىرقى زامان ھېكايىلىرىدىن -1

# تۇيۇق يول

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئەخمەت ئېمىن
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى:
ۋاڭ گولىن
مەسئۇل كوررېكتورى:
ئۆمەرجان

جۇڭگو ھازىرقى زامان ھېكايىلىرىدىن ـ 1

# تۇيۇق يول

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# تۇيۇق يول

(جۇڭگو هازىرقى زامان هېكايىلىرىدىن — 1)

تەرجىمە قىلغۇچىلار: توختى باقى
ياسىن سېيىت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۇزۇپ نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 9.875، قىستۇرما ۋارىقى: 2
1993 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى
1993 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 2,000
ISBN7—228—02243—2/I·777
باھاسى 2.70 يۈەن

## نەشرىياتتىن

«جۇڭگو ھازىرقى زامان ھېكايىلىرىدىن» ناملىق بۇ مەجمۇئەگە «4 - ماي» ئەدەبىيات ئىنقىلابىدىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىغىچە بولغان يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى يېڭى ئەدەبىياتقا دائىر ھېكايىلەر كىرگۈزۈلگەن.

بۇ ھېكايىلەر «4 - ماي» دىن بۇيانقى جۇڭگو يېڭى ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى، ئاساسىي قىياپىتىنى ۋە مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئاسا-سىي جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بۇ مەجمۇ-ئەدە ئىنقىلابىي ۋە ئىلغار خاھىشتىكى ئەسەرلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوخشىمىغان ئېقىم ۋە ئوخشىمىغان ئۇسلۇبتىكى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەر-لىرىگىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئېتىبار بېرىلگەن. بىز بۇ مەج-مۇئەنى تۈزۈشتە تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمە-لىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئاساسەن جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا خېلى تەسىر قوزغىغان ياكى مەلۇم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەرنى تاللىدۇق. بۇ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە خەلق كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، بۈگۈنگىچە ئىدىيىۋى ئەھمىيىتىنى يوقات-مىغان، شۇنىڭدەك بەدىئىي جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئۆزىنىڭ تەقلىدىي قىممىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئەسەرلەردۇر.

بىز بۇ مەجمۇئەنى تەرجىمە قىلىپ تۈزۈشتە شاڭخەي ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى 1978 - يىلى نەشر قىلغان «جۇڭگو ھازىرقى زامان ھېكايىلىرىدىن» ناملىق كىتاب بىلەن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئورنى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزگەن، خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى 1980 - يىلى نەشر قىلغان «جۇڭگو ھازىرقى زامان ھېكايىلىرىدىن تاللانما» ناملىق توپلامنى ئاساس قىلدۇق. بىر يازغۇچىنىڭ پەقەت بىرلا ھېكايىسى تونۇشتۇرۇلدى. بۇرۇن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنمىغانلىرىنى تونۇشتۇرۇش ئاساس قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بەزى ئەسەرلەرنىڭ شۇ يازغۇچىنىڭ بىردىنبىر ۋەكىللىك ئەسىرى بولالىشى ناتايىن. بەزى ئەسەرلەر شۇ يازغۇچى ئىجادىيىتىنىڭ پەقەت مەلۇم بىر دەۋرىگىلا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. كىتابخانلىرىمىزنىڭ، جۈملىدىن تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ بۇ تەرەپنى توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## مۇندەرىجە


ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى .......... لۇشۈن 1

پەن ئەپەندى رىيازەتتە ..............يې شاۋجۈن 82

ئايرىلىق .................... بىڭشىن 121

قىلىچ .................... ۋاڭ تۇڭجاۋ 141

توختى باقى تەرجىمىسى

چۈنتاۋ ....................شۈي دىشەن 175

تۆيۈق يول ....................گومورو 216

كىچىكىپ ئېچىلغان گۈيخۇا گۈلى..........يۈي دافۇ 241

نەزەربەند....................يۈەن جۈن 294

ياسىن سىيىت تەرجىمىسى

# ئا Q نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى

## لۇشۈن

توختى باقى تەرجىمىسى

لۇشۈن (1881 — 1936) — جۇڭگونىڭ ئۇلۇغ ئەدىبى، مۇتەپەككۇرى ۋە ئىنقىلابچىسى. ئەسلى ئىسمى جۇشۇرېن، جېجىياڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋشىڭ ناھىيىسىدىن، ياشلىق دەۋرىدە تەدرىجىي تەرەققىيات ئىدىيىسىگە بېرىلگەن، 1902 - يىلى ياپونىيىگە ئوقۇشقا بارغان، دەسلەپتە تىببىي پەن ئوقۇغان، كېيىن خەلقنى مەنىۋى جەھەتتىن ئويغىتىش ئۈچۈن ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغان، 1909 - يىلى ياپونىيىدىن قايتقاندىن كېيىن خاڭجۇ، شاۋشىڭ قاتارلىق يەرلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، 1911 - يىلدىكى شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن نەنجىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىدە ۋە بېيجىڭ ھۆكۈمىتىدە مائارىپ ۋازارىتىنىڭ خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن ھەمدە قوشۇمچە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا،

قىزلار دارىلپۇنۇنىدا دەرس ئۆتكەن. 1918 - يىلى 5 - ئايدا «لۇشۇن» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىنىشقا باشلاپ، جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخى بويىچە تۇنجى قېتىم جانلىق تىلدا يېزىلغان «سەۋدايى خاتىرىسى» نى ئېلان قىلىپ، يېڭى ئەدەبىيات ھەرىكىتىنىڭ ئۇلىنى قۇرۇپ بەرگەن. «4-ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىن «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلى-نىڭ خىزمىتىگە قاتنىشىپ، جاھانگىرلىككە، فېئودا-لىزمغا قارشى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئالدىن-قى سېپىدە كۆرەش قىلىپ، «4 - ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئۇلۇغ بايراقدارى بولۇپ قالغان. 1918 - يىلدىن 1926 - يىلغىچە «چۇ-قان»، «قەبرە»، «ئىسسىق شامال»، «تېڭىرقاش»، «ياۋا گىياھ»، «كەچتە ئۈزۈلگەن سەھەر غۇنچىسى»، «سايىۋەن»، «سايىۋەنىنىڭ داۋامى» قاتارلىق توپ-لاملىرى چىقىرىلغان. 1926 - يىلى 8 - ئايدا بېيجىڭدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرى-كەتلىرىنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن ئەكسىيەتچى ھۆكۈ-مەت تۇتقۇن قىلىش بۇيرۇقىنى تارقاتقاندا، ئۇ جەنۇب-قا — شيامېندىكى داشۆسىگە كېتىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1927 - يىلى 1 - ئايدا شۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلاب مەركىزى بولغان گۇاڭجۇغا بېرىپ جۇڭشەن داشۆسىدە ئىشلىگەن. جياڭ جيېشىنىڭ «12 - ئاپ-

ريل» ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن تەدرىجىي تەرەققىيات ئىدىيىسىدىن ئۇزۇل-كېسىل ۋاز كەچكەن. 1927 - يىلى 10 - ئايدا شاڭخەيگە كېلىپ «جۇڭگو ئەركىنلىك ھەرىكىتى ئىتتىپاقى»، «جۇڭگو سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى» ۋە «جۇڭگو خەلق ھوقۇقىنى قوغداش ئىتتىپاقى» قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر تەشكىلاتلارغا قاتنىشىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ غالچا ئەدىبلىرىگە ۋە باشقا ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلغان. ئەنە شۇ كۈرەشتە جۇڭگو مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئۇلۇغ ئەربابىغا ئايلانغان. 1927 - يىلدىن 1935 - يىلغىچە «يېڭى يېزىلغان كونا ھېكايىلەر» توپلىمىدىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ۋە باشقا نۇرغۇن فىليەتونلارنى يازغان. بۇ فىليەتونلار «خالاس»، «ئۈچ بىكار»، «ئالا كۆڭۈل»، «تاغدىن - باغدىن»، «ساختا ئەركىنلىكنامە»، «گۈلشەن پاراڭلىرىغا ئىستىئارە»، «چىلتەكلىك ئەدەبىيات»، «كونس بوتكىسى فىليەتونلىرى» سەرلەۋھىلىك توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇ «نامىسىز تەھرىرات»، «سەھەر غۇنچىسى تەھرىراتى» قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر ئەدەبىيات تەشكىلاتلىرىغا رەھبەرلىك قىلغان، مەدەت بەرگەن. «دەشت - باياۋان»، «ئۆركەش»، «ئۇندۇرمە»، «تەرجىمىلەر» قاتارلىق ئەدەبىي

ژۇرناللاردا مەسئۇل مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئۆتەپ، ياش يازغۇچىلارنىڭ يېتىلىشىگە پائال مەدەت بەرگەن، ۋەتىنىمىزنىڭ قەدىمكى كلاسسىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش، توپلاش، تەتقىق قىلىپ رەتلەش ئىشلىرىدا نۇرغۇن ئەمگەك سىڭدۇ-رۇپ، «كۆمۈلۈپ قالغان قەدىمكى ھېكايىلەر»، «جۇڭ-گودا ھېكايىچىلىقنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى داستانلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. ئۇ 1936 - يىلى 19 - ئۆك-تەبردە شاڭخەيدە ۋاپات بولدى.

لۇشۈن «ئاQ نىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرىدە زۇلۇم تارتقان، زۇلۇمغا قارشى چىققان، ئاخىر يەنە زالىملار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈل-گەن كەمبەغەل دېھقان ئاQ نى تەسۋىرلەش ئار-قىلىق ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھېسداشلىقىنى بىلدۈردۇ، يەنى ئۇنىڭ «شۇم پېشانە بولۇپ قالغانلىقىغا ئېچىن-نىمەن، لېكىن ئۇنىڭ جەڭگەۋارسىزلىقىغا نەپرەتلىنى-مەن» دەيدۇ. ئۇنىڭ روھىي غەلىبىلىرىنى قاتتىق ھەجۋىي تىل بىلەن ئەيىبلەيدۇ، دېھقانلارنى ئويغىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ. بۇ دۇنيا بويىچە ئېتىراپ قىلىنغان مەشھۇر ئەسەردۇر. (توختى باقى)

## بىرىنچى باب

## مۇقەددىمە

ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالىنى يازاي دەپ يۈرگىنىمگە بىر - ئىككى يىلدىن ئېشىپ كەتتى. لېكىن يازىمەن دەپ يۈرۈپ، ئىككى تايىن بولۇپ قالدىم. مېنىڭ «ئۆچمەس سۆز» قالدۇرىدىغان كىشىلەردىن ئەمەسلىكىم مۇشۇنىڭ ئۆزىدىنلا مەلۇم. چۈنكى، ئادەتتە ئۆچمەس قەلەم ئۆلمەس كىشىلەرگە تەرجىمىھال يېزىشى كېرەك ئىدى. ئادەملەر ئەسەر سەۋەبى بىلەن ئۆلمەس ئادەملەرگە ئايلىنامدۇ ياكى ئەسەر ئادەملەر سەۋەبى بىلەن ئۆچمەس ئەسەرگە ئايلىنامدۇ — بۇلارنىڭ زادى قايسىسىنىڭ قايسىسىنى ۋاستە قىلىدىغانلىقى ماڭا بارا - بارا قاراڭغۇ بولۇپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئاخىر، خۇددى ئىچىمگە جىن كىرىۋېلىپ يېزىشقا مەجبۇر قىلىنغاندەك، ئاQ غا تەرجىمىھال يېزىشقا باشلىدىم.

لېكىن چاپسانلا «ئۆچۈپ كېتىدىغان» بۇ ئەسەرنى يازماقچى بولۇپ، قولۇمغا قەلەم ئالا - ئالمايلا، ئىنتايىن ئېغىر قىيىنچىلىققا يولۇقتۇم. بۇ قىيىنچىلىقنىڭ بىرىنچىسى، ئەسەرنىڭ نامى بولدى. كۇڭفۇزى: «نام جايىدا بولمىسا، قىلغان سۆز ئاقمايدۇ» دەپتىكەن. بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كەلدى. تەرجىمىھالنىڭ نامى ناھايىتى

كۆپ. مەسىلەن، تەزكىرە، تەرجىمھالىم، غەيرىي تەرجىمھال، ئالاھىدە تەرجىمھال، نەسەبنامە، قىسقىچە شەجەرە... ئەپسۇسكى، بۇ ناملارنىڭ ھېچقايسىسى توغرا كەلمىدى. «تەزكىرە» دەپ يازاي دېسەم، بۇ نۇرغۇن زەردار كىشىلەرنىڭكى بىلەن بىر قاتاردا «رەسمىي تارىخ» ئىچىگە كىرگۈزۈلىدىغان ماقالە ئەمەس؛ «تەرجىمھالىم» دەپ نام بېرەي دېسەم، مەن ئاQ ئەمەس؛ «غەيرىي رەسمىي تەرجىمھال» دەي دېسەم، «ئەينى تەرجىمھال» قېنى؟ ئەگەر «ئەينى تەرجىمھال» دەپ نام بېرەي دېسەم، ئاQ تەرجىمھالىنى يازغۇدەك ئەۋلىيالاردىن ئەمەس؛ «ئالاھىدە تەرجىمھال» دەي دېسەم، ئاQ ھېچقاچان رەئىس جۇمھۇرنىڭ ئىلتىپاتىغا ئىگە بولۇپ، دۆلەت تارىخىنى يېزىش مەھكىمىسىنىڭ «مەخسۇس تەرجىمھالى» يېزىلسۇن دېگەن قارارىغا كىرگۈزۈلگىنى يوق. ئىنگلىزلارنىڭ رەسمىي تارىخنامىلىرىدە «قىمارۋازلارنىڭ تەزكىرىسى» بولمىسىمۇ، ئەمما مەشھۇر يازغۇچى دىككىنىس «قىمارۋازنىڭ ئالاھىدە تەرجىمھالى» دەپ بىر كىتاب يازغان. لېكىن مەشھۇر يازغۇچىغا مۇمكىن بولغان بىلەن ماڭا ئوخشاشلارغا ئۇنداق كىتاب يېزىش مۇمكىن بولمىسا كېرەك؛ ئەمدى «نەسەبنامە» دەي دېسەم، ئاQ بىلەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ نەسەب - تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بار - يوقلۇقىنى بىلمەيمەن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ماڭا ئۇنى يېزىشنى ھاۋالە قىلغان ئەمەس. «قىسقىچە شەجەرە» دەپ يازاي دېسەم، ئاQ نىڭ باشقا تولۇق شەجەرىسى يوق. قىسقىسى، بۇنى «مەخسۇس تەرجىمھالى» بولارمىكىن دەيمەن. لېكىن قەلەمىمنىڭ ناچارلىقىنى، غالتىكىنى سۆرەپ يۈرۈپ مال ساتى-

دىغان «غالتەكچى» لەرنىڭ تىلىغا ئوخشاش قوپال تىل بىلەن يازغانلىقىمنى ئويلاپ، بۇ ئەسەرىمنى ئۇلۇغ نام بىلەن ئاتاشقا پېتىنالمىدىم. شۇڭا قاتارغا ئۆتۈشكە ياردمايدىغان يازغۇچىلارنىڭ «قۇرۇق سۆزنى قويۇپ، رەسمىي گەپكە ئۆتەيلى» دېگەن سۆزلىرىدىن رەسمىي دېگەن سۆزنى نام قىلىپ ئالدىم. بۇ قەدىمكىلەر يازغان «خەتتاتلىقنىڭ رەسمىي بايانى» دېگەن سۆز بىلەن ئىملا جەھەتتە ئارىلىشىپ كەتسىمۇ مەيلى دېدىم.

ئىككىنچىدىن، ئادەتتە ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ تەرجىمىھالىنى يازغاندا ئاۋۋال «فامىلىسى پالانى، ئىسمى پوكۇنى، پالانى يەرلىك ...» دەپ باشلاش كېرەك ئىدى. لېكىن ئاQ نىڭ فامىلىسى ماڭا نامەلۇم، قايسى بىر كۈنى ئۇنىڭ فامىلىسىنى «جاۋ» مىكىن دەپ ئويلاپ قالغاندىم. لېكىن ئەتىسىگىلا تايىنى بولماي چىقتى. ئەسلى ۋەقە مۇنداق: جاۋ بېگىمنىڭ ئوغلى موللا دېگەن ئۇنۋانىنى ئالغاندا، بۇ خەۋەر پۈتكۈل يېزىغا داپ - دۇمباق بىلەن ئېلان قىلىندى. يېڭىلا ئىككى پىيالە سېرىق ھاراقنى ئىچىۋەتكەن ئاQ پۇت - قوللىرىنى ئويناقشىتىپ: بۇ شەرەپ ماڭىمۇ تەئەللۇق، چۈنكى ئەسلىنى سۈرۈشتۈرگەندە، مەن جاۋ بېگىمگە تۇغقان كېلىمەن؛ ئەگەر نەسەب بويىچە تىزىپ كەلگەندە موللامدىن ئۈچ دەرىجە يۇقىرى تۇرىمەن، دېدى. شۇ چاغدا بۇ گەپلەرگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان كىشىلەردە بىردىنلا ئاQغا ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى. نەدىن بىلسۇن، دورغىلاردىن بىرسى ئەتىسىگىلا ئاQ نى جاۋ بېگىمنىڭ ئۆيىگە چاقىرىپ باردى. جاۋ بېگىم ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا پوكاندەك قىزىرىپ:

— ئاQ، ھەي ئەبلەخ! سەن مېنى ئۆزۈڭگە تەڭ قىلغان بولىدۇ دەپسىنا؟ — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

ئاQ بولسا ئۇن چىقارمىدى.

ئۇنىڭغا قارىغانچە غەزەپى ئۆرلىگەن جاۋ بېگىم ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ:

— ھەر نېمە دەپ جۆيلۈشكە ھەددىڭ ئەمەس! مەن قانداقسىگە سەندەكلەر بىلەن تۇغقان بولاي؟ فامىلەڭ جاۋمىدى سېنىڭ؟ — دەپ كاركىردى.

ئاQ بولسا لام - جىم دېمەستىن ئارقىسىغا ياناي دەپ تۇراتتى، ئاشۇنچە جاۋ بېگىم چاچراپ بېرىپ ئاQ نىڭ كاچىتىغا بىرنى ئۇردى:

— سېنىڭ فامىلەڭ قانداقسىگە جاۋ بولسۇن؟! نەرىڭ مۇنداق فامىلىگە لايىق كەلسۇن؟!

ئاQ ئۆزىنىڭ فامىلىسىنىڭ ھەقىقەتەن جاۋ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشماي، پەقەت مەڭزىنى سىلىغان پېتى دورغىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ تالاغا چىقىۋالدى. كېيىن ئاQ تۆپىلەپ دورغىدىن دەشنەم يەپ، ئۇنىڭغا مەي ئۈچۈن ئىككى يۈز يارماق بېرىپ قۇتۇلدى.

بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان كىشىلەر، ئاQ تازىمۇ ھاماقەتلىك قىپتۇ، شاپىلاقنى ئۆزىگە ئۆزى تىلەپ يەپتۇ، ئۇنىڭ فامىلىسى جاۋ بولمىسا كېرەك، جاۋ بولغان ھالەتتىمۇ، بۇيەردا جاۋ بېگىم تۇرغان يەردە ئاغزىنى بار دەپ ئۇنداق سۆزلەۋەرمىسە بولاتتى، دېيىشتى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن، ھېچكىم ئاQ نىڭ ئۇرۇق - جەمەتىنى تىلغا ئېلىپ باقمىدى. شۇ ۋەجىدىن مەنمۇ ئۇنىڭ فامىلىسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم.

ئۈچىنچى بىر قىيىنچىلىق — مەن ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ قانداق يېزىلىشىنى بىلمەيتتىم. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ھەممىسى ئا Quei دەپ ئاتايتتى، ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنداق ئاتىماس بولدى. ئۇ چاغلاردا بامبۇك ياكى رەختكە خاتىرە يېزىپ قالدۇرۇش ئىشلىرى نەدە بولسۇن! ئەگەر «نامنى يېزىپ قالدۇرۇش» دېيىلسە، مۇشۇ ماقالە تۇنجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ تۇنجى قىيىن ئۆتكەل بولۇۋاتىدۇ.

مەن ئا Quei دېگەن سۆزنىڭ قانداق يېزىلىشى ھەققىدە كۆپ ئويلاندىم: ئەتىرگۈلنى بىلدۈرىدىغان «ئاگۈي» مۇ ياكى «ئەزىز، قۇتلۇق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «ئاگۈي» مۇ؟

ئەگەر ئۇنىڭ لەقىمى ئايدىڭ كېچىدە تولۇن ئاي تاماشىسىنى قىلىپ ئولتۇرىدىغان شىپاڭنى بىلدۈرىدىغان «يۆتىڭ» دېگەن سۆز بىلەن ئاتالغان بولسا ئىدى ياكى ئۇ سەككىزىنچى ئايدا تۇغۇلغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئەتىرگۈلنى بىلدۈرىدىغان «ئاگۈي» دېگەن خەت بىلەن يېزىلاتتى. لېكىن ئۇنىڭ لەقىمىمۇ يوق (بولسىمۇ بولغاندۇر، لېكىن ئۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى). تۇغۇلغان كۈنىمۇ بەلگىسىز، چۈنكى يازغۇچىلارغا ھېچقاچان شۇ كۈن شانشەرىپىگە بىرەر نەرسە يېزىپ بېرىش تەكلىپى بىلەن باغاقلار تارقىتىلمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئاگۈي» دەپ يېزىش پۈتۈنلەي ئاساسسىز ئىدى.

مۇبادا ئۇنىڭ دۆلەتمەن، باي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان «ئافۇ» ئىسىملىك ئاكىسى ياكى ئىنىسى بولغان بولسا ئىدى، ئۇ ۋاقىتتا تاپتايسىلىق «ئەزىز، قۇتلۇق»

دېگەن مەنىلەرنى بىرىدىغان «ئاگۆي» بىلەن يېزىلغان بولاتتى. لېكىن ئۇ يالغۇز بولغانلىقتىن مۇنداق دەپ يېزىشقىمىز ئاساس يوق.

«ئا Quei» تاۋۇشىنى بىلدۈرىدىغان باشقا ھەرپلەرنى قوراشتۇرۇش تېخىمۇ تەس ئىدى.

بىر كۈنى، مەن مۇشۇ توغرۇلۇق جاۋ بېگىمنىڭ ئوغلى موللا جانابىتىن سورىدىم. لېكىن مۇنداق ئالىي مەلۇماتلىق ئادەمنىڭ خەۋەردار بولالماسلىقىنى كىم ئويلىغان؟ ھەر ھالدا ئۇ، چېن دۇشيۇ تەھرىرلىكىدە چىقىدىغان «يېڭى ياش» ژۇرنىلى چەت ئەل يېزىقىنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلغانلىقتىن، مىللىي تەۋەررۇكلىرىمىز يوقالغاندەك، شۇڭا ئۇ مەسىلىنى تەكشۈرۈپ بىلىش مۇمكىن ئەمەس، دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۆز يۇرتلۇقلىرىمنىڭ بىرىگە ئاQنىڭ ئىشىغا باغلىق سوت ھۆججەتلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىشنى تاپشۇردۇم. سەككىز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ماڭا بۇ ھۆججەتلەردە «ئا Quei» دېگەن ئىسىمغا يېقىن كېلىدىغان ئادەم يوقلۇقى توغرۇلۇق ئۇچۇر بەردى.

ھەقىقەتەن، ئۇ يەردە مۇنداق ئىسىم يوقمۇ ياكى ئۇ كىشى ئىزدەپ تاپالمىدىمۇ — بىلمەيمەن، ھەر ھالدا بۇ توغرۇلۇق بىلىۋېلىشقا باشقا ئامال قالمىدى.

بىزدە «جۇيىن زىمۇ» (خەنزۇچە خەتلەرنىڭ خەنزۇچە ئېلىپبەسى) تېخى كۆپ تارقالمىغاندۇر دەپ ئويلايمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا چەت ئەل تىل ئېلىپبەلىك ھەرپلىرىنىڭ ياردىمىگە يۆلىنىشكە توغرا كەلدى. مەن بۇ ئىسىم-

نى ئىنگلىز ترانسكرىپسىيىسى بىلەن Quei — A دەپ يازىمەن، قىسقارتىپ يازغاندا ئاQ ① بولىدۇ. بۇ سۆزنى «يېڭى ياش» ژۇرنىلىنىڭ تەشەببۇسىغا بويسۇنغاندەك بولۇپ كۆرۈنەر، ئەمدى ئۆزۈممۇ خىجىل. لېكىن قايسى ھەرپ بىلەن يېزىش كېرەكلىكىنى بىزنىڭ مولىمىزمۇ بىلمىگەن يەردە ماڭا قانداق ئامال بار؟

تۆتىنچى قىيىنچىلىق — ئاQ نىڭ يۇرتى توغرىسىدىكى مەسىلە، ئەگەر ئۇنىڭ فامىلىسى جاۋ بولغان بولسا ئىدى، ئۆلكە مۆتىۋەرلىرىنىڭ نامىغا قاراپ ئات قويۇش ئادىتىگە ئاساسەن، «ئۆلكە نامى قوشۇلغان فامىلە» دېگەن كىتابتىكى شەرھلەرگە قاراپ، ئۇنىڭ يۇرتى «شەنشى—گەنسۇ چېگرىسىدىكى لۇڭشەن تېخىنىڭ غەربىدىكى تيەنشۇي» دېيىشكە بولاتتى. لېكىن ئاQ نىڭ فامىلىسى ئېنىق ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ يۇرتىنى تاپىنلاشقا بولمىدى. ئۇ تولاراق ۋېيجۇاڭ يېزىسىدا تۇراتتى، لېكىن پات - پاتلا باشقا يەرلەردىمۇ بولاتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنى ۋېيجۇاڭلىق دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. ئەگەر «ۋېيجۇاڭلىق» دەپ يازسام، بۇمۇ تەرجىمىھال يېزىش ئۇسۇلىغا توغرا كەلمەيدۇ.

لېكىن «ئا» ھەرپىدە ھېچقانداق شۇبھە يوق. ئۇنىڭدا ھېچبىر خاتالىق يوق ۋە ئۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىشكە بولىدۇ. مانا بۇ مېنى خېلى قانائەتلەندۈرىدۇ. قالغان بارلىق قىيىنچىلىقلارنى بولسا، ماڭا ئوخشاش چوڭقۇر مەلۇماتى يوق ئادەملەر يېشەلمەيدۇ. ئەمدى پەقەت خۇشىزىغا ئوخشاش «تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيە مەستانىلىرى» نىڭ مۇرىتلىرى

---

① Q ھەرپى ئىنگلىزچە «كىئۇ» ئاھاڭىدا ئوقۇلىدۇ. — تەرجىمان.

بۇ مەسىلە ھەققىدە نۇرغۇن يېڭى مەلۇماتلارنى تاپىدۇ دېگەن يالغۇز بىرلا ئۈمىدىم بار، لېكىن ئۇ ۋاقىتلارغىچە مېنىڭ «ئاQنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرىم ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن.

يۇقىرىدا يازغانلىرىم مۇقەددىمە بولۇپ قالسۇن.

## ئىككىنچى باب

## غەلىبە ھەققىدە قىسقىچە بايان

ئاQ نىڭ فامىلىسى بىلەن يۇرتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆتمۈش «نام ـ ئەمىلى» مۇ بەلگىسىز ئىدى. ۋېيجۇاڭ يېزىسىنىڭ خەلقى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ كۈنلۈك ئىشلىرىغا سېلىشتىن ۋە زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشتىن باشقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ «نام ـ ئەمىلى» گە ھېچكىممۇ قىزىققان ئەمەس. ئاQ نىڭ ئۆزىمۇ ھېچكىمگە ھېچنەرسە ئېيتىپ بەرمەيتتى، پەقەت بىرەر كىشى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغاندىلا كۆزىنى چەكچەيتىپ:

— مېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىم سېنىڭكىگە قارىغاندا دۆلەتمەنرەك ئىدى! سەن قانچىلىك بىرنېمىتىڭ؟ — دەپ ۋارقىرايتتى.

ئاQ نىڭ ئۆي ـ ماكانى يوق ئىدى، ئۇ ۋېيجۇاڭدىكى ئىبادەتخانىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ بەلگىلىك بىر كەسپىمۇ يوق ئىدى، ئۇ باشقىلارغا كۈنلۈك ئىش قىلاتتى، ئورما ئورۇش كېرەك بولسا ئورما ئوراتتى، گۈرۈچ ئاقلاش كېرەك بولسا ئاقلايتتى، قولۋاق ھەيدەش كېرەك بولسا ھەيدەيتتى، ئەگەر ئىش ئۇزاققا سوزۇلسا، ۋاقىتىنچە يالل-

غوچىنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى، لېكىن ئۆز ئىشىنى تۈگىتىش بىلەنلا كېتەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ئالدىراش ۋاقىتلاردا، يەنى ئاQ كېرەك بولغاندا ئۇنى يادىغا ئېلىشاتتى، ھەقىقەتتە ئاQنىڭ «نام ـ ئەمىلى» نى ئەمەس، ئۇنىڭ ئىشلەپ بېرىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالاتتى، ھەر قاچان قىزىق ئىش ۋاقىتلىرى ئۆتكەندىن كېيىن، «نام ـ ئەمىلى» تۇگۇل، ئاQنىڭ ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتەتتى.

قانداقتۇر بىر بوۋاي بىر ئۇنى كۆڭلەكچان، تۇرۇق ۋە ھېرىپ كەتكەن ئاQغا قاراپ: «ئاQ ئىشقا چىۋەر ئادەم» دەپ پەقەت بىر قېتىملا ماختاپ قويىدى. بۇ سۆزلەر چىن كۆڭلىدىن ئېيتىلدىمۇ ياكى زاڭلىق قىلىش بىلەنمۇ، ھېچكىم چۈشىنەلمىدى، لېكىن ئاQ ناھايىتى خۇشال بولدى.

ئاQنىڭ ئىززەت ـ نەپسى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى، ۋېيجۇاڭلىقلارنىڭ ھەممىسىنى كۆزىگە ئىلمايتتى، ھەتتا ئىككى موللا بالىنىمۇ چىراي ئېچىپ قاراشقا ئەرزىمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇلارنىڭ كېلەچەكتە چوڭ موللا بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ھۆرمەتلىك جاۋ بېگىمنىڭ، ئىككىنچىسى ھۆرمەتلىك چيەن بېگىمنىڭ ئوغلى ئىدى. جاۋ بېگىم بىلەن چيەن بېگىم بايلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى شۇنچىلىك موللا ئوغۇللىرى بولغىنى ئۈچۈنمۇ ئۆز يۇرتىدا چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى. پەقەت ئاQلا بۇ موللىلارنى ھۆرمەتلىمەيتتى ۋە ئۆز ئىچىدە «مېنىڭ ئوغلۇم بولسا ئۇلاردىنمۇ كاتتا بولاتتى» دەپ ئويلايتتى.

ئاQ بىرنەچچە قېتىم شەھەرگە كىرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىگە ناھايىتى تەمەننا قىلاتتى. لېكىن ئۇ شەھەرلىكلەرنى ناھايىتى كەمسىتىدۇراتتى. ئۇزۇنلۇقى ئۈچ گەز، كەڭلىكى ئۈچ غېرىچ ياغاچ بەندىڭنى ۋېيجۇاڭلىقلار «بەندىڭ» دەپ ئاتايتتى، ئاQمۇ شۇنداق دەيتتى. شەھەرلىكلەر بۇ بەندىڭنى «ئورۇندۇق» دېسە، ئاQ تۇرۇپ: «بۇ توغرا ئەمەس ... بۇ كالۋالارنىڭ گېپىنى قاراڭ!» دەپ ئويلايتتى. ۋېيجۇاڭلىقلار ياغدا قورۇلغان بېلىقنى قەلەمچە قىلىپ توغرالغان پىياز كۆكى بىلەن ھازىرلايتتى. شەھەرلىكلەر بولسا پىيازنى قىيما قىلىپ توغرايدىكەن، بۇنىڭغا ئاQ يەنە «بۇ توغرا ئەمەس ... بۇ كالۋالارنىڭ قىلىقىنى قاراڭ!» دەپ ئويلايتتى. ۋېيجۇاڭلىقلارمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە شەھەر كۆرمىگەن ناھايىتى قوپال، كالۋا سەھرالىقلار بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇلار ھەتتا شەھەردە بېلىقنى قانداق قورۇيدىغانلىقىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان!

ئاQ ئەسلىدە يۇقىرى بىلىملىك ۋە «ئاتا - بوۋىلىرى دۆلەتمەن» بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى «ناھايىتى چېۋەر»، «مۇكەممەل ئادەم» ئىكەنمىش. بىراق ئۇنىڭ بىرمۇنچە جىسمانىي كەمچىلىكلىرىمۇ تۇرۇپتۇ. خۇسۇسەن ئۇنىڭ بېشىدا قاچاندۇر بىر ۋاقىتتا پەيدا بولۇپ قالغان تەمرەتكىنىڭ تاتۇقلىرى بار ئىدى. ئاQنىڭ ئويىچە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ تاتۇق ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتىگە ياراشمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «تاتۇق»، «تاز» دېگەن سۆزلەردىن خۇدۇك ئالاتتى. ئۇ بارغانسېرى «پايىنەك» ۋە «ئايدىڭ» ھەتتا «چىراغ» ۋە «شام» دېگەن سۆزلەردىنمۇ

خۇدۇك ئالىدىغان بولىدى. ئەگەر كىمكى بۇ سۆزلەرنى ئەتەي ياكى تۇيۇقسىز ئاغزىدىن چىقىرىپ قويسا، ئاQ غەزەپلىنىپ، قىزىرىپ - تاتىرىپ كېتەتتى ۋە ھاقارەت كەلتۈرگەن كىشىنى تىللايتتى، ئەگەر كۈچى يەتكۈدەك كىشى بولسا ئۇراتتى، لېكىن ئاقىۋەتتە، نېمىشقىدۇر ئاQنىڭ ئۆزى تاياق يەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بارغانسېرى ئۆزىنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، دۈشمىنىگە قەھرى - غەزەپ بىلەن كۆزىنىلا ئالايتىدىغان بولدى.

ئاQنىڭ غەزەپ بىلەن كۆز ئالايتىشى ۋېيجۇاڭ بىكار تەلەپلىرىنى تېخىمۇ خۇشال قىلار دەپ كىم ئويلىغان؟ ئۇلار ئاQ نى كۆرۈش بىلەنلا يالغاندىن ھەيران قالغان بولۇپ، «ئايدىڭ بولۇپ قاپتۇغۇ!» دەپ ۋارقىرىشاتتى.

ئاQ غەزەپلەنگەن ھالدا ئۇلارغا كۆزىنى ئالايتاتتى.

ئۇلار ھېچ ئەيمەنمەستىن زاڭلىق قىلىشنى داۋام قىلىپ:

— ھە، پانۇس كەلگەنىكەن - دە، — دەيتتى.

— ھە، سەن تېخى شۇنچىلىكمۇ بولالمايسەن ... — دەيتتى ئاQ دەردىنى ئېلىش ئۈچۈن، گويا ئۇنداق - مۇنداق ئاددىي تازلاردىن ئەمەس، قانداقتۇر بىر خاسىيەتلىك تازلاردەك سۆزلەپ. يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، ئاQ «يۇقىرى بىلىملىك» بولغانلىقى ئۈچۈن، خۇددىكۆمگە تېگىدىغان سۆز ئاغزىدىن چىقىپ كېتىپ قالمىسۇن دەپ، سۆزىنى ئاياغلاشتۇرماي توختىتىۋالاتتى.

لېكىن بىكار تەلەپلەر پەسلىمەيتتى، ئۇلار ئاQ نى تېرىكتۈرۈپ ئاخىرىدا سوقۇش چىقىراتتى. چەتتىن قارى-

ماققا، ئاQ تاياق يېگەن بولۇپ كۆرۈنەتتى: دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ سۇس سارغۇچ چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ، بېشىنى تامغا بىرنەچچە قېتىم ئۇستۇرۇپ، مۇرادىمغا يەتتىم دەپ كېتىـشەتتى. ئاQ بىر پەس ئويـلاپ تۇرۇپ: «مەيلى، ئاتىسى بالىسىدىن تاياق يېگەن بولسۇن، بۇ ئەجەب بىر زامانـھە! ...» دېگەن خۇلاسىگە كېلەتتى، غەلىبە قازانغاندەك پەخىرلىنىپ مېڭىپ كېتەتتى.

ئاQ ئۆزىنىڭ ئويلىغان ئويلىرىنى كېيىنچە ئۆزى ئېيـتىپ سالاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشىدىغان بىكار تەلەپلەر ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىكى غالىبلىق مىجەـزىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك بىلىۋالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئاQ نى چېچىدىن تارتىپ ئۇرغان چاغلىرىدا:

— ھەي ئاQ، مانا بۇ بالا دادىسىنى ئەمەس، ئاـدەم ھايۋاننى ئۇرغىنى جۇمۇ! قېنى ئۆزۈڭ ئېيتقىنا: ئادەم ھايۋاننى ئۇرۇۋاتىدۇ دەپ! — دەيتتى.

ئاQ چېچىنىڭ تۈۋىدىن ئىككى قولى بىلەن مەھـكەم سىقىملاپ تۇتۇۋېلىپ:

— قوڭغۇزنى ئۇرۇۋاتىدۇ، دېسەم قانداق؟ مەن قوڭـغۇز! بولدىمۇ؟! ئەمدىغۇ قويۇۋېتەرسەن؟ — دەيتتى.

ئاQ ئۆزىنى قوڭغۇز دەپ ئىقرار كەلسىمۇ، بىكار تەلەپلەر ئۇنى دەررۇ قويۇۋەتمەي، ئۇنىڭ بېشىنى نېمە توغرا كەلسە شۇنىڭغا يەنە بىرنەچچە ئۇستۇرۇپ، شۇنىڭـدىن كېيىن ئاخىر ئاQ نى شەرمەندە قىلدۇق دېيىشىپ خۇشال كېتىشەتتى. لېكىن ئۇن سېكۇنت ئۆتەـئۆتمەستىنلا، ئاQ مەن يەڭدىم دەپ غالىبىيەت تۇيغۇسى بىلەن روھلىـناتتى. كۆڭلىدە ئۆزىنى خار بولغانلارنىڭ ئارىسىدا كۆتۈـ

رۇشلۇك «بىردىنچى» ئادەم دەپ ھېسابلايتتى ۋە خورلۇق-
نى كۆتۈرەلەيدىغان كۆتۈرۈشلۈك تەرىپىنى ھېسابغا ئالمى-
غاندا، ئۆزىنى يەنىلا «بىرىنچى» چاغلايتتى: ئۇ-
لىما دېگەنىڭ كاتتا موللىلارنىڭ «بىرىنچى» سىغۇ! «سەن-
لەر قانچىلىك نېمىدىڭ؟» دەپ، رەنجىتكۈچىلەرنىڭ كەي-
نىدىن ۋارقىرايتتى.

ئاQ نەپرەتلىك دۈشمەنلىرىنى مانا شۇنداق ئەپچىل ئۇسۇللار بىلەن يەڭگەندىن كېيىن خۇشال بولۇپ، مەي ساتىدىغان دۇكانغا باراتتى. ئۇ يەردە بىرنەچچە پىيالە ھاراق ئىچىپ باشقىلار بىلەن چاقچاقلىشاتتى، تىللىشاتتى، نەتىجىدە يەنە بىر غەلىبە قازانغاندەك بولاتتى، ئاخىرىدا خۇش كەيپ بولۇپ، ئىبادەتخانىغا قايتىپ كېلىپ، باش تەرەپكە ئايىغىنى قىلىپ ئۇيقۇغا چۆكەتتى.

ئەگەر يېنىدا پۇل چۇشۇپ قالسا دەرھال شىشخال ئويناشقا ماڭاتتى. قىمارۋازلار تاۋكا قۇرۇپ ئولتۇرغان بولسا ئاQ تەرلەپ-پىشىپ ئوتتۇرىغا كىرىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلاتتى.

— «كۆك ئەجدىھا»① غا توت يۈز يارماق! — دەپ ۋارقىرىغاندا ئۇنىڭ ئاۋازى ئالاھىدە قاتتىق چىقاتتى.

— ھە! ... مانا ... ئاچتىم! — جەزخور تەرلەپ-پىشقان ھالدا شىشخال سېلىنغان قاچىنى ئېچىپ، — مانا، ئەجدىھا ئەرشكە چىقالمىدى ... قايتىپ كەتتى ... ئۇنىڭغا تەلمۈرگەن ئادەم دەھلىزدە قۇرۇق قالدىلەر ...! ئاQنىڭ يارماقلىرى بۇياققا ئۆتسۇنلەر ...! — دەپ

① بۇ قوش تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەر ئۆز مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى قىمار بەلگىلىرى، — تەرجىمان.

ۋارقىرايتتى.

— «دەھلىز» گە يۈزنى! ... ياق، يۈز ئەللىكنى تىكتىم! — دەپ ۋارقىرايتتى ئاQ.

شۇنداق ۋارقىراپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ پۇللىرى ئاستا - ئاستا ئۆزگە ئوخشاش تەرلەپ - پىشىپ ئويناۋاتقان باشقا قىمارۋازلارنىڭ يانچۇقىغا چۈشەتتى. ئاQ ئۈتتۈرۈپ چەتكە چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ باشقىلار ئۈچۈن ئىچىنىپ - كۆيۈنۈپ، ھەممىسى تارقىغۇچە تاۋكاغا قاراپ تۇراتتى. قىمارۋازلار تارقاشقاندىن كېيىن، ئۇمۇ كېتىشكە قىيالمىغان كۆڭۈلسىز ھالەتتە ئىبادەتخانىغا قايتاتتى - دە، ئەتىسى ئۇيقۇلۇق كۆزلىرى بىلەن يەنە ئىشقا ماڭاتتى.

«بوۋاي ئېتىنى يوقىتىپ قويدى، كىم بىلسۇن، بۇنىڭدىن ياخشىلىق كېلەمدۇ ياكى يامانلىقمۇ؟!» دېگەندەك، ئاQ نىڭ بىرەر قېتىم ئۇتۇۋېلىشى بەختىگە قارشى ھامان ئۆزگە مەغلۇبىيەت ئېلىپ كېلەتتى.

ۋېيجۇاڭدا تاۋاپ سەيلىسى بولغان كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەردى: ئادەتتىكىچە، شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى يېزىدا ئويۇن سەھنىسى ياسالغان ۋە ئۇنىڭ يېنىدا تاۋكالارمۇ قۇرۇلغانىدى. لېكىن سەھنىدە چېلىنغان داپ - دۇمباقلارنىڭ ئۈنى ئاQ نىڭ قۇلىقىغا يىراق بىر يەردىن كېلىۋاتقان سادادەك ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا يالغۇز جەزخورنىڭ ئۈنىلا كىرەتتى. ئاQ قىماردا ئۇتىۋەردى. داچەنلەر تومپۇرغا، تومپۇرلار تەڭگىگە ئايلاندى ۋە بىرپەستىن كېيىن تەڭگىلەر دۆۋىلەندى. ئاQخۇشاللىقىدا قىن - قىنىغا پاتماي كېتىپ:

—«ئەرش» كە ئىككى تەڭگە!—دەپ ۋارقىرىۋەتتى.
ئۇ كىم بىلەن ۋە نېمە ئۈچۈن ئۇرۇش چىقارغىنىنى بىلمەي قالدى. تىل، مۇشت ۋە تېپىك ئاستىدا ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي قالدى، ئېسىنى يىغىپ كۆزىنى ئاچقاندا ئۇنىڭ ئەتراپىدا تاۋكاممۇ، ئادەملەرمۇ يوق. خۇددى بىراۋلار خېلىغىچە مۇشتلىغاندەك، دەسسەپ - چەيلىگەندەك، ئۇنىڭ بەدەن - بەدىنى ئاغرىيتتى. بىرنەچچە ئادەم ھەيرانلىقتا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ بىر نەرسىنى يوقىتىپ قويغاندەك ھېس قىلدى ۋە ئاستا سۆرىلىپ ئىبادەتخانىغا قاراپ كەتتى. ئۇ يەرگە بارغان چاغدىلا ئويدان ھوشىغا كېلىپ، بىرمۇنچە تەڭگىسىنىڭ يوقالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. سەيلىگە يىغىلغان قىمارۋازلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا بۇ يەرلىك ئەمەس ئىدى. ئۇلارنى ئەمدى ئۇ نەدىن ئىزدىسۇن! ...
پارقىراپ تۇرغان ۋە ئۇنىڭ ئۆز قولىغا كىرىپ بولغان بىرمۇنچە تەڭگە پۇتۇنلەي غايىب بولدى! بۇ تەڭگىلەرنى ھارام سۈيدۈكلەر ئېلىپ كېتىپتۇ دەي دېسە تېخى. ئۆزىنى قوغدۇز دەي دېسە تېخى. دېمەك ئاQئەنە شۇ چاغدىلا ئۆز كۆڭلىدە مەغلۇپ بولۇشنىڭ ھەسرىتىنى چەكتى.
لېكىن ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتى بىردەمدىلا يەنە غالىبىيەتكە ئايلاندى: ئۇ ئوڭ قولى بىلەن ئۆز كاچىتىغا راسا كېلىشتۈرۈپ ئىككىنى ئۇردى، ئۇنىڭ مەڭزى قىزىرىپ ئوتتەك يېنىپ كەتتى. خۇددى ئۇ باشقا بىرىنى ئۇرغاندەك بولۇپ كۆڭلى تىنىدى. ئاQنىڭ قىزارغان يۈزى تېخىلا كۆيۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن خۇددى باشقا بىراۋنى ئۇرغاندەك، ئۆز غالىبىيىتىگە تامامەن قانائەتلەنگەن ھال-

دا خاتىرجەم يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

## ئۈچىنچى باب

### غەلىبە ھەققىدە قىسقىچە بايانىنىڭ داۋامى

ئاQ ھەر قاچان غالىب يۈرگەن بولسىمۇ، جاۋ بېگىمدىن بىر كاچات يېگەندىن كېيىنلا ئەلگە تونۇلدى.

ئاQ دورغىغا چاي پۇلى دەپ ئىككى يۈز يارماق بەرگەندىن كېيىن، خاپا ھالدا ئىبادەتخانىدا ياتتى. كېيىن خىيالغا چۆكۈپ: «قانداق زامان بولۇپ كېتىۋاتىدىكىن ـ تاڭ، بالىلىرى دادىلىرىنى ئۇرۇۋاتقىنىنى قاراڭ! ...» دەپ ئويلىدى ۋە جاۋ بېگىمنىڭ ئابروييىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇ ھەر قانچە كاتتا ئادەم بولسىمۇ بەربىر «مېنىڭ بالام ـ دە!» دەپ تەسەۋۋۇر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. خۇشاللىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ «تۇل چوكاننىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىشى» دېگەن مەشھۇر ناخشىسىنى ئېيتىپ، مەي ساتىدىغان دۇكانغا قاراپ كەتتى. لېكىن يولدا ئۇنىڭغا نېمىشقىدۇر جاۋ بېگىم باشقىلارغا قارىغاندا يەنە كاتتا ئادەم بولۇپ تۇيۇلدى.

غەلىتە بىر ئىش، ئاQ جاۋ بېگىمدىن كاچىتىنى يېگەندىن كېيىن، ۋېيجۇاڭلىقلار ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن قاراپ ياخشى مۇئامىلە قىلغاندەك بولۇپ قالدى. ئاQ نىڭ ئۆزى بۇنى مېنىڭ جاۋ بېگىمنىڭ دادىسىدەك بولۇپ قالغانلىقىمدىن بولدى دەپ بىلەتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ سەۋەبى باشقا ئىدى. ۋېيجۇاڭدا بىراۋ-

نى بىراۋ ئۇرسا ھېچگەپ ئەمەس ئىدى. ئەگەر ئۇرۇش ـ تالاش جاۋ بېگىمگە ئوخشىغانلار بىلەن ئالاقىدار بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ گەپ پۈتۈن يېزىغا يېيىلاتتى. شۇنداق قىلىپ تاياق يېگەن ئادەممۇ ئۇرغان ئادەمنىڭ ئابرويى بىلەن شۆھرەتكە ئىگە بولاتتى. ئەيىبنىڭ ئاQدا ئىكەنلىكىدە شەك يوق. نېمىشقا دېسەك، جاۋ بېگىم خاتالاشمايتتى. ئەيىب ئاQدا تۇرسا، يەنە نېمىشقا ھەممىسى ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدى؟ بۇنى بىلىش قىيىن. بەلكى ئاQ ئۆزىنى جاۋ بېگىمگە تۇغقان بولىمەن دەپ ئېلان قىلغىنى ئۈچۈندۇر. ئاQ شۇ سۆزى ئۈچۈن تاياق يېگەن بولسىمۇ، باشقىلار بەلكىم ئۇنىڭ سۆزىدە راست تەرىپىمۇ باردۇر دەپ، نېمىلا بولسا ئۇنىڭغا بىرئاز ھۆرمەت كۆرسەتكەندۇر ياكى كۇڭفۇزى ئىبادەتخانىسىدىكى قۇربانلىققا ئاتالغان كالا ئادەتتىكى چوشقا ياكى قويلارغا ئوخشاش مال بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ۋاقتىدا كۇڭزى پەيغەمبەر دۇئا قىلغانلىقى ئۈچۈن كېيىنكى چاغلاردا مۇخلىسلىرىدىن ھېچكىم ئۇنىڭغا يېقىن بارالمىغاندەك بىر ئىشتۇر.

ئاQ جاۋ بېگىمدىن كاچات يېگەندىن كېيىن، كۆپ يىللار داۋامىدا كۆڭلى خۇش يۈردى.

بىر يىلى، ئەتىيازنىڭ ئوچۇق كۈنى، ئاQ تامامەن مەست ھالدا كوچىدا كېلىۋېتىپ كۈنگەي تەرەپتە، تام تۈۋىدە ئولتۇرغان ساقاللىق ۋاڭنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بېلىگىچە يالىڭاچلىنىۋېلىپ پىت بېقىۋاتاتتى. شۇ زامان ئاQ نىڭمۇ پۈتۈن تېنى قىچىشقاندەك بولدى. ۋاڭ ھەم تاز، ھەم ساقاللىق بولغانلىقتىن ھەممىسى ئۇنى، ساقاللىق

ۋاڭ تاز، دەيتتى. ئاQ بولسا، «تاز» دېگەن سۆزنى ئاغ-
زىغا ئالمايتتى، شۇڭا ۋاڭ تاز دېگەن لەقەمنى دېمەيتتى.
لېكىن ساقاللىق ۋاڭنى كۆزىگە ئىلمايتتى. ئاQنىڭ
ئويىچە، ۋاڭنىڭ تاز بولۇشى ھېچبىر ھەيران بولغۇدەك
ھادىسە ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭ قېلىن ساقىلى ھەددىدىن
تاشقىرى ھەيران بولغۇدەك ۋە نەزەرگە سىغمايدىغان بىر
نەرسە ئىدى. ئاQ ۋاڭنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.
ئەگەر بۇ باشقا كىشى بولغان بولسا، ئاQ ئۇنىڭ قېشىغا
پېتىنىپ كېلىپ، ئىشەنچلىك ئولتۇرالمىغان بولاتتى. ئەمما بۇ —
پەقەت ساقاللىق ۋاڭغۇ! نېمىدىن قورقۇش؟ ئاQ نىڭ قې-
شىغا كېلىپ ئولتۇرۇشى ۋاڭ ئۈچۈن ھۆرمەت ئەمەسمۇ؟
ئاQ مۇ كەمزۇلىنى يېشىپ پىت باققىلى باشلىدى. كەم-
زۇل يېڭى يۇيۇلغانلىقتىنمۇ ياكى ئاQنىڭ دىققەتسىزلى-
كىدىنمۇ، ئۇ ئاران ئۈچ - تۆتلا پىت تاپتى، ساقاللىق ۋاڭ
بولسا كەينى - كەينىدىن پىت تېپىپ ئاغزىغا سېلىپ
گاچ - گاچ چاينايتتى.

ئاQ ئاۋۋال مەيۇسلەندى، كېيىن ئاچچىقى كېلىپ
قالدى: كۆزۈمگە ئىلمايدىغان ساقاللىق ۋاڭنىڭ تاپقان
پىتى شۇنداق نۇرغۇن، مېنىڭ بولسا شۇنچە ئاز! بۇ نې-
مىدېگەن سەتچىلىك! دەپ، ئۇنىڭ يوغان ئىككى پىت تاپ-
قۇسى كېلىۋىدى، لېكىن تاپقىنى بىرلا بولدى. ئۇنىڭغا
يۇنىڭغاندەك، ئۇمۇ يوغان ئەمەس، ئوتتۇرا پىت ئىدى. ئۇ
ئاچچىقى بىلەن ئاغزىغا سېلىپ بىر چاينىۋىدى، قارسلا
قىلىپ قالدى. لېكىن ساقاللىق ۋاڭنىڭكىدەك قاتتىق
قارسىلدىمىدى!

ئاQ نىڭ يۈزى چاچسىز تاقىر باشلىرىغىچە قىزىرىپ

كەتتى، ئۇ كۆڭلىكىنى چۆرۋېتىپ يەرگە توكۇردى - دە: «ھۇ، توك باسقان چۈپرەندە!» دەپ تىللىدى.

— ھەي قوتۇر ئىت! كىمنى تىللاۋاتىسەن؟ — دېدى ۋاڭ نەپرەت بىلەن.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاQ خېلىلا ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ قالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن تەكەببۇرلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇرۇشقاق بىكار تەلەپلەرنى كۆرگەندە ئۇلاردىن قورقاتتى. لېكىن ھازىر، بۇ يۈك بېسىپ كەتكەن ئەبلەخ كىمنى مەنسىتمەيدۇ؟! دەپ، ناھايىتى باتۇرلۇقى تۇتۇپ كەتتى.

— كىم ئۆزىگە ئالغان بولسا شۇنى تىللاۋاتىمەن! — دەپ ئاQ ئورنىدىن تۇرۇپ بېلىنى كەگەنلەپ تۇردى.

— نېمە؟ سېنىڭ دۈمبەڭ قىچىشىپ قالدىمۇ؟ — دېدى ۋاڭمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كۆڭلىكىنى كىيىۋېتىپ.

ۋاڭنى قېچىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدىغۇ دەپ ئويلاپ، ئاQ مۇشتۇمىنى توگۈپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. لېكىن ئۇ مۇشت ئاتقۇچە ۋاڭ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ ئالدىغا بىر تارتىۋىدى، ئاQ يىقىلىپ چۈشتى. شۇ زامان ساقاللىق ۋاڭ ئۇنىڭ چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ يەنە ئىلگىرىكىدەك بېشىنى تامغا ئۇستۇرمەكچى بولۇپ سۆرەپ ماڭدى.

— ياخشى ئەر قولى بىلەن ئەمەس، سۆز بىلەن ئېلىشىدۇ، — دېدى ئاQ قايرىلىپ.

لېكىن ساقاللىق ۋاڭ «ياخشى ئەر» بولمىسا كېرەك. ئاQنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، ئۇنىڭ بېشىنى تامغا بەش قېتىم ئۇستۇرگەندىن كېيىن بىر ئىتتىرىۋىدى، بىر نەچچە قەدەم يەرگە دومىلاپ چۈشتى. ئاخىر يەنە خۇمار-

دىن چىققاندەك بولۇپ ئۆز يولىغا ماڭدى.

ئاQ ئۆز خاتىرىسىدە بىر قېتىممۇ مۇنداق خار بولغىنىنى بىلمەيتتى. ۋاڭ ئۆزىنىڭ يىرگەنگۈدەك رەسۋا ساقىلى بىلەن ھەرقاچان ئاQدىن دەشنەم يېسە يېگەنكى، ھەرگىز ئاQغا سۆز ياكى قول تەگكۈزۈپ باققان ئەمەس ئىدى. مانا بۈگۈن قانداقتۇر قولىنى تەگكۈزدى! بۇ غەيرىي بىر ھال! ئەتىمالىم، بازاردىكىلەرنىڭ، پادىشاھ ئىمتىھان ئېلىشنى توختىتىپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭغا ئوقۇمۇشلۇق موللا ئادەملەرنىڭ كېرىكى يوق ئىكەن، دەپ يۈرگىنى راست بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن جاۋ بېگىملەرنىڭ ئابرويى ئانچە قالمىغان بولسا كېرەك، بەلكى ئاQنىڭ ئېتىبارسىز بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ مانا شۇنىڭدىندۇر؟

ئاQ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇراتتى.

يىراقتىن كېلىۋاتقان بىر كىشى كۆرۈندى. بۇ ئاQنىڭ ناھايىتى ئۆچ كۆرىدىغان يەنە بىر دۈشمىنى، چيەن بېگىمنىڭ ئوغلى ئىدى. بىر ۋاقىتلاردا ئۇ شەھەرگە كېتىپ پەرەڭلەر مەكتىپىگە كىرگەن، كېيىن قانداقتۇر ياپونىيىگە كېتىپ قالغان. يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئاياغلىرى رۇسلىنىپ قالغان، ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىرى چۈشۈرۈلگەن ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئانىسى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە يىغلاپ يۈردى، خوتۇنى بولسا دەردكە چىدىماي ئۈچ قېتىم ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلىدى. كېيىن ئۇنىڭ ئانىسى قەيەرگىلا بارسا:

— قانداقتۇر بىر بولمىغۇر ئىنساپسىزلار بالامغا ھاراق ئىچكۈزۈپ مەست قىلىپ قويۇپ چېچىنى كېسىۋېتىپتۇ، بولمىسا، ئۇ چوڭ ئەمەلدار بولاتتى، ئەمدى چېچى

ئۆسكۆچە كۆتۈپ تۇرىدىغان بولدۇق، — دەپ يۈردى.

لېكىن ئاQ ئۇ گەپلەرگە ئىشەنمەيتتى، ئۇنى «يالغان پەرەڭ» ياكى «چەت ئەلگە باغلانغان ئادەم» دەپ يۈرەتتى ۋە ھەرقاچان ئۇنى يىراقتىن كۆرۈش بىلەنلا دەررۇ ئىچىدە تىللىغىلى باشلايتتى.

ئاQ چيەن بېگىمنىڭ ئوغلىنىڭ يالغان چېچىغا ئېختمۇ «نەپرەت ۋە لەنەت» قىلاتتى. ئەگەر ئادەمنىڭ چېچى يالغان بولسا، دېمەك ئۇ ئادەمدە تىرناقچىلىكمۇ ئادەملىك سالاھىيەت يوق؛ ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئۆزىنى تۆتىنچى قېتىم قۇدۇققا تاشلىمىغىنى بولسا، ئۇنىڭ ياخشى ئايال ئەمەسلىكىنىلا ئىسپادىلەيدۇ.

«يالغان پەرەڭ» يېقىن كېلىپ قالدى.

— تاقىرباش ... ئېشەك! ... — ئاQ ئۇنى ھەرقاچان ئىچىدىلا تىللايتتى، لېكىن بۇ دۆرەم ئاQ ئۆچ ئېلىشنى ئارزۇ قىلىپ خاپىلىقىدا ئىختىيارسىزلا ئاغزىدىن چىقىرىۋەتتى.

«يالغان پەرەڭ» سارغۇچ سىرلانغان تاياقنى — ئاQ «ھازىدارلار تايىقى» دەپ ئاتىۋالغان تاياقنى — كۆتۈرۈپ ئاQ تەرەپكە ماڭدى. ئاQ ئۇنىڭ ئۇرغىلى كېلىۋاتقىنىنى بىلىپ، شۇمشىيىپ ھۇجۇمنى كۈتۈپ تۇردى. دېگەندەكلا ئۇنىڭ بېشىغا «قارس» قىلىپ تاياق تەگدى.

— مەن ئاۋۇنى تىللىغانىدىم! — دەپ ئاQ ئېندۋالدى ۋە نېرىدىراق يەردە تۇرغان بىر بالىنى كۆرسەتتى. لېكىن تاياق كەينى - كەينىدىن تېگىۋەردى.

ئاQنىڭ خاتىرىسىدە بۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىدا ئىككىنچى قېتىم خورلۇق كۆرۈشى ئىدى. ئۇنىڭ بەختىگە، ئۇرۇش

توختىغاندىن كېيىن ئۇ گويا بىرەر ئىشنى پۈتتۈر-
گەندەك يېنىكلىشىپ قالدى. ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان
قىممەتلىك مىراس — «ئۇنتۇش» يەنە كۈچ قىلدى - دە،
ئاستا قاۋاقخانىغا قاراپ ماڭدى. دۇكانغا كەلگەندە ئۇ
خۇش كەيپ ۋە شاد ئىدى.

بۇ يەردە ئۇ خانىقادا تۇرىدىغان ياش بۇۋىنىڭ
كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئادەتتە ئاQ ئۇنى ئۇچ-
رىتىش بىلەن تىللاپ - تۈكۈرۈپ ئۆتۈپ كېتەتتى. مانا
ئەمدى ئۆمرىدە ئىككىنچى قېتىم شەرمەندە ۋە خار بولغان-
دىن كېيىنچۇ؟ ئۆتكەن ئىشلار كۆز ئالدىغا كېلىپ يەنە
كەيپى ئۆرلىدى.

«نېمىگە بۈگۈن مېنىڭ ئىشىم ئىلگىرى باسمايدىكىن
دېسەم، ئالدىمغا سەن كېلىۋېتىپتىكەنسەن - دە!» دەپ
ئويلىدى ئۇ ۋە ئالدىغا بېرىپ غەزەپ بىلەن شارتتىدە
تۈكۈرۈۋەتتى.

ياش بۇۋى پەسەنت قىلماي بېشىنى تۆۋەن سالغى-
نىچە مېڭىۋەردى. ئاQ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، تۇيۇقسىزلا
قولىنى سوزۇپ، ئۇنىڭ يېڭى چۈشۈرۈلگەن بېشىنى سىلاپ:

— تاقىرباش! ئىلدام ماڭ، سېنى شەيخ كۈتۈپ
تۇرىدۇ، — دېدى كۈلۈپ.

ياش بۇۋى پوكاندەك قىزىرىپ:

— قولۇڭنى تارت! ... — دېدى - دە، ئىلدامراق
بېسىپ ماڭدى.

قاۋاقخانىدىكىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى. ئاQ ئۆزىنىڭ بۇ
قىلىقىنىڭ باشقىلارغا ياققانلىقىنى كۆرۈپ گۆلقەقەلىرى
تېخىمۇ ئېچىلىپ:

— شەيخ چېقىلسا بولىدىكەن، مەن چېقىلسام بول-
مامدىكەن؟ — دەپ، ياش بۆۋىنىڭ مەڭزىنى چىمدىۋالدى.
قاۋاقخانىدىكىلەر تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتى.
ئالQ تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، قاراپ تۇرغانلارغا تېخىمۇ يېقىش
ئۈچۈن ئۇنى تېخىمۇ قاتتىقراق چىمدىۋېلىپ ئاندىن قويۇ-
ۋەتتى.

ئۇ بۇ كۆرەشتە خۇددى بۇگۈنكى مەغلۇبىيەتلىرىنىڭ
ئۆچىنى بىردىنلا ئالغاندەك، ساقاللىق ۋاكىنىمۇ، «يالغان
پەرەڭ» نىمۇ ئۇنتۇپلا كەتتى. بىردىن ئۇنىڭ بەدىنى
«قارس» قىلىپ تاياق يېگەندىن كېيىنكىدىنمۇ بەكرەك يېيىپ-
يىنىك بولۇپ، ئۇچۇپ كېتەي دەپ تۇرغاندەك بولۇپ
كەتتى.

ئالQ قېچىپ كېتىپ بارغان بۆۋىنىڭ:
— ھۇ ... نەسلى قۇرغىيۇر ئالQ! — دېگەن يىغا
ئارىلاش ئاۋازىنى ئاڭلىدى.
ئالQ خۇشال، قاقاقلاپ كۈلۈپ قالدى، مەي دۇكىنى-
دىكىلەرمۇ قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

## تۆتىنچى باب
## مۇھەببەت پاجىئەسى

كىمدۇر بىرى: بىرمۇنچە غالىبلار بار، ئۇلار ئۆز
دۈشمەنلىرىنى يولۋاسقا ياكى لاچىنغا ئوخشاش بولسا ئىكەن
دەپ تىلەيدۇ، دېگەنىكەن. مانا شۇنداق بولغان ھالەت-
تىلا ئۇلار ئۆز غالىبىيىتىگە قانائەتلىنىدىكەن. ئەگەر
دۈشمىنى قوي ياكى چۈجىگە ئوخشاش بولسا، غالىب ئۆز

غالىبىيەتىنى ھېچبىر مەنىسىز دەپ تاپىدىكەن. بەزى غالىبلار غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئۆلگەنلەرنىڭ ئۆلگىنىنى، قولغا چۈشكەنلەرنىڭ قولغا چۈشكىنىنى ۋە: «تەقسىر ھەزرەتلىرىنىڭ ئالدىدا ئەيىبلىكمەن، ئۆلۈمگە لايىقمەن» دەپ قۇللۇق قىلغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، دۈشمىنىمۇ، دوستىمۇ توگەپ يالغۇز قالغاندا، خۇشاللىقىنىڭ ئورنىغا غالىبىيەت نادامىتىگە چۆمىدىكەن. بىزنىڭ ئاQ ئۇنداق قايغۇغا چۆممەيتتى، ئۇ ھەرقاچان ئۆزىدىن ئۆزى خۇش ئىدى: ئېھتىمال بۇ ھال جۇڭگو مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ پۈتۈنلەي يەر يۈزىدىكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغاندۇ!

ئاQنىڭ يېنىكلەپ خۇددى ھازىرلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك تۇرغانلىقىنى قاراڭلار!

لېكىن ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى غالىبىيىتىنىڭ ئاقىۋىتى باشقىچىرەك بولۇپ چىقتى. ئۇ يېنىكلەپ بىر ھازا لەيلەپ يۈرگەندىن كېيىن ئاخىر ئىبادەتخانىغا كىردى. ئۇ كۆندىكىدەك يېتىپلا خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كېتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ كېچىسى كىرپىك يۇمۇپ ئۇخلىمىقى قىيىن دەپ كىممۇ ئويلىغان؟ ئۇنىڭدا غەلىتە بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى: ئۇنىڭغا قولىنىڭ بارماقلىرى ئاۋۋالقىغا قارىغاندا سىلغىيىپ قالغاندەك تۇيۇلدى. كىم بىلىدۇ، بەلكى ئۇنىڭ بارماقلىرىغا ھېلىقى چوكاننىڭ يۈزىدىكى سىلىق بىر نەرسە چاپلاشقاندۇر ياكى ئۇنىڭ يۈزىنى چىمدىغانلىقتىن سىلغىيىپ كەتكەندۇر ...

«نەسلى قۇرغۇر ئاQ!» دېگەن سۆز يەنە ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ «راست ... ئادەمگە ئايال

كېرەك. نەسلى قۇرۇغان كىشىگە ھېچكىم بىر چىنە ئاشمۇ بەرمەيدۇ ... ئادەمگە ئايال كېرەك، «بەندە ئۈچۈن ئۈچ چوڭ يامانلىقنىڭ بىرىنچىسى پەرزەنت كۆرمەسلىكتۇر» دېگەن گەپ بار» دەپ ئويلىدى. «ھۇقۇشتەك يالغۇز قالغان ئادەمدىن شەيتانمۇ قاچىدۇ» ئەلۋەتتە. بالىسىزلىق — ئادەم ئۈچۈن چوڭ دەرد. ئاQ نىڭ خىيالى دانىشمەنلەر بىلەن ئەۋلىيالارنىڭ ۋەسىيىتىگە توغرا كېلىپ تۇراتتى. لېكىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئەۋلىيالارنىڭ تەلىپىگە قارشى ئىش قىلىپ قويغىنىلا يامان بولدى.

«خوتۇن ... ئايال» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

«شەيخ چېقىلسا بولىدىيۇ، ... ئايال! ... ئايال! ...» دەپ ئويلىدى يەنە.

بۇ كېچىسى ئاQنىڭ قايسى ۋاقىتتا ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى بىز ئېنىق ئېيتالمايمىز. لېكىن ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ بارماقلىرىنىڭ بىرئاز سىلغىيىپ قالغانلىقىنى ئېسىدىن كۆتۈرەلمەي بىر ئاز لەيلەپ يۈرگەن بولسا كېرەك. شۇڭا «ئايال ...» دەپ ئويلىغاندۇ.

ئاياللارنىڭ خەيرىندى بالاخور ئىكەنلىكىنى مانا شۇنىڭ ئۆزىدىنلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئەگەر ئاياللار زامىن بولمىغان بولسا، جۇڭگودا ئەركەكلەرنىڭ تولىسى ئەۋلىيا بولۇپ كەتكەن بولار ئىدى. شاڭ سۇلالىسى داجى دېگەن ئايالنىڭ كاساپىتىدىن ۋەيران بولدى، جۇ سۇلالىسى باۋسىنىڭ كاساپىتىدىن يوقالدى، چىن سۇلالىسى ... بۇ توغرۇلۇق تارىختا ئېنىق ئىسپات بولمىغان بىلەن، ئۇنىمۇ ئاياللارنىڭ كاساپىتىدىن ۋەيران بولدى دەپ ئويلاش ئانچە خاتا بولمىسا كېرەك. دۇڭ جاۋ-

نىڭ بېشىغا دياۋشەننىڭ چىققانلىقىدىمۇ شەك يوق.

ئاQمۇ ئەسلىدە ئەخلاقلىق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ قايسى ئوقۇمۇشلۇق ئۇستازدىن تەلىم ئالغانلىقى بىزگە مەلۇم بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ «نامەھرەم» لىكتىن قەتئىي ئېھتىيات قىلاتتى. خۇسۇسەن ياش بوۋۋى ياكى «يالغان پەرەڭ» گە ئوخشاش كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلەيدىغان جىگىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ تەلىماتى شۇنداق ئىدى: قانداقلا بوۋۋى بولسا بولسۇن، سۆزسىز ئۇنىڭ شەيخ بىلەن چاتىقى بولىدۇ، ئۆيىدىن تاشقىرىغا چىققان ھەر بىر ئايال، سۆزسىز، ئۆزىگە بىر ئاشىقنى جەلپ قىلىشقا تىرىشىدۇ، ئەگەر ئايال قەيەردىلا بولمىسۇن ئەر كىشى بىلەن گەپلەشسە، ئەلۋەتتە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چاتاق بار. ئاQنىڭ ئايالىلارغا كۆز ئالايتىپ قارىشى ياكى جېنىغا تېگىدىغان سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى چېقىۋېلىشى، ئەڭ بولمىغاندا خالىيدا ئارقىسىدىن تاش ئېتىشى — ئۇنىڭ ئايالىلارنى ئەدەبلىگەنلىكى ئىدى.

ئاQ ئەقىل توختاتقاندا، بوۋۋى چوكان ئازدۇرىدۇ دەپ كىم ئويلىسۇن؟ شەرىئەتتە كۆڭۈلنى غۇلغۇلىغا سېلىش ھارام دېيىلىدىغۇ؟ دېمەك ئايالىلار ھەقىقەتەن بالاخور. ئەگەر ياش بوۋۋىنىڭ يۈزى شۇنچىلىك سىلىق بولمىغاندا، ئاQ ئازمىغان بولاتتى، ئەگەر ئۇ يۈزىگە بىرەر نەرسە پۈركەنگەن بولسا، ئاQمۇ ئازمىغان بولار ئىدى. بۇ ۋەقەدىن بەش - ئالتە يىل ئىلگىرى ئاQ سەھنە ئالدىغا يىغىلغان تاماشىبىنلار توپىغا كىرىۋېلىپ بىر ئايالنىڭ يانپېشىنى چىمدىۋالغان، ئۇنىڭ تامبىلى بولغاچقا، ئاQنىڭ كۆڭلى سۇيۇلمىغانىدى. لېكىن ياش بوۋۋىگە

كەلگەندە ئۇنداق بولماي قالدى. بۇمۇ ناچىنىسىنىڭ بالا-
خورلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«ئايال! ...» دەپ ئويلايتتى ئاQ.

ئاQ «ئۆزىگە بىر ئاشىقنى جەلپ قىلىشقا تىرىشىدۇ»
دەپ ھېسابلىغان ئاياللارغا قاراپ يۈرىدىغان بولدى، لې-
كىن ئۇلار ئاQغا مېيىقىدىمۇ كۈلۈپ قويمايتتى، ئۇ
ئاياللارنىڭ ھەر بىر سۆزىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ
تىڭشايدىغان بولدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئىش -
پەش تارتىدىغان بىرەر ئېغىز سۆزمۇ چىقمايتتى. ئوھۇ،
بۇمۇ ئاياللارنىڭ يامانلىقىنىڭ بىر تۈرى: ئۇلارنىڭ ھەم-
مىسى يالغان «مەستۇرە» بولۇۋالغان.

بىر كۈنى ئاQ جاۋ بېگىمنىڭ ئۆيىدە گۈرۈچ ئاق-
لاپ، كەچقۇرۇنلۇق تاماقتىن كېيىن، ئاشخانىدا غاڭزا بى-
لەن تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. ئەگەر ئۇ باشقا بىر ئۆي-
دە بولغان بولسا، كەچقۇرۇنلۇق تاماقتىن كېيىن قايتىپ
كېتەتتى. جاۋ بېگىمنىڭ ئائىلىسىدىمۇ كەچقۇرۇن-
لۇق تاماق بالدۇرراق يېيىلەتتى. ئادەتتە تاماق يەپ بول-
غاندىن كېيىنلا چىراغ باندۇرماي ئۇخلىشاتتى، لېكىن
ئاندا - ساندا چىراغ ياندۇرىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولاتتى.
بىرىنچىدىن جاۋ بېگىمنىڭ ئوغلى تېخى موللىلىق دەرىجە-
سىگە ئىگە بولمىغان ۋاقىتتا كىتاب ئوقۇش ئۈچۈن چىراغ
ياقاتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئاQ ئۇلارنىڭكىدە كۈنلۈك ئىش
بىلەن كەلگەندە گۈرۈچ ئاقلىسۇن دەپ چىراغ ياقاتتى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئاQ يەنە گۈرۈچ ئاقلاشقا كىرىشىشتىن ئىل-
گىرى ئاشخانىدا تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى.

جاۋ بېگىمنىڭ ئۆيىدە ئۇما دېگەن يالغۇز بىر

خىزمەتكار ئايال بار ئىدى. ئۇ قاچا - قومۇچنى يۇيۇپ بولۇپ بەندىڭدە ئولتۇرۇپ ئاQ بىلەن پاراڭ سېلىشقا باشلىدى.

— بىزنىڭ خېنىم ئىككى كۈن بولدى ھېچنېمە يېمەيدۇ، چۈنكى بېگىم توقالىلىققا قىز سېتىۋالماقچى ...

«ئۇما ... ئايال ... ئاھ، جېنىم چوكىنىم ...» دەپ ئويلىدى ئاQ ئۇنىڭغا قاراپ.

— كىچىك خېنىم سەككىزىنچى ئايدا تۇغىدۇ ...

«ۋاي ... ئايال ...» دەپ ئويلىدى ئاQ ۋە ئاغزىدىن غاڭزىسىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— كىچىك خېنىم ...— دەپ ئۇما تىنماستىن ۋالاقلىماقتا ئىدى.

ئاQ تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىغا تىز چۆكتى:

— كەل، بىللە ياتايلى!

بىر پەس ئاشخانا جىمجىت بولدى، ئاۋۋال ئۇما ھەيران بولۇپ قېتىپلا قالدى، كېيىن تىترەپ «ۋاي ئاللا!» دەپ ۋارقىراپ، ئاشخانىدىن يۈگۈرۈپ قېچىپ چىقىپ كەتتى، ھەتتا ئۇ يىغلاپمۇ كەتسە كېرەك.

ئاQ نېمە قىلارىنى بىلمەي تامغا قاراپ تىز پۈكۈپ ئولتۇرغان بويىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئاخىر، بىر كېلىشمەسلىك بولدى دەپ بەندىگىنى تۇتۇپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى، يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. خىجالەتچىلىكتە مەڭدەپ، غاڭزىسىنى بېلىگە قىستۇرۇپ، يەنە گۈرۈچ ئاقلاشقا كىرىشمەكچى بولۇۋىدى، كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ بېشىغا بىر كالتەك ئۇردى. ئۇ چاپسان بۇرۇلۇپ كەينىگە قارىدى:

ئۇنىڭ يېنىدا قولىغا بامبۇك تاياق تۇتقان موللا تۇراتتى.

— نېمە سەن؟ تۇزۇمنى يەپ تۇزلۇقـۇمغا ... ھۇ سېنى! ...

ئۇزۇن تاياق يەنە ئاQنىڭ بېشىغا كېلىپ تەگدى. ئۇ قولى بىلەن بېشىنى توسۇۋېلىۋىدى، تاياق قولىغا تەگدى، تايـاق تېخىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئىشىكتىن قېچىپ كېتىپ بارغـاندا ئۇنىڭ دۈمبىسىگىمۇ تەگكەندەك قىلىپ قالدى.

موللا ئۇنىڭ كەينىدىن:

— ھەي خۇمسى! — دەپ ئەپەندىچە تىللىدى.

ئاQ يۈگۈرگەن پېتى گۈرۈچ ئاقلايدىغان يەرگە كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ قولى تېخىچىلا ئاغرىـپ تۇراتتى، «خۇمسى» دېگەن سۆز ئېسىدىن چىقمىدى. چۈنكى ۋېيجۇاڭ دېھقانلىرى ھېچقاچان مۇنداق سۆزلەر بىلەن تىللاشمايتتى. ئۇ تىل پەقەت ئەمەلدارلار بىلەن ئالاقىدار بولغان كاتتا كىشىلەر ئارىسىدىلا قوللىنىلاتتى. شۇڭا ئاQ بۇ تىلدىن ناھايىتى قورقتى. چۈنكى ئۇنىڭغا ناھايىتى قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. «ئايال ...» دېگەن خىياللىرى ئاللىقاياقلارغا كەتتى. تايـاق يەپ، تىل ئىشىتىپ بولغاندىن كېيىن، گويا بىر ئىشى تامام بولغاندەك خاتىرجەم ھالەتكە كېلىپ گـۈرۈچ ئاقلاشقا كىرىشتى، بىر ئاز ئىشلەپ تەرلىگەندىن كېيىن كۆڭلەكنى سېلىۋەتتى.

شۇ چاغدا ئۇنىڭغا تاشقىرىدىن بىر ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاڭلاندى. ئۆمۈربويى ھەر تۈرلۈك غوۋغا - جېدەلگە قىزىقىپ كەلگەن ئاQ ۋاڭ - چۇڭ چىققان يەرگە قاراپ ئالدىراپ مېڭىپ، ئاخىرى جاۋ بېگىمنىڭ ئىچكىرىكى ھوي-

لىسىغا كىرىپ قالـدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسىگە سەپسالدى. ئۇ يەردە:جاۋ بېگىم-نىڭ بالا - چاقىلىرى، ھەتتا ئىككى كۈن تاماق يې-مىگەن ئايالى، قوشنىسى زۇچـى ئايىم ۋە ئۇرۇق - تۇغ-قانلىرىدىن جاۋ بەيىيەن بىلەن جاۋ سىچىڭ تۇراتتى.

كىچىك خېنىم ئۇمانى ئۆيىدىن سۆرەپ چىقىپ كېلىۋېتىپ:

— بۇ ياققا چىق! ئۆيگە كىرىۋېلىپ ئۆلۈۋالما...— دېدى.

— سېنىڭ پاك ئىكەنلىكىڭنى ھەممىسى بىلىدۇ ... ھەرگىز كەم ئەقىللىك قىلما! — دەپ زۇچى ئايىم بەزلىدى.

ئۇما بىرنېمىلەر دەپ يىغلاۋاتاتتى، لېكىن ئۇنىڭ سۆزىنى ئۇققىلى بولمايتتى.

«قىزىق، نېمىشقا شۇنچە غوۋغا چىقىرىۋاتىدىكىن بۇ تۇل چوكان؟» دەپ ئويلاپ قالدى ئاQ ۋە ئۇقۇپ باقماق-چى بولۇپ جاۋسىچىڭنىڭ يېنىغا كەلدى.

لېكىن ئاQ جاۋ بېگىمنىڭ ئوغلىنىڭ يەنە بايىقى تاياقنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى. ئاQ ئاش-خانىدا موللىدىن تاياق يېگەنلىكى مانا مۇشۇ ۋاڭ - چۇڭ-غا باغلىق ئىكەنلىكىنى پەملىدى - دە، ئىش ئورنىغا قايت-ماقچى بولۇپ ئىشككە ئۆزىنى ئاتتى. لېكىن تاياق ئۇ-نىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى. كېيىن ئۇ دەررۇ كەينىگە يې-نىپ، ئارقىدىكى دەرۋازىدىن قېچىپ كەتتى ۋە بىر ئاز-دىن كېيىن ئۆزىنىڭ-ئىبادەتخانىسىغا يېتىپ كەلدى.

دېمىسى باسقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بويى جۇغۇلداپ

موزلاپ كەتكەندەك بولدى. ئەتىياز پەسلى بولسىمۇ كەچـ
قۇرۇنلۇقلىرى سوغۇق، تېخى يالاڭ يۈرۈش ۋاقتى
كەلمىگەنىدى. شۇ زامان كۆڭلىكىنىڭ جاۋنىڭ ئۆيىدە
قالغانلىقى يادىغا چۈشتى ۋە باراي دەپ تەمشىلىپ، لېكىن
ھېلىقى مولىنىڭ تايىقى ئېسىگە چۈشتى - دە، يالتايدى.

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا دورغا كىرىپ كەلدى:

— ھەي ئاQ، ھۇ ئاناڭنى! ... ئەمدى سەن جاۋ
بېگىمنىڭ خىزمەتكارىغىمۇ ساقال تاشلاپ يۈردۈڭمۇ؟ ھۇ
توز كور! سېنىڭ كاساپىتىڭدىن مانا مەنمۇ ئۇيقۇسىز قالـ
دىم ... ھۇ ئاناڭنى! ... — دەپ ۋارقىراپ تىللاشقا باشـ
لىدى. ئاQنىڭ ھېچنېمە دېيىشكە ئىمكانىيىتى بولمىدى.

ئاخىر كەچ بولۇپ قالغانلىقتىن، دورغىغا شاراب ئۇـ
چۈن ئادەتتىكىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ — تۆت يۈز يارـ
ماق بېرىشكە توغرا كەلدى. ئاQدا ئاقچا يوق بولغاچقا،
گۆرۈگە ئۆزىنىڭ قالپىقىنى تۇتۇپ بەردى. بۇنىڭدىن تاشـ
قىرى ئۇ مۇنداق بەش شەرتكە ماقۇل بولدى:

بىرىنچىدىن، ئەتىسىگىلا بىر جىڭ كېلىدىغان بىر
جۈپ قىزىل شام، بىر باغلام ئىسرىق ئېلىپ بېرىپ، جاۋ
بېگىمدىن ئەپۇ سورايدىغان بولدى.

ئىككىنچىدىن، جاۋنىڭ ئائىلىسى ئۇمانى ئۆلۈۋېلىش
شەيتىنىدىن ساقلاش ئۈچۈن داخان چاقىرماقچى، شۇنىڭغا
چىققان خىراجەتنى تۆلەيدىغان بولدى.

ئۈچىنچىدىن، بۇنىڭدىن كېيىن جاۋ بېگىمنىڭ بوسۇـ
غىسىدىن ئاتلىماسلىققا ۋەدە بەردى.

تۆتىنچىدىن، ناۋادا ئۇماغا بىر نېمە بولىدىغان بولـ
سا، ئۇنىڭغا جاۋابكار بولىدىغان بولدى.

بەشىنچىدىن، قىلغان ئىشىنىڭ ھەققىنىمۇ، ئۇنتۇلۇپ قالغان كۆڭلىكىنىمۇ دەۋا قىلمايدىغان بولدى.

ئەلۋەتتە، ئاQ بۇ شەرتلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلدى، لېكىن ئاقچىسىنىڭ يوقاڭقى يامان بولدى. ئۇنىڭ بەختىگە ئەتىياز بولۇپ، ئۆز ۋەدىلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئىككى مىڭ يارماققا تۇتۇپ بەرگەن يوتقىنىسىزمۇ كۈن كەچۈرۈشكە بولىدىغان مەزگىل كەلگەنىدى. ئۇ كۆڭلىكىنى يوقىتىپ ۋە جاۋ ئائىلىسى ئالدىدا باش ئېگىپ، شام ۋە ئىسىرىق ئەكېلىپ بەرگەندىن كېيىن، بىرنەچچە تىيىنى قالغانىدى، قالپىقىنى ئېلىۋېلىش ئېسىگىمۇ كەلمەي، ھەممىسىگە ھاراق ئىچىۋەتتى.

جاۋ ئائىلىسى شام بىلەن ئىسىرىقنى ئېھتىيات ئۈچۈن ئېلىپ قويدى؛ چۈنكى خېنىم ھەر يىلى ئىبادەتخانىغا بارغاندا كېرەك قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئاQنىڭ كۆڭلىكىنى كىچىك خېنىمنىڭ سەككىزىنچى ئايدا تۇغۇلىدىغان بالىسى ئۈچۈن زاكا قىلىپ، قالغان - قاتقىنىنى بېشىغا دەرد كەلگەن ئۇما خەيگە چەم قىلىۋالدى.

## بەشىنچى باب
## تىرىكچىلىك مەسىلىسى

جاۋ بېگىملەر ئائىلىسىگە بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن ئاQ ئادەتتىكىچە ئىبادەتخانىغا قايتىپ كەلدى. كۈن ئولتۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ئەجەب بىر ئىش بولۇۋاتقاندەك بىلىندى. ئويلىنىپ بۇنىڭ سەۋەبى دۈمبىسىنىڭ يالىڭاچ قالغانلىقىدىن ئىكەنلى-

كىنى سەزدى. يىرتىلىپ كەتكەن بىر كالىتا چاپىنىنىڭ قالغىنىنى ئېسىگە ئېلىپ، شۇنى يېپىنىپ يېتىپ قالدى. ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچقاندا، تامنىڭ غەربىي تەرىپىگە كۈن نۇرىنىڭ چۈشكەنلىكىنى كۆردى، ئورنىدىن تۇرۇش بىلەنلا، «ئاناڭنى ...» دېگىنىچە كوچىغا كېزىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى ئەسكى چاپان كۆڭلەكسىز تۇرغىنىغا قارىغاندا بىر ئاز ئارام بەرگەن بولسىمۇ، يەنە ئۆپچۆرىسىدە ئەجەب بىر ئىش بولۇۋاتقاندەك بىلىندى. شۇ كۈندىن باشلاپ ۋېيجۇاڭدىكى ھەممە ئايال-لار ئۇنىڭدىن قاچىدىغان بولدى، ئۇلار ئاQ نى كۆرۈش بىلەنلا، دەررۇ ئۆزلىرىنى چەتكە تارتىپ دەرۋازا ئارقىلى-رىغا يوشۇرۇنىدىغان بولدى. ئەللىك ياشلارغا كېلىپ قال-غان زوۋچى ئايىم چېغىدا ئاQدىن قاچاتتى، ھەتتا ئۆز-نىڭ ئون بىر ياشلىق قىزىنىمۇ يېتىلەپ دالدىغا ئالغۇچە ئالدىراپ كېتەتتى. بۇنىڭ ھەممىسىگە ئاQ ناھايىتى ھەي-ران بولدى. «نېمىشقا بۇ نېمىلەر مەستۇرەلەرنىڭ ئادى-تىگە كىرىۋالغاندەك قىلىق قىلىشىدۇ؟ ھۇ رەسۋا جالاپ-لار ...» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئاQغا دۇنيادا ئاجايىپ بىر ھادىسىلەر بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى. بىرىنچىدىن، قاۋاق-خانىدا ئۇنىڭغا نېسىگە ھاراق بېرىشنى توختاتتى؛ ئىك-كىنچىدىن، ئىبادەتخانىنى باشقۇرغۇچى بوۋاي ئۇنى ئىبا-دەتخانىدىن قوغلىغاندەك قىلىپ سىپسىق گەپ قىلىدىغان بولدى؛ ئۈچىنچىدىن، قانچە كۈن بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، لېكىن ھەرھالدا خېلىدىن بۇيان ئۇنى ھېچ-كىم مەدىكارلىققا چاقىرمايدىغان بولدى. قاۋاقخانىنىڭ

نىسسگە ھاراق بەرمىگەننىگە بىرنىمىلەر قىلىپ چىداشقا بولاتتى، بوۋاينىڭ سىسىق گېپىمۇ مەيلى، كوتۇلداپ ــ كوتۇلداپ توختاپ قالاتتى. بىراق ئىشقا چاقىرىدىغان ئادەم چىقمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاچ قىلىۋاتاتتى، بۇ Qئا ئۈچۈن ھەقىقەتەن «ئاناڭنى ...» دەيدىغان ئىش بولۇپ قالدى.

Qئا بۇ ھالغا چىدىيالمىدى ۋە ئۆزىنىڭ كونا يال ـ لىغۇچىلىرىغا ئىش سوراپ باردى. ئۇنىڭ جاۋىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىشىغا رۇخسەت يوق ئىدى. بىر قىزىق ئىش شۇكى، ئۇ قەيەرگىلا بارسا، ئۇنىڭ ئالدىغا پەقەت ئەرلەر چىقىپ، گويا قەلەندەرنى ھەيدىگەندەك ئاچچىقى بىلەن:

— يوق! ئىش يوق! كەت! — دەپ قوللىرىنى سىلكىيتتى.

Qئا ھەيران بولاتتى، «تېخى يېقىندىلا ھەرقايسى تالىشىپ ياردەمگە چاقىراتتى. ھازىرمۇ ئىش يوق ئەمەس تۇر، بۇ يەردە بىر گەپ بار» دەپ ئويلىدى. سۈرۈشتۈ ـ رۈپ يۈرۈپ ئۇلارنىڭ شياۋ Don نى ئىشقا چاقىرىدىغان بولغانلىقىنى بىلدى، بۇ شياۋ D ئورۇق، دەرمانسىز، كەم ـ بەغەل ئىدى، ئۇ Qئا نىڭ نەزەرىدە ساقاللىق ۋاڭدىنمۇ پەس كىشى ئىدى. بۇ پىنىدەك Qئا نىڭ ئىشىغا توپا سال ـ دۇ دەپ كىممۇ ئويلىغان؟ Qئا نىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى. ئۇ كوچا بويلاپ كېتىۋېتىپ غەزەپلەنگەن ھالدا قوللىرىنى سىلكىشتۈرۈپ: «قولۇمدا سىم قامچا، ئۇرۇپ يىقىتاي دەيمەن سېنى» دەپ ناخشا ئېيتىپ يۈرەتتى.

ئاخىر، بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن Qئا چيەن بېگىمنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى توغرا تامنىڭ تۈۋىـ دە شياۋ D نى ئۇچراتتى. «رەقىبلەر ئۇچراشقاندا قۇيقا چېچى تىك تۇرىدۇ» دېگەندەك، Qئا ئېتىلىـدى. شياۋ D مۇ توختاپ قالدى. Qئا رەقىبىگە نەپرەت بىلەن كۆز تاشـلىدى ـ دە، ئاغزىدىن تۈكۈرۈك چاچراتقان هالدا:

ــ هۇ ئېشەك! ــ دەپ ۋارقىرىدى.

ــ مەن قوڭغۇز، قۇرت ... بولدىمۇ؟ــ دەپ جاۋاب بەردى شياۋ D.

لېكىن بۇ كەمتەرلىك Qئا نىڭ ئاچچىقىنى تېخىمۇ كەلتۈردى. ئۇ قولىدا سىم قامچا بولمىغانلىقتىن، ئېتىلىپ بارغىنىچە شياۋ Dنىڭ چېچىغا ئېسىلدى.

شياۋ D بىـر قولى بىلـەن ئۆز چېچىـنى قوغداپ، ئىككىنچى قولى بىلەن Qئانىڭ چېچىنى تۇتۇۋالدى. Qئاـ غا ئۆزىنىڭ بوش قولـى بىلەن ئۆز چېچىنـى قوغـداشقا توغرا كەلدى. ئىلگىرى Qئانىڭ نەزەرىدە شياۋ D هېچـ قانچە بىر نەرسـە ئەمەس ئىدى. لېكىن ئەمدى ئاچ يۈـ رۈپ، جۈدەپ، مادارى قۇرۇپ كەتـكەن Qئاغا تۈيۈقسىز كۈچلۈك رەقىبكە ئايلانغان شياۋ Dنىڭ ئەدىبىنى بېرىش ئوڭاي بولمىدى. تۆت قول ئىككى كۈكۈلىغا چاڭگال سالـ غان هالدا، چيەن بېگىمـنىڭ ئۆيىنىڭ ئاق تېمىغا دورـ غىغا ئوخشاش كۆلەڭـگە چۈشۈرۈپ، توغـرا يىرىم سائەت تىرەجىشىپ تۇردى. كۆرگەنلەر خۇددى بۇلارنى ئاجراتـ قاندەك:

ــ بولار! بولار ئەمدى! ــ دەپ ۋارقىرىدى. باشقىلىرى تۇتۇشۇپ قالغانـلارنى ئاجراتقىنىمىكىن

ياكى ماختىغىنىمىكىن ۋە ياكى ئۇلارنى دەي ـ دەي قىلـ
غىنىمىكىن: «پاھ ـ پاھ!» دەپ تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىرىشاتـ
تى. لېكىن قىزغىن كۆرەشكە كىرىشكەن رىقابەتچىلەر ھېچـ
كىمنىڭ سۆزىنى تىڭشىمايتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى يېـ
ڭەلمىدى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئاQ بىر قەدەم ئىلگىرى باسـ
دۇ، شۇ چاغدا شياۋ D بىر قەدەم كەينىگە چېكىنىدۇ،
ئىككىلىسى تۇرۇپ قالىدۇ ـ دە، كېيىن شياۋ D بىر قەـ
دەم ئىلگىرى باسقاندا ئاQ چېكىنىپ، يەنە ئىككىسىلا بىر
ئورۇندا قېتىپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ يەنە يېرىم سائەتـ
چە ۋاقىت ئۆتتى (ۋېيجۇاڭدا قوڭغۇراقلىق سائەت ئاز ئىـ
دى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئېنىق ئېيتىش قىيىن، بەلكى بارى ـ
يوقى يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندۇر). ئۇلارنىڭ چاچلىرىدىن
تۈتۈن چىققاندەك بولدى، ماڭلايلىرىدىن تەر تامچىلىرى
ئاقماقتا ئىدى ... ئاخىر ئاQ قويۇۋەتتى، شۇ زامان
شياۋ D مۇ قولىنى قويۇۋەتتى. ئۇلار ئىككىسى تەڭلا باش
كۆتۈرۈپ، تەڭلا بىر ـ بىرىدىن كەينىگە داجىپ توپ
ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى.

— خەپ ئالدىرىماي تۇر، ئاناڭنى ...! — دەپ ۋارقىرىدى ئاQ ئارقىسىغا قاراپ.

— خەپ، سېنىڭمۇ ئېسىڭدە بولسۇن، ئاناڭنى! — دېدى شياۋD مۇ ئارقىسىغا قاراپ.

بۇ «ئەجدىھا بىلەن يولۋاسنىڭ ئېلىشىشى» دا ياكى غالىبىيەت ياكى مەغلۇبىيەت يۈز بەرگەنـ
دەك بولمىدى. بۇنى كۆرگەنلەر خۇماردىن چىققانمۇ ـ يوقمۇ ـ
بەلگىسىز، ئۇلار بۇ توغرۇلۇق ئۆز پىكىرلىرىنى ئېيتمىدى!

پەقەت شۇلا مەلۇمكى، ئاQنى يەنىلا ھېچكىم ئىشقا چاقىرمىدى.

بىر كۈنى، كۈن ئىسسىپ يازنىڭ خۇش بۇي پۇرىقىنى كەلتۈرىدىغان يۇمشاق شامال يەلپۈپ تۇرغاندا، ئاQنى تۇيۇقسىز بىر تىترەك باستى. بۇنىڭغا بىرنىمىلەر قىلىپ چىداشقا بولاتتى. لېكىن قورساق ئاچ! ئاQ يوتقان، قالپاق ھەم كۆڭلەكلەردىن ئايرىلغىنىغا خېلى بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن پاختىلىق كالتا چاپىنىنىمۇ سېتىۋەتتى، ئەمدى يالـغۇز ئىشتىنىلا قالدى. لېكىن ئۇنى سېتىۋېتىشكە ھېچبىر مۇمكىنچىلىك يوق ئىدى. ئۇنىڭدا داشقا بىرسىگە پېتەك قىلىش ئۈچۈن بەرسە بولىدىغان، ھېچكىم بىر تىيىنغا ئالمايدىغان بىر يىرتىق پەشمەت قالغانىدى. ئاQنىڭ يولدىن ئاقچا تېپىۋالغۇسى كېلىپ يۈرگىنىگە ئۇزۇن بولـدى، لېكىن تېپىۋالالمىدى. ئۇ شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كەمـبەغەل كاتىكىدىن ئاقچا تېپىۋېلىش خىيالىنى سۈرۈپ يۈرـدى. لېكىن ئۆپچۆرىسىگە قانچە قارىسىمۇ كاتىكىدە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. مانا ئەمدى ئاQ ئوزۇق ئىزدەپ ماڭـماقچى بولدى. كوچىدا «ئوزۇق ئىزدەپ» يۈرۈپ، ئۆزىگە تونۇش مەيخانىلارنى، جىڭمومىلارنى كۆرۈپ قالدى، لېكىن ئۇلارغا قاراپ توختاش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئىلەشنى ئويلاپمۇ قويماي ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىزدەيدىـغىنى باشقا نەرسە ئىدى. ئۇ نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېخى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

ۋېيجۇاڭ يېزىسىنىڭ بازىرى چوڭ ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاQ ئۇنى بىردەمدىلا ئارىلاپ چىقتى. يېزىدىن چىققاندىن كېيىن ئېتىزلىقلار باشلاندى. كۆك

مايىسلارغا قارىساك، تالغان كۆزۈك دەم ئالغاندەك بولاتـ
تى. ئاQغا يىراقتا قىممىرلاپ يۈرگەن قارا - قۇرىسلار
كۆرۈندى، بۇ ئىتىزلىقتا يۈرگەن دىھقانلار ئىدى. ئاQ بۇ
ئىشچان دىھقانلارغا كۆڭۈل بۆلمەي ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ بۇ
يولدا ئۆزىگە ئوزۇق تاپالماسلىقىنى بىلەتتى. ئاخىر ئۇ
خانىقانىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى.

ئەتراپ يەنە شۇ ئىتىزلار بىلەن ئورالغان، كۆك
مايىسلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاق تام ئاشكارا كۆرۈنۈپ
تۇراتتى. خانىقانىڭ ئارقىسىدىكى پاكار تامنىڭ كەينىدە
كۆكتاتلىق بار ئىدى. ئاQ ئېھتىيات بىلەن ئۆپچۆرىسىگە
قارىدى ۋە ئەتراپتا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، يۆگىـ
مەچكە ئوخشاش ئۇچ تارتىپ ئۆسكەن بىر نەرسىگە يامىـ
شىپ پاكار تامغا چىققىلى باشلىدى. لېكىن تامنىڭ كېسەكـ
لىرى ئۇۋۇلۇپ چۈشەتتى، ئاQنىڭ پۇتلىرىمۇ دىر -
دىر تىترەيتتى. ئاخىر ئۇ بىر تۈپ ئۈجمىنىڭ پۇتىقىنى
تۇتۇۋېلىپ كۆكتاتلىققا سەكرەپ چۈشۈپ كەتتى.

كۆكتاتلىقنىڭ ئىچى كۆكلەمىيدان ئىدى، ئۇ يەرـ
دە يەپ - ئىچكۈدەك ھېچ نەرسە — يا ھاراق، يا جىگموما
ۋە ياكى باشقا نەرسە يوق ئىدى. غەرب ياقتىكى تام
تەرەپتە بامبۇك ئۆسۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سويىلىرى كۆپ
بولغان بىلەن قايىنتىپ پىشۇرمىسىغۇچە يېگىلى بولمايتتى،
قىچا دان تۇتۇپ كەتكەن، زىغىرمۇ يېگىدىن چېچەكلىگەن،
پالەك بولسا پىشىپ ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

ئاQ خۇددى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالغان موللىـ
دەك غەمكىن ھالەتتە كۆكتاتلىقنىڭ دەرۋازىسى تەرەپكە
قاراپ ماڭدى ۋە بىردىنلا خۇشاللىقىدىن تۇرغان ئورنىدا

قېتىپ قالدى: ئۇ كۆك تۇرۇپ تىرىلغان ئىتىزنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغانىدى.

لېكىن ئاQ ئەمدىلا بىر كۆك تۇرۇپنى يۇلۇپ ئالاي دەپ ئېڭىشكەندە، دەرۋازىدىن بىرىنىڭ دۈگىلەك بېشى چىقىپ كېيىن يەنە يوقاپ كەتتى. ئۇ ياش بۇۋى ئىدى. ئاQ بۇۋى - پۇۋى دېگەن بىرنېمىلەرنى خەسچىلىك بۇ كۆرمەيتتى. لېكىن تۇرمۇشتا «ئېھتىياتلىق بولۇش» كېرەك. ئۇ دەررۇ تۆت تال تۇرۇپنى يۇلۇۋېلىپ، يوپۇرماقلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، بۇ ئولجىسىنى چاپىنىنىڭ ئېتىكىگە سېلىۋالدى. شۇ ئارىدا قېرى بۇۋى پەيدا بولدى.

— ۋاي خۇدايىم، ۋاي خۇدايىم! ھەي ئاQ ... سەن نېمە دەپ بىزنىڭ كۆكتاتلىققا كىردىڭ؟ تۇرۇپ ئوغرىلىغىلىمۇ؟ ... ۋاي تووۋا، گۇناھ بولىدۇ. خۇدايا تووۋا! — دېدى.

— قاچان سېنىڭ كۆكتاتلىقىڭغا ئوغرىلىققا كىرىپتىمەن؟ — دەپ ئاQ چىقىدىغان ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— مانا ھازىرچۇ ... بۇ نېمە! — دەپ موماي ئۇنىڭ ئېتىكىنى كۆرسەتتى.

— بۇ سېنىڭمىدى؟ ئەمىسە كارامىتىڭ بولسا بۇنىڭغا دېگۈزۈپ باققىنا! سەن ...

ئاQ سۆزىنى تۈگەتمەيلا ئىشىك تەرەپكە يۈگۈردى. ئۇنىڭ كەينىدىن يوغان قارا ئىت قوغلاپ ماڭدى. ئۇ ئىت ھەرقاچان ئالدىنقى ھويلىدا تۇراتتى، ھازىر قانداق قىلىپ باغقا كىرىپ قالغانلىقى نامەلۇم ئىدى.

ئىت ئاQنىڭ كەينىدىن قوغلاپ قاۋاپ يۈگۈردى.

ئۇنىڭ پاقالچىقىدىن چىشلەشكە ئاز قالغاندا، بەختىگە ئېتىكىدىن بىر تال تۇرۇپ چۈشۈپ كېتىۋىدى، ئىت قورققىنىدىن توختاپ قالدى. ئاQ شۇ پەيتتە ئۈجمىگە چىقىۋالدى - دە، ئۇ يەردىن تامغا ئارتىلىپ، ئۆزىنى تۇرۇپ بىللە تاشقىرىغا ئاتتى. دەرەختكە قاراپ ھاۋشۇۋاتقان قارا ئىت ۋە «ۋاي خۇدا، توۋا» دەپ ۋارقىرىغان قېرى بوۋى تامنىڭ نېرىقى تەرىپىدە قالدى.

ئاQ، بوۋى ئىتنى قويۇۋەتمىگىدى، دەپ قورقۇپ، كۆك تۇرۇپلىرىنى يىغىۋېلىپ ئۆز يولىغا ماڭدى ۋە قولىغا بىرنەچچە تاش ئېلىۋالدى.

لېكىن ئىت كۆرۈنمىدى. ئاQ تاشلارنى تاشلىۋېتىپ، ئالدىرىماي تۇرۇپنى يەپ ماڭدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ بېشىغا: ئەمدى ۋېيجۇاڭدا بىرەر نەرسە تېپىلمايدىغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە شەھەرگە كەتكەن ياخشى، دېگەن ئوي كەلدى.

ئۈچىنچى تۇرۇپنى يەپ بولغىچە، ئۇ شەھەرگە كېتىشكە بېلىنى باغلاپ بولدى.

## ئالتىنچى باب
## ھالاۋەتتىن ھالاكەتكە

ئاQ شۇ يىلى كۈز بايرىمىدىن كېيىن ۋېيجۇاڭدا يېڭىباشتىن پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى ئاڭلاپ ھەممە ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ نەگە كېتىپ قالغانلىقىنى ئەسلەشكە باشلىدى. ئىلگىرى ئاQ شەھەرگە بارماقچى بولسا، ھەممىگە خۇشاللىق بىلەن خەۋەر قىلاتـ

تى. لېكىن بۇ قېتىمدا ئۇنداق قىلمىغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ كەتكىنىنى ھېچكىم سەزمەي قالغانىدى. بەلكى ئۇ ئىبادەتخانىدىكى بوۋايغا بىرەر سىرىنى ئېيتقاندۇر. لېكىن ۋېيجۇاڭلىقلار شۇنداق ئادەتلىنىپ قالغانكى، پەقەت جاۋ بېگىم، چيەن بېگىم ياكى موللا جانابلىرىغا ئوخشاش كىشى- لەرنىڭلا شەھەرگە بېرىشى ئېغىزغا ئېلىناتتى. «يالغان پەرەڭ» مۇ بۇ كىشىلەرنىڭ قاتارىدا تىلغا ئېلىنمىغان يەر- دە، ئاQ تېخىمۇ تىلغا ئېلىنمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بوۋاي بۇ يېڭىلىقنى تارقىتىپ ئولتۇرمىغان ۋە ۋېيجۇاڭلىقلارمۇ بىلمەي قالغان بولسا كېرەك.

لېكىن ئاQنىڭ بۇ قېتىم قايتىپ كېلىشى ئىلگىرىكىدىن كۆپ پەرقلىق بولۇپ، ھەقىقەتەن ھەيران قالغۇدەك بىر ئىش بولدى. ئۇ ئۇيقۇسىرىغان ھالدا قاۋاقخانا ئالدىغا كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ پوكەينىڭ ئال- دىغا بېرىپ، بېلىدىن بىر ئوچۇم كۈمۈش تەڭگە ۋە مىس تىيىن ئېلىپ پوكەينىڭ ئۈستىگە تاشلىدى:

— نەق تۆلەيمەن! قېنى ھاراقنى قۇي!

ئۇنىڭ ئۇچىسىدا يېڭى چاپان بار ئىدى، پوتىسى- نى تۆۋەن بېسىپ تۇرغان، لىق چىڭدالغان يوغان چەن- دازىسىمۇ بار ئىدى. ئادەتتە ۋېيجۇاڭلىقلار بىر ئاز سا- لاپەتلىك ئادەملەرگە باشقىچە قارايتتى، لېكىن ھۆرمەتلەيت- تى. ھازىر ئاQنى تونۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىل- گىرىكى يىرتىق كەمزۇللۇق ئاQ غا ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، قەدىمكىلەرنىڭ «مۆتىۋەر ئادەم ئۈز يۈرتىدىن ئۈچ كۈن باشقا بىر يەرگە بېرىپ كەلسە، ئۇنىڭغا باشقى- چە قاراش كېرەك» دېگىنىدەك، ھەممە ئادەم — دۇكاندار-

لارمۇ، خەزمەتكارلىرىمۇ، قاۋاقخانىدىكى خېرىدارلارمۇ، ئۆتۈپ كېتىپ بارغانلارمۇ ئاQغا بىر ئاز گۇمان ئارىلاش ھۆرمەت بىلەن قارىدى. دۇكان ئىگىسى ئاۋۋال سالام بېرىپ ئاندىن كېيىن:

— ۋاھ، ئاQ، قايتىپ كەپسىز! — دېدى.

— قايتىپ كەلدىم.

— دۆلەتلىكسىز زىيادە بولسۇن! قۇللۇق! سىز نەدە ...

— شەھەردە بولدۇم!

بۇ يېڭىلىق ئەتىسىگىلا پۈتكۈل يېزىغا تارالدى ۋە يېزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى نەق پۇللۇق ۋە يېڭى چاپانلىق ئاQنىڭ روناق تېپىش تارىخىنى بىلىشكە قىزىقىشقا باشلىدى. كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى بارا - بارا مەيخانىدىمۇ، ئىبادەتخانا پېشايۋىنى ئالدىدىمۇ سۈرۈشتۈرۈپ بىلدى. نەتىجىدە ھەممىسى ئاQدىن ئەيمىنىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان بولدى.

ئاQ چوڭ موللا جانابىنىڭ ئۆيىدە ئىشلىگەنلىكىنى ئېيتقاندا، ۋېيجۇاڭلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىززەت - ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن قارىدى. بۇ چوڭ موللىنىڭ فامىلىسى بەي ئىدى. لېكىن شەھەر بويىچە شۇ بىرلا چوڭ موللا بولغاچقا، ئۇنىڭ فامىلىسىنى ئاتاشنىڭمۇ ھېچ ھاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى «چوڭ موللا» دەپ ئېيتىشنىڭ ئۆزى شۇ جانابنى بىلدۈرەتتى. پەقەت ۋېيجۇاڭلىقلار ئارىسىدىلا ئەمەس، ئەتراپتىكى يۈز چاقىرىم يىراقلىقتىكى يەرلەردىمۇ شۇنداق ئىدى. ھەممە ئادەم چوڭ موللا دېگەن سۆزنى شۇ كىشىنىڭ ھەم ئىسمى، ھەم فامىلىسى دەپمۇ

ھېسابلايتتى. شۇنداق كىشىنىڭ ئائىلىسىدە خىزمەت قىـ
لىش دېگەن گەپ بوش گەپمۇ! يالغۇز شۇ خىزمەتتى ئۇچۇنـ
مۇ ئاQ چوڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولاتتى. لېكىن ئاQ
نىڭ سۆزىچە، ئۇ ئۆزى چوڭ موللىغا خىزمەت قىلىشنى
ياراتمىغانمىش، چۈنكى ئۇ چوڭ موللا ناھايىتى «ئاناڭنى ...»
مىش. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغانلار ھەسرەت بىلەن ئاھ ئۇـ
رۇشتى، لېكىن شۇنىڭ بىللە خۇشالمۇ بولۇشتى:
بىر تەرەپتىن ئۇلار ئاQ چوڭ موللا جانابىنىڭ ئۆيىگە مۇناـ
سىپ ئادەم ئەمەس دەپ ھېسابلايتتى، ئىككىنچى تەرەپـ
تىن، ئاQنىڭ ئۇ يەردە ئىشلىمەسلىكى ئەپسۇسلىنارلىق
ئىش، دەيتتى.
ئاQنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ۋېيجۇاڭغا قايتىپ كېلىـ
شىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، شەھەرلىكلەر ئۇنىڭ كۆڭلىگە
ياقمىغانمىش. ئۇلار بەندىڭنى ئورۇندۇق دەپ ئاتارمىش،
بېلىق قورۇغاندا پىيازنى ئۇششاق توغراپ ئارىلاشتۇرارـ
مىش. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ يېقىندا كۆزىتىپ بىلىشىچە،
شەھەر ئاياللىرى كوچىدا ناھايىتى سەت تايىتاڭلاپ ماڭارـ
مىش. لېكىن ئاQ شەھەرلىكلەرنىڭمۇ ئۆز خۇسۇسىيەتلىرى
بار ئىكەنلىكىگە ئىقرار كېلەتتى. مەسىلەن، ۋېيجۇاڭلىقلار
بامبۇكتىن ياسالغان ئوتتۇز ئىككى تال جۇپەي①نى ئويناـ
دۇ، پۈتۈن يېزىدا ماجاڭنى پەقەت «يالغان پەرەڭ» لا
بىلىدۇ. شەھەردە بولسا ھەتتا چەرەندىلەرمۇ بۇ ئويۇنلارـ
غا مۇتەخەسسىس. «يالغان پەرەڭ» ئەگەر ئاشۇ شەھەردىكى
ئون نەچچە ياشلىق شۇمتەكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالـ
دىغان بولسا، ئۇلارنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ...

① جۇپەي — قىمار قوراللىرىنىڭ بىر تۈرى.

شۇ پارچىلارنى تىڭشاپ تۇرغانلار نادامەت قىلدى.

— سىلەر باش كەسكەننى كۆرگەنمۇ؟ — دەپ بىردىنلا سورىدى ئاQ، — ۋاھ، قالتىس پەيزى! مەن شەھەردە ئىنقىلابچىلارنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلۇپ چېپىلغانلىقىنى كۆردۈم ... كۆرمىگەن ئادەم ئارماندا قالىدۇ!...

ئۇ بېشىنى چايقاپ، ئالدىدا تۇرغان جاۋسىچېننىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىۋەتتى. تىڭشاپ تۇرغانلار چۆچۈپ كەتتى. لېكىن ئاQ ئۆپچۆرىسىگە قاراپ قويۇپ تۇيۇقسىز قولىنى كۆتۈردى - دە:

— مانا شۇنداق «شارت» قىلىدىكەن! — دەپ، بويىنىنى سوزۇپ تىڭشاپ تۇرغان ساقاللىق ۋاڭنىڭ گەجگىسىگە بىرنى قويدى.

ساقاللىق ۋاڭ چۆچۈگىنىدىن دەررۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ كېيىن چېكىندى. بۇ ۋەقە ھەممىنى خۇشاللاندۇردى ۋە تەشۋىشلەندۈردى. ساقاللىق ۋاڭ بىرنەچچە كۈن ئۆزىگە كېلەلمەي يۈردى ۋە ئاQنىڭ يېنىغا كېلىشكە پېتىنالماس بولدى. يالغۇز ئۇلا ئەمەس، قالغانلىرىمۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئاQغا يېقىن كېلىشكە پېتىنالمايدىغان بولدى.

ۋېيجۇاڭلىقلارنىڭ ئالدىدا ئاQ ناھايىتى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ جاۋ بېگىمنىڭ دەرىجىسىدەك دەرىجىگە ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولدى دېسەكمۇ ئارتۇق بولمايدۇ.

بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئاQنىڭ شۆھرىتى ۋېيجۇاڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىچكىرىكى ھۇجرىلىرىغىمۇ مەلۇم بولدى. پۈتكۈل يېزا بويىچە پەقەت جاۋ بېگىم بىلەن چيەن بېگىمنىڭ ئۆيلىرىلا ئاشىيانە ئۆيلەر بولۇپ،

ئاياللارغا خاس ھۆجرىلىرى بار ئىدى. باشقىلارنىڭ ئۆيلىرى ئومۇمەن، ئاددىي ئۆيلەر ئىدى. ھۆجرا ھەرھالدا ھۆجرا - دە. شۇڭا ئاQنىڭ شۆھرىتى ھۆجرىلارغا يېتىپ بارغانلىقىمۇ كارامەت بىر ئىش. ئاياللار بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، زۇچى ئايىمنىڭ ئاQدىن كۆك يىپەك كۆڭلەك سېتىۋالغانلىقى ۋە بۇ كۆڭلەك كىيىلگەن بولسىمۇ، توقسان داچەن بېرىپ سېتىۋالغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىشەتتى. بۇنىڭدىن باشقا جاۋ بەيبەننىڭ ئانىسىمۇ (باشقىلارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، جاۋسىچېننىڭ ئانىسى — بۇ تېخى ئېنىق ئەمەس) قىزىل پەرەڭ شايىسىدىن تىكىلگەن، يېڭى دېگۈدەكلا بىر كىچىك بالا كۆڭلىكىنى ئۈچ شوينا داچەنگە سېتىۋاپتۇ دېيىشەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ۋېيجۇاڭ ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى بىر ئامال قىلىپ ئاQ بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ كويىدا ئىدى. بەزىبىرلىرى ئاQدىن يىپەك كۆڭلەك، بەزىلىرى پەرەڭ شايىسىدىن تىكىلگەن كۆڭلەك سېتىۋېلىشنى خالايتتى. ئەمدى ئۇلار ئاQنى كۆرسە قاچماي، ئۆزلىرى ئۇنى چاقىرىپ توختىتىۋېلىپ:

— ئاQ، سىزدە يىپەك كۆڭلەك يوقمۇ؟ ئەگەر بولمىسا، شايى بولسىمۇ بولىدۇ، بارمۇ؟ — دەپ سورايدىغان بولدى.

زۇچى ئايىمنىڭ سېتىۋالغان نەرسىلىرى توغرىسىدىكى خەۋەر ئادەتتىكى ئۆيلەردىن باي خېنىملارنىڭ ھۆجرىلىرىغىمۇ يەتتى. زۇچى ئايىم خۇشاللىقىدا جاۋ بېگىمنىڭ تەتىيىگە يىپەك كۆڭلەكنى كۆرۈپ بېقىشقا ئېلىپ بارغاندى، تەتەي بۇنى ئۆز ئېرىگە ئېيتىپ بېرىپ كۆڭلەكنى

ناھايىتى ماختىدى. جاۋ بېگىم كەچقۇرۇنلۇق تاماق ئۇس-
تىدە موللا ئوغلى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئاQ-
نىڭ پەيلى يامان، ئىشىك ۋە دېرىزىلەرنى مەھكەمرەك
يېپىپ يېتىش كېرەك، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. لېكىن
ئۇنىڭ سېتىۋېلىشقا بولغۇدەك ياخشىراق بىر نەرسىسى
بارمىكى، بەلكىم باردۇر، دېدى. جاۋ تەتەينىڭ ئەرزانراق،
لېكىن قامىدىن تىكىلگەن ياخشى كەمزۇل ئالغۇسى كەل-
دى. ئائىلە كېڭەشمىسىدە زۇچى ئايىمغا چاپسانلىق
بىلەن ئاQ نى تېپىپ كېلىش ئىشى تاپشۇرۇلدى ۋە
بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يەنە بىر يېڭى قائىدە چىقاردى: شۇ
ئاخشىمى چىراغنىمۇ ياندۇرۇپ قويدى.

بىر تالاي ياغ كۆيۈپ كەتتى، ئەمما ئاQ تېخىچىلا
يوق ئىدى. جاۋ بېگىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئەسنەك باس-
قان ھالدا ئۇنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى. ھەممىسى
ئاQنى ۋە شۇنچە كېچىككىنى ئۈچۈن زۇچى ئايىمنى تىل-
لىغىلى باشلىدى. جاۋ تەتەي بولسا، ئاQ ئەتىيازدا ئۇما
بىلەن چاتاق تۇغدۇرغان، شۇڭا ئېھتىيات قىلىپ كەلمەس-
مىكىن دەپ ئەندىشە قىلدى. لېكىن جاۋ بېگىم بۇ ئەندى-
شىنى ئاساسسىز دەپ ھېسابلايتتى. چۈنكى ئاQنى «ئۆ-
زۈم» قىچقارتتىم دەيتتى. دېگەندەكلا بۇ دورەم ئۇنىڭ
سۆزى توغرا بولۇپ چىقتى. ئاخىر ئاQ زۇچى ئايىم بى-
لەن بىللە كىرىپ كەلدى.

— بۇ ئادەم يوق، يوقلا دەيدۇ، مەن ئۆزۈڭ بېرىپ
ئېيتقىن دېسەم، يەنە شۇنداق دەپ تۇرىۋالدى. مەن مۇن-
داق ... — دەپ زۇچى ئايىم ئىشىكتىن كىرە - كىرمەيلا
ۋالاقلاشقا باشلىدى.

— بېگىم، — ئاQ كۆلۈمسىرىگەندەك قىلىپ پىشايۋان ئاستىدا تۇرۇپ سۆزلىدى.

جاۋ بېگىم يېقىن كېلىپ ئاQغا باشتىن - ئاياغ كۆز يۈگۈرتۈپ:

— سېنى باي بولۇپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، ياخشى بوپتۇ ... ھە ... سېنىڭدە بەزى كونا نەرسىلەر بار دەيدىغۇ ... ئەكېلىپ كۆرسەتسەڭ قانداق ... ئەندىشە قىلما، بەلكى ماڭا لازىملىقى چىقىپ قالار ... — دەپ ئاQنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— مەن زۇچى ئايىمغا ئېيتتىمغۇ ... ھەممىنى سېتىۋەتتىم ...

— سېتىۋەتتىم؟ شۇنداق چاپسانما؟ — دېدى ئۇ خۇددى چۆچۈگەندەك قىلىپ.

— مېنىڭ تونۇشۇمنىڭ نەرسىلىرى ئىدى، ئازراقلا نەرسە ئىدى ... بەزىلەر بىرئاز سېتىۋېلىشتى ..

— يەنە ئاز - پاز باردۇر؟

— يالغۇز بىر پارچە ئىشىك پەردىسىلا قالدى.

جاۋ تەتەي ئالدىراشلىق بىلەن:

— ئىشىك پەردىسىنى ئەكەلگىن ... كۆرۈپ باقايلى! — دېدى.

— بوپتۇ، ئەتە ئېلىپ كېلەرسەن، — دېدى جاۋ بېگىم ئانچە قىزىقماي، — بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر نەرسە قولۇڭغا چۈشسە، ئالدى بىلەن بىزگە ئەكېلىپ كۆرسەت ...

— بىزمۇ باشقىلاردىن كەم باھا بەرمەيمىز، — دەپ قويدى موللا.

موللىنىڭ ئايالى بۇ سۆزنىڭ ئاQ غا تەسىر قىلغان-قىلمىغىنىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى.

— ماڭا قىشلىق قاما كەمزۇل كېرەك، — دېدى جاۋ تەتەي.

ئاQ ناھايىتى سۇس ۋەدە قىلىپ چىقىپ كەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ راست ياكى يالغان ئېيتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بۇ ئەھۋال جاۋ بېگىمنىڭ بارلىق ئۈمىدىنى يوقاتتى. خاپىلىق ۋە ئەندىشە تۈپەيلى، ئۇنىڭ ئەسنەكلىرىمۇ توختاپ قالدى. موللىغىمۇ ئاQنىڭ قىلىقلىرى ياقمىدى. شۇڭا ئۇ بۇ «بەتبەخت» تىن ھەزەر قىلىش كېرەكلىكىنى ۋە ئاQنى ۋېيجۇاڭدا تۇرغۇزماسلىق توغرىسىدا دورغىغا تاپىلاپ قويۇش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. لېكىن جاۋ بېگىم مۇنداق چارىنىڭ ئاداۋەت تۇغدۇرۇشى مۇمكىنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇنداق ئەمەل بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرگەن كىشىلەر «ئۆز ئۇۋىسىنىڭ ئۆپچۆرىسىدىن ئوزۇق ئىزدىمەيدىغان بۈركۈت»كە ئوخشايدىغانلىقىنى، شۇڭا بۇ يېزىدا خەۋپلىنىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى، پەقەت كېچىسىلا سەگەكرەك بولۇش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. موللا بۇ «ئۆي نەسىھىتى» نى تىڭشاپ بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى ۋە شۇ زامان ئاQنى قوغلاتتۇرۇش نىيىتىدىن قايتتى. ئۇ زۇچى ئايىمغا، بۇ سۆزلەرنى ھېچكىمگە ئېيتمىغىن، دەپ جېكىلىدى.

زۇچى ئايىم ئەتىسىگىلا كۆك يېپەك كۆڭلىكىنى باشقا رەڭگە بويىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاQ توغرىسىدا بولغان گۇمانلىرىنىمۇ كۆرگەنلا كىشىگە ئېيتىشۋەردى، لېكىن ئۇ موللىنىڭ ئاQنى يېزىدىن قوغلىۋەتمەكچى بولغانلىقى

توغرىسىدا تىنىمىدى.

ئاQنىڭ بەختسىزلىنىشى مانا شۇنىڭدىن باشلاندى. ئالدى بىلەن دورغا كېلىپ ئۇنىڭ ئىشىك پەردىسىنى تارـ تىۋالدى. ئاQ پەردىنى جاۋ تەتەي كۆرۈپ باقماقچى بولـ غانلىقىنى ئېيتسىمۇ، قايتۇرۇپ بەرمەك تۇگۇل، دورغا ھەقـ قى ئۇچۇن ھەر ئايدا ئاددەتچىلىك قىلىپ پۇل تۆلەپ تۇرۇشقا ۋەدە ئالدى. ئۇنىڭدىن قالسا ۋېيجۇاڭلىقلارنىڭ ئاQ غا بولغان مۇناسىۋىتىمۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇلار ئۇنى مەنسىتمەيدىغان بولدى، ئۇنىڭ ئالدىدا يولـ سىزلىق قىلىشقا پېتىنالمىسىمۇ، ئۇنىڭدىن يىراقراق يۈرۈشـ كە تىرىشىدىغان بولدى. ۋېيجۇاڭلىقلارنىڭ «ئۆزىنى يىراقـ راق تۇتۇشى» ئۇنىڭ ئىلگىرىكىدەك «شارت» قىلىشىدىن ساقلىنىش ۋاقتىدىكىگە قارىغاندا پەرقلىق بولسىمۇ، لېـ كىن «تەپتارتىپ يىراق تۇر» دېگەنىدەك بىر ھالەتتە ئىدى.

ۋېيجۇاڭلىقلارنىڭ ئىچىدە ئاQ نىڭ قىلمىش ئىشلىرىـ نى مۇپەسسەل بىلىۋالغۇسى كېلىپ يۈرگەن بىكار تەلەپلەرـ مۇ بار ئىدى. ئاQ ھېچنەرسىنى يوشۇرماي، ئۆز تەجرىبىـ لىرىنى پەخىرلىنىش بىلەن ئېيتىپ بېرەتتى. ۋېيجۇاڭلىقـ لار ئاQنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى چاغلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تامغا چىقالماي، سۇڭگۈچتىن كىرەلمەي، پەقەت تام تۈۋىدە تۇرۇپ، ئۇياقتىن چىققان نەرسىلەرنى ئالىدىغانلىقـ نى ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ بىلىۋالدى. بىر كۈنى كېچىسى شەھەردىكى ئاQغا بىر قاپنى سۇنۇپ بېرىپ، ئۆزى ئىككىنـ چى قاپقا ماڭغاندا بىردىن ۋاڭ ـ چۇڭ ئاڭلىنىپ قاپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان ئاQ دەررۇ قېچىشقا ئالدىراپتۇ. شۇ كېچىـ سىلا ئۇ مۆكۈپ يۈرۈپ شەھەر سېپىلىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپـ

تۇ ـ دە، ۋېيجۇاڭغا قېچىپ كەپتۇ، شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ مۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشمايدىغان بوپتۇ.

ئاQنىڭ ئېيتىپ بەرگەن بۇ ھېكايىسى ئۇنىڭ ئۆزىگە تېخىمۇ زىيان قىلدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ۋېيجۇاڭلىقلار ئاQنىڭ چىشىغا تېگىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن «تەپتارتىپ يىراق تۇرغان» ئىدى، ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئوغرىلىق قىلىشقا ھەرگىزمۇ پېتىنالمايدىغان ئوغرىلاردىن ئىكەنلىكىنى كىم بىلگەن! ئۇلارنىڭ ئاQدىن قورقۇپ يۈرگىنى بىكار بولۇپ چىقتى: ئۇ ھەقىقەتەن «قورقۇشقا ئەرزىمەيدىغان» ئادەم ئىكەن!

## يەتتىنچى باب
## ئىنقىلاب قىلىشى

شۈەنتۇڭنىڭ ئۈچىنچى يىلى توققۇزىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى، يەنى ئاQ جاۋ بەيىەنگە ئۆزىنىڭ چەندازىسىنى ساتقان كۈنى ئۈچ جىڭ ۋاقىتىدا، جاۋ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى كېمە توختايدىغان جايغا قارا لەمپىلىك بىر چوڭ كېمە كېلىپ توختىدى. بۇ ۋاقىتتا يېزىدىكىلەر قاتتىق ئۇيىقۇدا بولغاچقا، ئۇنى ھېچكىم كۆرمىدى. تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن كېمە قايتىپ كەتتى، مانا شۇ ۋاقىتتا ئۇنى كۆرۈپ قالغانلار بولدى. ئاندا ـ ساندا سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگەنلەر بۇ كېمە كاتتا موللا جانابىنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى!

بۇ كېمە ۋېيجۇاڭلىقلارنى غۇلغۇلىچىلىققا سالدى، كۈن چۈش بولمايلا ھەممە ئاھالىنىڭ يۈرەكلىرى خەۋپ تۇيغۇسىغا تولدى. جاۋ ئەۋلادى كەلگەن كېمىنىڭ مەقسىتىنى

يۇشۇرۇشقا شۇنچە تىرىشىمىز، چايخانا ۋە قاۋاقخانىدا: ئىنقىلابچىلار شەھەرگە بېسىپ كىرمەكچى بولۇۋېتىپتۇ، كاتتا موللا جاناب شەھەردىن ۋېيجۇاڭغا قېچىپ كەپتۇ، دېگەن سۆز تارقالدى. پەقەت زۇچى ئايىم: كاتتا موللا جاناب جاۋنىڭ ئۆيىگە ئامانەتكە بىرنەچچە كونا ساندۇقلىرىنى ئەۋەتكەنىكەن، لېكىن جاۋ بېگىم قوبۇل قىلماي قايتۇرۇۋەتتى، دېدى. ھەقىقەتتە كاتتا موللا جاناب موللىچاق بىلەن ئىلگىرى چىقىشالماي يۈرەتتى. دېمەك «بېشىغا كۈن چۈشكەن» چاغدا ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ ھالىغا يېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. زۇچى ئايىم بولسا جاۋ ئائىلىسىنىڭ قوشنىسى ئىدى ۋە جاۋنىڭ ئۆيىدە بولغان ئىشلارنى باشقىلاردىن كۆرە كۆپرەك بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سۆزى توغرا بولۇشى مۇمكىن.

شۇنداق بولسىمۇ كاتتا موللام توغرۇلۇق مىش - مىش سۆزلەر بېسىلمىدى. كاتتا موللام ئۆزى كەلمەپتۇ، لېكىن جاۋ ئائىلىسى بىلەن «تۇغقان تېپىشىش» توغرىسىدا خەت يېزىپ ئەۋەتىپتۇ، جاۋ بېگىم ئويلىنىپ، بۇنىڭدىن ئۆزىگە ھېچقانداق يامانلىق كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، كاتتا موللام جانابلىرىنىڭ ئەۋەتكەن ساندۇقلىرىنى ئېلىپ قويۇپتۇ، خەتنى بولسا ئۆز تەتىيىنىڭ كارىۋىتى ئاستىغا تىقىپ قويۇپتۇ، دېگەن مىش - مىش سۆزلەرمۇ بولدى. ئىنقىلابچىلار توغرىسىدا بولسا، بەزىلەر، كېچىسىلا شەھەرنى بېسىۋاپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھ چۇڭجېڭنى ئەسلەپ ماتەم بەلگىسى ئۈچۈن ئاق ساۋۇت ۋە ئاق دۇبۇلغا كىيىۋاپتۇ، دەپ گەپ تارقىتىشتى.

ئاQ ئىنقىلابچىلار توغرىسىدىكى سۆزلەرگە قۇلاق

سىلىپ يۈرگىلى خېلى زامان بولغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ يېقىندىلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرسىنىڭ ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالانغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. لېكىن نېمىشقىدۇر، ئۇ ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىسيانچىلارغا ئوخشاش دەپ ھېسابلايتتى، ئىسيانچىلار بولسا ئاQغا ياقمايتتى. شۇڭا ئاQ ئۇلارنى ناھايىتى ئۆچ كۆرەتتى ۋە ئۇلارغا قەتئىي قارشى ئىدى. لېكىن ئۇ پۈتۈن ئەتراپقا مەلۇم بولغان كاتتا موللا جانابلىرىنىڭ ئۇلاردىن شۇنچە قورقۇپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا بىر ئاز «زوق» لاندى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋېيجۇاڭدىكى چەرەندى - پەرەندىلەرنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغان بۇ ئەنسىزچىلىك ئەكسىچە ئاQنى خۇشال قىلدى.

«ئىنقىلاب بولسا بولسۇن ... — دەپ ئويلايتتى ئاQ، — بۇ ئاناڭنى ... لارنىڭ جېنىنى ئالسۇن، بۇلار تولىمۇ يامان، قورقۇپ كەتسۇن! ... مەن ئۆزۈممۇ ئىنقىلابچىلارغا قوشۇلۇپ كېتەيچۇ.»

كېيىنكى كۈنلەردە ئاQنىڭ پۇلى تۈگەپ قالغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭ قورسىقى كۆپۈپ تۇرغان بولسا كېرەك. ئۇ چۈشلۈكى ئاچ قورساققا ئىچىۋەتكەن ئىككى پىيالە مەيدىن كېيىن تېز مەست بولۇپ قالغانىدى. بۇ يېڭى خىياللار ئۇنىڭدا ئاجايىپ بىر تۇيغۇلارنى ئويغاتتى. نېمىشقىدۇر ئاQغا، ئۇنىڭ ئۆزى ئىنقىلابچىدەك، ۋېيجۇاڭلىقلار بولسا ئۇنىڭ قولىغا چۈشكەن ئەسىرلەردەك بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ شۇنداق خۇشال بولدىكى، ھەتتا ئۆزىنى تۇختىتالماي:

— ئىسيان كۆتۈردەن! ئىسيان! — دەپ ۋارقىراۋەتتى.

ۋىيجۇاڭلىقلار قورققان، چۈچۈگەن هالدا ئۇنىڭغا قارايت-
تى. مۇنداق بىچارە كۆزلەرنى ئاQ ھېچقاچان كۆرگەن
ئەمەس، ئەمدى ئۇ شۇنداق راھەتلىنىپ كەتتىكى، گويا
ئالتۇنچى ئاينىڭ تومۇزدا مۇزدەك بۇلاق سۈيى-
نى ئىچكەندەك بولدى. ئۇ ناهايىتى ياخشى كەيپىيات
بىلەن كوچىدا كېتىپ بېرىپ:
— ياخشى! ... نېمىنى خالىسام شۇ بولىدۇ! كىمـ-
نى ياخشى كۆرۈپ قالسام شۇ مېنىڭ بولىدۇ! — دەپ
ۋارقىراپ يۈردى، ئۇنىڭدىن كېيىن:
«چىش تاك - تاك، چىش تاك - تاك ... جاڭ،
جاڭ!
مەستلىكتە جىڭ شيەندىنى بوغۇزلاپ ساپتىمەن، ۋاي
تو ۋا!
ۋاي توۋىيەي - ۋاي توۋا!
چىش تاك - تاك، چىش تاك - تاك، جاڭ، جاڭ!
قولۇمدا سىم قامچا بار مېنىڭ.
ئۇرۇپ يىقىتسام دەيمەن سېنى! ...» دەپ، جىنىنىڭ
بارىچە ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىپ ماڭدى.
جاۋ ئائىلىسىنىڭ ئەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىككى ئۇرۇق-
تۇغقىنى بىلەن دەرۋازا ئالدىدا ئىنقىلاب توغرۇلۇق پاراڭ
قىلىشىپ تۇراتتى.
ئاQ ئۇلارنى كۆرمەي، بار ئاۋازى بىلەن «چىش
تاك - تاك» نى ئېيتىپ كېتىۋەردى.
— هۇرمەتلىك Q، — دېدى ئېھتىيات بىلەن جاۋ
بېگىم.
«چىش تاك - تاك، جاڭ ...». ئاQ ھېچقاچان «هۇر-

مەتلىك» دېگەن سۆزنى ئۆزىگە مۇناسىپ دەپ ئويلىمايتتى، شۇڭىنىڭ ئۈچۈن ئۇلار باشقا بىر سۆزنى قىلىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، ۋارقىرىغان ھالدا كېتىۋەردى.

— ھۆرمەتلىك Q!

— ۋاي تووۋا! ...

— ئاQ! — دېدى موللا ئاQنىڭ ئىتتىنلا ئاتاپ. ئاQ دەررۇ توختاپ قارىدى - دە:

— نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ھۆرمەتلىك Q، ئەمدى سىز ... — دەپلا جاۋ بېگىم سۆز تاپالماي قالدى، — قانداق ئەمدى؟ بېيىپ قالدىڭىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە. نېمىنى خالىسام شۇ بولىدۇ ...

— بۇرادەر ئاQ، بىزگە ئوخشاش كەمبەغەل دوستلار ئۈچۈن ھېچ ۋەقەسى يوق، ئەگەر ... — جاۋ بەييەن ئاQدىن ئىنقىلابچىلارنىڭ مەقسىتىنى بىلىۋالماقچى ئىدى.

— كەمبەغەل دوستلار؟ سەن مېنىڭدىن بايراقتۇ دەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپ، ئاQ يۈرۈپ كەتتى.

دەرۋازا تۈۋىدە قالغانلار نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئۈن چىقماي تۇرۇپ قالدى. كېيىن جاۋ بېگىم بالىسى موللا بىلەن ئۆيىگە كىرىپ، پۈتۈن ئاخشامنى ئاللىقانداق مەسلىھەت ئۈستىدە ئۆتكۈزدى.

جاۋ بەييەن بولسا ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ بېلىدىكى چەندازىنى چىقىرىپ ساندۇقنىڭ ئەك تېگىگە تىقىۋېتىش ئۈچۈن ئايالىغا بەردى.

ئاQ كەچ كىرگۈچە قىن - قىنىغا پاتماي يۈرۈپ، ئاخىر كەيپى تارقاپ، ئۆز ئىبادەتخانىسىغا يېنىپ كەلدى.

بۇ ئاخشام ئىبادەتخانىغا قارايدىغان بوۋايمۇ ناھايىتى خۇش
خۇي ئىدى، ئۇ ئاQنى چايغا تەكلىپ قىلدى. ئاQ ئۇنىڭـ
دىن ئىككى نان سورىۋېلىپ دەررۇ يەۋەتتى-دە، يېقىلغان تۆت
سەرلىك شامدىن بىرنى ۋە بىر شامدانىنى سوراپ ئېلىپ،
ئۇنى شامدانغا قويۇپ ياندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تار كاتىـكىدە
يېتىپ قالدى. ئۇ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز يېڭىلىق ۋە خۇشالـ
لىق ھېس قىلاتتى. شام نورۇز كېچىسىدىكىدەك پىلدىرـ
لاپ يېنىپ تۇراتتى. ئاQنىڭ خىياللىرىمۇ ھەر تەرەپكە
چېچىلماقتا ئىدى ...

«ئىسيان؟ قىزىق ... ئاق دۇبۇلغا ۋە ئاق ساۋۇت
كىيگەن ئىنقىلابچىلار كېلىدۇ ... ئۇلارنىڭ قوللىرىدا
قىلىچ، سىم قامچىلار، بومبىلار، پەرەڭ زەمبىرەكلىرى،
ئۇچى ئۇچلۇق ۋە قوش بىسلىق قىلىچلار، ئىلمەك نەيزىلەر...
ئۇلار ئىبادەتخانىنىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹ئاQ يۈر بىز بىلەن!...›
دەپ ۋارقىرايدۇ. مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كېتىمەن...
مانا تاماشا! ۋېيجۇاڭنىڭ ھەممە ئەر ۋە ئاياللىرى تىز پۈـ
كۈپ: ‹ئاQ، رەھىم قىل!› دەپ ۋارقىرايدۇ. لېكىن كىم
ئۇلارنى تىڭشىسۇن! ئەڭ ئاۋۋال شياۋ D بىلەن جاۋ
بېگىم ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن
موللا ۋە يالغان پەرەڭ ... بەلكى بىرەرسىنى قالدۇرۇپ
قويۇش كېرەكتۇر؟ ساقاللىق ۋاڭنى قالدۇرسىمۇ بولىدۇغۇ
دەيمەن. لېكىن ئۇنىمۇ ئاياشىنىڭ ھاجىتى يوق ... نەرسىلەرـ
نى قولغا قانداق چۇشۇرۇش كېرەك؟ توغرا بېرىپ ساندـ
دۇقلارنى ئېچىش كېرەك! ... يامبۇ، تەڭگە، شايى كۆڭـ
لەك ... ئالدى بىلەن موللىنىڭ ئايالىنىڭ نىڭپودا ياسالـ
غان ناھايىتى ياخشى كارىۋىتىنى ئىبادەتخانىغا ئەكېلىۋېـ

لىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن چيەن ئائىلىسىنىڭ ئۇستەل ۋە ئورۇندۇقلىرىنى ياكى ھېلىقى جاۋنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى ... ئۆزۈم ھېچنېمىگە قول تەگكۈزمەيمەن، ھەممىنى شياۋD ئۆزى توشۇسۇن، توشۇغاندا تېتىكرەك ماڭسۇن، ئەگەر دېگەندەك ئىشلىمەيدىغان بولسا، كاچاتىغا بىرنى سېلىش كېرەك ... جاۋ سىچېننىڭ سىڭلىسى ناھايىتى سەت ... زۇچى ئايىمنىڭ قىزى ... چوڭ بولسۇن، شۇ چاغدا گەپلىشەرمىز! «ساختا پەرەڭ» نىڭ ئايالى ئۆرۈمە چاچ قويمىغان ئەرلەر بىلەن ئوينايدۇ ... تۇفى، ئىپلاس! موللىنىڭ ئايالىنىڭ كۆزىدە ئېقى بار ... خىزمەتكار ئۇما ئۇزۇن بولدى كۆرۈنمەيدۇ، ئۇنىڭ نەگە يوقىلىپ كەتكەنلىكى بەلگىسىز ... لېكىن ئۇنىڭ پۇتىنىڭ يوغانلىقى يامان...»

ئاQ ھەممىنى دېگەندەك ياخشى ئويلىنىپ بولمايلا، خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتتى. تۆت سەرلىك يېرىم غېرىچ كېلىدىغان شام كۆيۈپ، ئۇنىڭ پىلدىرلىغان قىزىل نۇرى ئاQنىڭ ئوچۇق ئاغزىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

ئاQ چۇشەكەپ، تۇيۇقسىز:

— ھا - ھا! — دەپ جۆيلۈپ ۋارقىرىۋەتتى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئالاقزادىلىك بىلەن ئەتراپقا قارىدى، كۆيۈپ تۇرغان شامنى كۆردى - دە، يەنە مۈككىدە، يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى ئاQ ۋاقچە تۇرۇپ تالاغا چىقىپ قارىدى: ئەتراپتا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق. قورسىقى ئاۋۋالقىدەكلا ئاچ. ئۇ بىرەر نەرسە ئويلاپ تېپىشقا ھەرىكەت قىلىپ كۆردى، لېكىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. ئاخىر ئۇنىڭ ئويىغا بىر نەرسە كەلگەندەك بولدى ۋە زور بىلەنمۇ ياكى

ئەمەسمۇ، ئەيتاۋۇر خالا ـ خالدماس ھالدا خانىقاغا قاراپ ماڭدى.

خانىقا باھار ۋاقتىدىكىدەك جىمجىت: تاملىرى ئاپـ ئاق، دەرۋازىسى قاپقارا. ئاQ دەرۋازىنى قاقتى، ھويلىدا ئىت ھاۋشىدى. ئاQ دەررۇ بىر نەچچە خىشنىڭ پارچىلىرىنى ئېلىپ دەرۋازىنى تېخىمۇ قاتتىقراق قاققىلى باشلىدى. دەرۋازىنىڭ سىرلانغان يۈزى چوقۇر بولۇپ كەتكۈچە قاققاندا، ئاخىر قورۇدىن بىرىنىڭ كېلىۋاتقان تىۋىشى ئاڭلاندى.

ئاQ خىشنى مەھكەم تۇتۇپ، پۇتلىرىنى كېرىپ ئىت بىلەن ئېلىشىشقا تەييارلىنىپ تۇردى. لېكىن دەرۋازا قىيا ئېچىلدى ـ دە، قارا ئىت ئەمەس، قېرى بۇۋى كۆرۈندى.

— يەنە نېمىگە كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ چۆچۈگەن ھالدا.

— ئىنقىلاب بولىۋاتىدۇ ... خەۋىرىڭ يوقمۇ...؟ — دېدى ئاQ مۇجمەل قىلىپ.

— ئىنقىلاب! ... ئىنقىلاب بولۇشى بىر قېتىم بولدىغۇ ... يەنە نېمە قىلاي دەيسىلەر بىزنى؟ — دەپ سورىدى قېرى بۇۋى قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ.

— نېمە؟ — ئاQ ئەجەبلەندى.

— بۇ يەرگە كېلىشىپ ئىنقىلاب قىلىپ بولغانلىقىنى بىلمەمسەن تېخى؟

ئاQ تېخىمۇ ھەيران بولدى:

— كىم؟

ئاQ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى. قېرى بۇۋى ئۇنىڭ لاسىدە بوشىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال دەرۋازىنى يېپىپ كىرىپ كەتتى، ئاQ دەرۋازىنى ئىتتىرىۋىدى،

ئېچىلمىدى. ئۇ يەنە ئۇرغىلى باشلىدى. لېكىن ھېچقانداق جاۋاب چىقمىدى.

ئەسلىدە چۈشتىن بۇرۇن مۇنداق ۋەقە يۈز بەرگەن: موالىمنىڭ قۇۋلىقى ئۇزۇن ئىدى. ئۇ ئىنقىلابچىلارنىڭ شەھەرنى بېسىۋالغانلىقىنى ئاڭلىشى بىلەنلا دەررۇ چېچىنى تۈرۈۋېلىپ سەھەردىلا «يالغان پەرەڭ» ئەزەلدىن چىقىشالماي كەلگەن چيەننى يوقلاپ كېلىشكە ماڭدى. لېكىن ھازىر «پۈتكۈل ئىسلاھات» ۋاقتى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقىپ دەررۇ يېقىن دوستلارغا ئايلاندى ۋە بىرلىشىپ ۋېيجۇاڭدا ئىنقىلاب قىلماقچى بولۇشتى.

ئۇلار ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن ئاخىر بىر نەتىجىگە كەلدى. خانىقادا «پادىشاھ ياشىسۇن!» دېگەن يېزىق نەقىش قىلىنغان شاھانە تاختا بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئويىچە ئەڭ ئاۋۋال مانا مۇشۇ تاختاينى يوق قىلىش كېرەك ئىدى. ئىشنى كېچىكتۈرمەي، بۇلار خانىقاغا قاراپ ماڭدى. قېرى بۇۋى ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بوادى، لېكىن ئۇلار قېرى بۇۋىنى «مانجۇ ھۆكۈمىتى» ھېسابلاپ خېلىلا دۇمبالىدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن قېرى بۇۋى ئېسىنى يىغىۋېلىپ قارىسا شاھانە تاختاينىڭ يەردە سۇنۇپ ياتقانلىقىنى ۋە مەبۇدە سەنەمنىڭ ئالدىدىكى شۆەن دې ئىسرىدىقدانىنىڭ غايىب بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

بۇ ۋەقەلەر ئاQغا خېلى كېيىن مەلۇم بولىدى. ئۇ ئۇخلاپ قالغىنىغا ناھايىتى پۇشايمان يېدى ۋە ئۇلارنىڭ چاقىرماستىن كەتكەنلىكلىرىگە ئاچچىقى كەلدى: «مېنىڭ ئىنقىلابچىلارغا قوشۇلماقچى بولغىنىمنى تېخىچىلا بىلمەي يۈرەمدىكىنە ئۇلار؟» دەپ ئويلىدى ئۇ.

## سەككىزىنچى باب
## ئىنقىلاب قىلىشقا يول قويمىدى

ۋېيجۇاڭلىقلارنىڭ كۆڭلى تىنىپ قالدى. ئۇلار ئىنقىلابچىلار شەھەرنى بېسىۋالغان بولسىمۇ، ئۇ يەردە ھېچبىر جىددىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولمىغانلىقىنى بىلدى: ئامبال غوجام ئۆز ئورنىدا قاپتۇ، پەقەت ئۇنىڭ ئۇنۋانىلا ئۆزگىرىپتۇ. كاتتا موللا جاناب يېڭى مەنسەپكە ئىگە بوپتۇ (لېكىن ۋېيجۇاڭلىقلار بۇ يېڭى مەنسەپلەرنىڭ مەنىسىنى بىلمەيتتى)، چېرىكلەرگە يەنىلا ئاۋۋالقى پانسات باشچىلىق قىلىۋېتىپتۇ. لېكىن بىر كېلىشمەسلىك بوپتۇ: بىر نەچچە بولمىغۇر ئىنقىلابچى ئەتىسىگىلا زورلۇق بىلەن ئەرلەرنىڭ چاچلىرىنى قىرقىشقىلى باشلاپتۇ. مىش - مىش پاراڭلارنىڭ ئورنىغا قارىغاندا قوشنا يېزىنىڭ قېيىقچىسى چى جىڭشۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئادەم تەقلىدىنى يوقىتىپ — چاچسىز قاپتۇ ... ۋېيجۇاڭلىقلار ئۈچۈن، بۇ ئانچىلا خەۋپلىك نەرسە ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇلار شەھەرگە تولا قاتنىمايتتى. ئەگەر بىرەر كىشى شەھەرگە بارماقچى بولسا چېچىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئۇ نىيىتىدىن قايتىمىغمۇ ئوڭاي ئىدى. ئۆزىنىڭ شەھەردىكى كونا دوستلىرىنى پاناھ تارتىپ بارماقچى بولغان ئاQ بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىشى بىلەنلا سەپەردىن يالتايدى.

ھەر ھالدا ۋېيجۇاڭدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى دەپ ئېيتىشقا بولمايتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن چېچىنى تۈرۈۋالغان ۋېيجۇاڭلىقلارنىڭ سانى كۆپەيدى ۋە يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنىدەك، بۇ ئىشتا بىرىنچىلىكنى ئالغ-

نى موللا ئىدى، ئۇنىڭغا قاراپ ئىش تۇتقىنى جاۋسىچىيىن بىلەن جاۋبەييەن بولدى. ئۇلاردىن كېيىن ئاQمۇ شۇنداق قىلدى. يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە ھەممە ئادەم چېچىنى تۈرۈپ ياكى باغلاپ يۈرەتتى ۋە بۇ ھال ھېچكىمگە غەلىتە بولۇپ كۆرۈنمەيتتى. لېكىن ھازىر كەچكۈز پەسلى، مۇنداق «كۈز پەسلىدە ياز پەسلىدىكىدەك يۈرۈش» نى قەھرىمانلىق بىر ئىش دەپ ھېسابلاشقا بولاتتى. بۇنىڭ ۋېيجۇاڭدىمۇ ئىنقىلاب بىلەن ئالاقىسى يوق دېگىلى بولمايدۇ.

جاۋسىچىيىن يالىڭاچ گەدىنىنى چىقىرىپ كوچىدا كېتىپ بارغاندا، كۆرگەنلەر:

— قاراڭلار! ئىنقىلابچى كېلىۋاتىدۇ! — دەپ قاتتىق ۋارقىرايتتى.

بۇ ۋارقىراشلار ئاQنى ناھايىتى زوقلاندۇردى. موللا چېچىنى تۈرۈۋاپتۇ دېگەن يېڭىلىقنى ئاڭلىغاندا، ئاQ نىڭمۇ شۇنداق قىلىشى يادىغىمۇ كەلمىگەنىدى. لېكىن جاۋسىچىيىننىڭ چېچىنى تۈرۈۋالغانلىقى ئاQ نى بۇ يېڭىلىقنى دوراشقا لايىق يېڭىلىق ئىكەن، دېگەن ئويغا كەلتۈردى. ئۇ چېچىنى چوكا بىلەن چوققىسىغا تۈردى ۋە خېلى ۋاقىتقىچە ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاخىر ئۆزىنى تۇختىتىپ كوچىغا چىقتى.

ئۆتۈپ كېتىپ بارغانلار ئۇنىڭغا قارىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشمەيتتى. ئۇ بۇ ئەھۋالدىن دەسلەپتە بىر ئاز رەنجىدى، كېيىن قورسىقى كۆپۈپ قاتتىق خاپا بولىدىغان بولدى.

ئاخىرقى ۋاقىتلاردا، ئاQنىڭ تۇرمۇشى ئىنقىلابتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا يامان بولمىسىمۇ، ئۇ تېرىككەك بو-

لۇپ قالغانىدى. ئاQ بىلەن ئۇچراشقانلار ئەدەبىلىك مۇئا-
مىلە قىلاتتى، قاۋاقخانىنىڭ ئىگىسى مەي ئۈچۈن نەق پۇل
سورىمايتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى ئاغرىپ يۈرەت-
تى: ئىنقىلاب بولغانىكەن، ھەممە نەرسە بۇرۇنقىدەك-لا
تۇرىۋەرمىسە بولاتتى! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ شىياۋD بىلەن
ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كېتىشكە ئاز قال-
دى: شىياۋD مۇ چېچىنى چوكا بىلەن تۇرۇۋاپتۇ. ئاQ
شىياۋDنى مۇنداق قىلىشقا پېتىنالايدۇ دەپ ئويلىمىغا-
نىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغىمۇ ھەرگىز يول قويمايتتى.
شىياۋD قانچىلىك بىر نېمىدى؟ دەپ ئويلاپ، ئاQنىڭ
دەررۇ ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ چوكىسىنى سۇندۇرۇپ، چې-
چىنى چۇۋۇۋەتكۈسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بەتبەخت ئىكەنلى-
كىنى ئۇنتۇپ ئىنقىلابچى بولىۋالغىنى ئۈچۈن كاچىتىغا نەچ-
چىنى قويغۇسى كەلدى. لېكىن بىرئاز ئويلىنىپ شىياۋD-
نىڭ ئەدەبسىزلىكىنى كەچۈردى - دە، كۆزىنى بىر ئالاي-
تىپ قاراپ «تۈفى!» دەپ تۈكۈرۈۋەتتى.

ئاخىرقى كۈنلەردە پەقەت «يالغان پەرەڭ»لا شەھەر-
گە بېرىپ كەلدى. موللا ئەسلىدە كاتتا موللىنىڭ ئامانەت
ساندۇقلىرىنى باھانە قىلىپ، ئۇنى كۆرگىلى شەھەرگە بار-
ماقچى بولىۋىدى، لېكىن ئۆزىنىڭ چېچىنىڭ قىرقىلىپ
كېتىشىدىن قورقۇپ بۇ سەپەرنى كېيىنكىگە قويدى. ئۇ كات-
تا موللىغا ئېھتىرام بىلدۈرىدىغان «سېرىق كۈنلۈك» شەك-
لىدە خەت يېزىپ، ئاپىرىپ تاپشۇرۇش ئۈچۈن «يالغان پە-
رەڭ» گە بەردى. خەتتە ئۇ ھۆرىيەتچىلەر قاتارىغا ئۆتۈش-
كە كېپىللىك سوراپ يازغانىدى. «يالغان پەرەڭ» قايتقان-
دا موللىدىن تۆت تەڭگە ئالدى. موللا بولسا ئۇ بەرگەن

شاپتۇل شەكلىدىكى ئىزناكنى مەيدىسىگە قادىۋالدى. پۇتـ
كۇل ۋېيجۇاڭلىقلار ھەيران بولۇپ، بۇ، «ھۇررىيەتچىلەرنىڭ
تاجىسى، بۇ ئۇنىۋان ئۆلىما دېگەن ئۇنىۋاندىن كەم بولمـ
سا كېرەك» دېيىشتى. ئەمدى جاۋ بېگىم ئۆزىنىڭ ئوغلى
موللا بار ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئارتۇق ھۆرمەتكە ئىگە بـولدى.
ئۇ ناھايىتى تەكەببۇر ۋە ئەتراپتىكىلەرنى زادىلا كـۆزگـە
ئىلـمـاس بولۇپ كەتتى. ئاQغـا بولسا قاراپمۇ قويماس
بولدى.

بۇ ۋەقەلەر ئاQنىڭ قورسىقىنى كۆپتۈردى. ئۇ كۆپـ
تىن بېرى ئۆزىنىڭ غېرىبلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىپ يۈرەتـ
تى، موللىنىڭ «كۈمۈش شاپتۇل» قادىۋالغانلىقىنى ئاڭـ
لىشى بىلەن دەررۇ ئۆزىنىڭ غېرىب بولۇپ قالغانلىقىنىڭ
سەۋەبىنى چۈشەندى. ئىنقىلابچى بولۇش ئۈچۈن ئىنقىلابقا
قوشۇلمەن دەپلا قويۇش، چېچىنى تۈرۈۋېلىش كـۇپايە
ئەمەس ئىكەن. ئەڭ ئاساسىي نەرسە — ئىنقىلابچىلار بىلەن
تونۇشۇش كېرەك ئىكەن، دەپ ئويلىدى. ئاQ ئۆز ئۆمرىـ
دە ئۇلارنىڭ ئىككىسىنىلا بىلەتتى: بىـرى ھـېلىقى
شـەھـەردە بېـشى چېپىلغان كىشى. يەنە بىرى ھېلىـ
قى «يالغان پەرەڭ». ئاQ نېمە قىلارىنى بىلـمـەي دەررۇ
«يالغان پەرەڭ» نىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن مەسلـ
ھەتلەشمەكچى بولدى.

بەختكە يارىشا، چيەن ھەزرەتنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق ئىـ
دى، ئاQ ئاستا كىردى، بىراق شۇ زامانلا قورقۇپ كەتتى. ھويـ
لىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاپقارا كىيىم كىيگەن — ئېھتىمال كاستۇم
بولسا كېرەك — «يالغان پەرەڭ» تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ مەيدىسىدە
«كۈمۈش شاپتۇل»، قولىدا قاچاندۇر بىر ۋاقىتتا ئاQ دۇمـبا

يېگەن تاياق. «يالغان پەرەڭ» نىڭ ئۆسۈپ قالغان چېچى دۈمبىسى بىلەن مۈرىلىرىگە چۈشۈپ چۇۋۇلۇپ، ئۇنى مەجنۇن، سەۋدايىلارغا ئوخشىتىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا جاۋ بەيىيەن بىلەن يوچۇن ئۈچ كىشى تۇرۇپتۇ. ئۇلار چوڭ ئىززەت بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى تىڭشىماقتا ئىدى.

ئاQ تۇيغۇزماي كېلىپ، جاۋبەيىيەننىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇردى ۋە ئۇنىڭغا سالام بەرمەكچى بولدى. لېكىن نېمە دېيىشىنى بىلمىدى، «يالغان پەرەڭ» دەپ ئاتىسا ئەلۋەتتە بولمايتتى. «پەرەڭ» دەپ ئاتىسا، ئۇ چەت ئەللىك ئەمەس، بولمايدۇ. «ئىنقىلابچى» دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. «پەرەڭ جاناب» دېسەمىكىن؟ «پەرەڭ جاناب» شۇ ۋاقىتقىچە ئاQنى كۆرمەي كۆزلىرىنى ئۇيىنتىپ روھلانغان هالدا ۋالاقلىماقتا ئىدى:

— ... مەن چۇس ئادەم، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا، مەن ئۇنىڭغا توغرىدىن توغرا: «خۇڭ ئاكا، باشلىشىمىز كېرەك!» دېدىم. لېكىن ئۇ «NO!» دەپ تۇرۇۋالدى. بۇ پەرەڭلەرنىڭ تىلى، سىلەر ئەلۋەتتە چۈشەنمەيسىلەر! ئەگەر مۇشۇ سۆز بولمىسا بىز ئاللىقاچان يېڭىپ چىققان بولار ئىدۇق ... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىشتا ناهايىتى ئېھتىياتچان ئادەم ... ئۇ ماڭا خۇبېيغا بارغىن دەپ نەچچە قېتىم ئېيتقان، لېكىن مەن ئۇنىمىدىم. كىمنىڭ ئۇنداق كىچىك جايدا ئىشلىگۈسى كېلىدۇ؟ ...

ئاQ «پەرەڭ جاناب» سۆزىنى تۈگەتكۈچە كۈتۈپ تۇرۇپ، ئەيمەنمەستىنلا «ھىم» دېدى. لېكىن، نېمىشقىدۇر، بۇ دورەمۇ ئۇنى «پەرەڭ جاناب» دەپ ئاتىمىدى. تىڭشاپ

تۇرغان تۆتى چۆچۈپ كەينىگە قارىدى، پەرەڭ جاناب ئا-
Qنى شۇ چاغدىلا كۆردى:
— نېمە دەيسەن؟
— مەن ...
— چىق!
— مەن ئىنقىلابچىلارغا قوشۇل ...
— يوقال ... — دەپ «پەرەڭ جاناب» ئۇنىڭغا ما-
تەم ھاسىسىنى كۆتۈردى. جاۋبەيىيەن ۋە يوچۈن كىشىلەر:
— جاناب سېنى چىق دەۋاتىدۇ، نېمىشقا ئىتائەت
قىلمايسەن؟! — دەپ ۋارقىراشتى.
ئا Q قولى بىلەن بېشىنى توسۇپ، ئۆزىنى يوقاتقان
ھالدا دەرۋازا تەرەپكە ئېتىلدى، لېكىن «پەرەڭ جاناب»
كەينىدىن قوغلاپ ماڭمىدى. ئاتمىش چامدامچە يۈگۈرگەن-
دىن كېيىن ئاستا مېڭىپ كەتتى. شۇ چاغدا قايغۇ - ھەس-
رەت ئۇنىڭ يۈرىكىنى قىسىۋالدى. «پەرەڭ جاناب»
ئۇنىڭ ئىنقىلاب قىلىشىغا رۇخسەت قىلمىدى. ئەمدى ئۇنىڭ
باشقا ھېچبىر ئامالى يوق ئىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئا Q
ئاق دۇبۇلغا ۋە ئاق ساۋۇت كىيگەن كىشىلەر كېلىپ مې-
نى چاقىرىۋالىدۇ دېگەن ئۈمىدنىمۇ قىلمايدىغان بولدى.
ئۇنىڭ پۈتكۈل ئارزۇ - ئارمانلىرى، ئۈمىد - ئىنتىلىشلى-
رى ۋە پۈتكۈل ئىستىقبالى تۇيۇقسىز ئۇزۇلۇپ كەتتى.
بىكار تەلەپلەرنىڭ بىر خەۋەرنى خەلققە تارقىتىپ،
شياۋ D بىلەن ساقاللىق ۋاڭغا ئوخشاش ئادەملەرگە زاڭ-
لىق قىلىپ كۈلۈش مۇمكىنچىلىكىنى بېرىدىغانلىقىمۇ ئان-
چىلا ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئا Q ھېچقاچان مۇن-
داق ئۈمىدسىزلىككە دۇچار بولمىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرۇ-

ۋالغان چىچىغىمۇ كۆڭۈلسىز بولدى ۋە چىچىنى تۇرگەنلەرگە ئۆچ بولۇپ كەتتى. ئۇ دەردىنى ئېلىش ئۈچۈن چىچىنى شۇ زامانلا چۇۋۇۋەتمەكچى بولدى، لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇنداق قىلمىدى. كەچ كىرگۈچە كوچا كېزىپ يۈرۈپ، قەرزگە ئىككى پىيالە مەي ئىچىۋەتتى - دە، يېڭىباشتىن خۇش كەيپكە كەلدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئاق ساۋۇت ۋە ئاق دۇبۇلغا كىيگەن ئادەملەر يەنە غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ئۇ كۈننى قاۋاقخانا يېپىلغانغا قەدەر شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن ئىبادەتخانىغا قايتىپ كەلدى.

تۇيۇقسىز كوچا تەرەپتىن پوجاڭزا تاۋۇشىغا ئوخشىمايدىغان «بۇم!» قىلغان ئاجايىپ بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ۋاڭ - چۇڭنى ۋە تۇرلۇك ۋەقەلەرنى ياخشى كۆرىدىغان Qئا شۇ زامان قاراڭغۇغا ئېتىلدى. ئالدىدا بىر نەچچە كىشىنىڭ ماڭغان تىۋىشى ئاڭلانغاندەك بولدى. كېيىن يېنىدىن بىراۋنىڭ قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. Qئا كەينىگە بۇرۇلۇپ شۇ كىشىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. ھېلىقى ئادەم چەتكە بۇرۇلدى، Qئا مۇ بۇرۇلدى. ئۇ توختىۋىدى، Qئامۇ توختىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يېقىنلىشىپ كېلىپ ئۇ ئادەمنىڭ شياۋD ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ ئاچچىقى بىلەن سورىدى Qئا.

— جاۋ ... جاۋ بېگىمنىڭ ئۆيىنى بۇلاۋاتىدۇ... — دېدى شياۋ D ھاسىراپ تۇرۇپ.

Qئانىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. شياۋD تۇيۇقسىز قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولدى. Qئامۇ قاچاي دېۋىدى، لېكىن توختاپ قالدى. ئەسلى «كۆپنى كۆرگەن» ئۇنىڭ

ئۈستىگە ھەددىدىن تاشقىرى يۈرەكلىك ئادەم بولغاچقا كوچىنىڭ بىر جىنكىگىچە يېتىپ باردى ـ دە، دىققەت بىلەن قاراپ، ئاق دۇبۇلغا ۋە ئاق ساۋۇت كىيگەنلەرنىڭ كەينى ـ كەينىدىن ساندۇقلارنى، ئۆي جابدۇقلىرىنى، موللىنىڭ خوتۇنىنىڭ نىكېپوچە كاردۇتىنى ئاچىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى (ئەمما ئۇ ئوچۇق كۆرەلمىدى). ئۇ يېقىنراق بارماقچى بولۇۋىدى، لېكىن ئايىغى ئالغا باسمىدى.

بۇ كېچىسى ئاي يوق ئىدى. ۋېيجىڭدا قاراڭغۇلۇقتا شۇنداق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتىكى، گويا فۇشى پادىشاھنىڭ زامانىدىكى ئۇلۇغ تىنچلىق ۋاقىتلىرى قايتىپ كەلگەندەك تۇيۇلاتتى. ئاQ زېرىككۈچە قاراپ تۇردى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ساندۇقلارنى، ئۆي ـ جابدۇقلارنى ۋە موللىنىڭ ئايالىنىڭ نىكېپوچە كاردۇتىنى توشۇماقتا ئىدى. ئۇ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىدى، لېكىن يېقىن بارماسلىققا نىيەت قىلدى ـ دە، ئاخىر ئۆز ئىبادەتخانىسىغا يېنىپ كەلدى.

ئىبادەتخانا قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئاQ دەرۋازىنى مەھكەم بېكىتىپ سىيپاشتۇرۇپ يۈرۈپ ئۆز ھۇجرىسىغا كىردى. بىر ئاز ياتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئىمىن تاپتى ۋە خىيالغا كەتتى: شۇنداق قىلىپ ئاق دۇبۇلغا ۋە ئاق ساۋۇت كىيگەن كىشىلەر كەپتۇ، لېكىن مېنى قىچقارماپتۇ. ئۇلار نۇرغۇن ياخشى جابدۇقلارنى توشۇپ كەتتى، لېكىن ماڭا ھېچنېمە تەگمىدى ... ھەممىگە سەۋەب ـــ قارغىش تەگكۈر «يالغان پەرەڭ» نىڭ ماڭا ئىسيان كۆتۈرۈشكە رۇخسەت بەرمىگىنى ... ئۇنداق بولمىغان بولسا، بۇ نۆۋەت بۇنداق قۇرۇق قالمىغان بولاتتىم ...

ئاQ بىر توغرۇلۇق قانچە ئويلىسا شۇنچە تېرىكەتتى ۋە ئاخىر كۆڭلى غەم - قايغۇغا تولدى. ئاچچىقىدا ئۇ بېشىنى بىر سىلكىپ ۋارقىراۋەتتى:

— ئىسيان كۆتۈرۈشكە ساڭىلا يول بار، ماڭا يول يوقمۇ؟ ھۇي ئاناڭنى، «يالغان پەرەڭ»! سەن ئىسيانچى! ئىسيانچىلارنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ! خەپ توختا، مەن خەۋەر قىلىپ قويايچۇ ... كۆرىمىز شۇ چاغدا، يامۇلغا سولاپ، جاڭجۇاڭ كاللاڭنى شارت قىلىپ چېپىۋېتىدۇ ... نەسلى - ۋەسلىڭنى قۇرۇتىدۇ!

## توققۇزىنچى باب

## مۇرادىغا يېتىشى

جاۋ ئۆيىنىڭ بۇلانغانلىقى ۋېيجۇاڭلىقلارنى بىرتەرەپتىن خۇشال قىلدى، ئىككىنچى تەرەپتىن چۆچۈتتى. ئاQمۇ شۇ ھالدا ئىدى.

تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاQ يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىز تۇتقۇن قىلىنىپ شەھەرگە ئېلىپ كېتىلدى.

شۇ كۈنى قاراڭغۇ كېچە ئىدى، بىر توپ ئەسكەر، بىر توپ قوغدىغۇچى، بىر توپ ساقچى ۋە بەش پايلاقچى تۈنىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ۋېيجۇاڭ يېزىسىغا كىرىپ ئىبادەتخانىنى قورشىۋالدى. دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىغا جىگىرەنچاڭلىرىنى ئورناتتى. ئاQ كۆرۈنمەيتتى. خېلى ۋاقىتقىچە شەپە چىقمىدى. ئاخىرى تاقەتسىزلەنگەن ئەسكەر بېشى كىم بىرىنچى بولۇپ ئاQ ياتقان جايغا بېسىپ كىر-

سه شىنىڭغا يىگىرمە مىلك يارماق مۇكاپات بېرىدىغانلىـ
قىنى ئېلان قىلدى. قوغدىغۇچىلاردىن ئىككى كىشى تەۋەكـ
كۇل قىلىپ تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈشكە ماقۇل بولدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن باشقىلىرىمۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇيقۇلۇقتا ياتقان ئاQ نى تۇتۇۋالدى. جىـ
گەنچاقنىڭ يېنىدىن سۆرەپ ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئاQ ئويـ
غىنىپ ئۆزىگە كەلدى. ئۇنى شەھەرگە چۈشلەردە ئېلىپ كەلدى. ئەسكەرلەر ئۇنى بۇزۇلغان كونا يامۇلنىڭ بەش ـ ئالتە دوقمۇشىنى ئايلاندۇرۇپ ئۆتۈپ، بىر كاتەككە ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋەتتى. ئۇ پۇتلىشىپ كەتتى، ئەمدى ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋاتقاندا، ياغاچ ئىشىك جالاق ـ جۇلۇق يېپىلىپ ئاQنىڭ تاپىنىغا كېلىپ تەگدى. كاتەك دېرىزىـ
سى يوق تۇتاش تامدىن ئىبارەت ئىدى: قاراڭغۇلۇقتا كۆـ
زى ئۆگىنىشكە باشلىغان ئاQ بۇلۇڭدا ئولتۇرغان ئىككى ئادەمنى كۆردى. ئاQنىڭ يۈرىكى ئەنسىزچىلىك ھەسرىـ
تى بىلەن سوقۇشقا باشلىدى، لېكىن ئۇ ئانچە غەم يېـ
مەيتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئىبادەتخانىدىكى ھۇجرىسى بۇنىڭدەك يورۇق، كەڭ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىككىسى سەھرالىق يىگىتكە ئوخشايتتى. ئاQ ئۇلار بىلەن ئاستا ـ ئاستا پاراڭ قىلىشقا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى كاتتا موللا جاناب ئۇنىڭدىن بوۋىسىدىن قالغان سېلىقنى تەلەپ قىلىۋاتقىـ
نىنى؛ ئىككىنچىسى بولسا نېمە ئۈچۈن سولانغىنىنى ئۆزىنىڭمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشتى. ئەمدى ئۇلار ئاQدىن سورىغاندا، ئۇ يوشۇرماستىن:

— مەن ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولۇۋىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ئاQ نى ھېلىقى كاتەكتىن سۆرەپ چىقىپ سوراقخانىغا ئېلىپ كىردىشتى، بۇ يەردە ئىشىك نىڭ ئۇدۇلىدا، تۆردە بېشىنى تاپتاقىر قىلىپ پارقىرىتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن بوۋاي ئولتۇراتتى. ئاQ بۇ بوۋاينى شەيخ مىكىن دەپ ئويلىۋىدى، لېكىن پەگادا بىر قاتار ئەسكەرنىڭ، ئىككى ياندا ئون نەچچە ئۇزۇن چاپانلىق ئادەمنىڭ تۇر غىنىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ چاچلىرى بوۋاي نىڭكىدەك چۈشۈرۈلگەن، بەزىلىرىنىڭ خۇددى «ساختا پە رەڭ»نىڭكىدەك ئۇزۇن چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ھەممىسىنىڭ چىرايىدىن زەھەر چىقىپ، ئاQ غا يامان كۆزى بىلەن قارايتتى. ئاQ ئالدىدىكى بوۋاينىڭ كاتتا ئادەم ئىكەنلىكىنى سەزدى - دە، پۇتلىرى ئىختىيار سىز پۈكلىنىپ تىزلىنىپ قالدى.

— ئۆرە تۇرۇپ سۆزلە! تىز پۈكمە! — دەپ ۋار قىراشتى ئۇزۇن چاپان كىيگەنلەر. ئاQ ئۇلارنىڭ سۆزىگە چۈشەندى، لېكىن ئۆرە تۇرالمىدى. ئۇنىڭ گەۋدىسى ئىختىيارسىز تۆۋەن تارتىلىپ تۇرغاندەك بولدى: ئاخىر ئۇ يەنە تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋالدى.

— قۇل مىجەز ئادەم ئىكەن - دە! ... — دېيىش تى نەپرەت بىلەن ئۇزۇن چاپان كىيگەنلەر، لېكىن ئۇنى يېكىباشتىن ئۆرە تۇرغۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىشمىدى.

تاقىرباش بوۋاي ئاQنىڭ يۈزىگە توغرا قاراپ تۇرۇپ:

— بولغان ۋەقەنى راستى بىلەن ئېيت! راستىنى ئېيتساڭ جاپادىن قۇتۇلىسەن. ماڭا ھەممىسى مەلۇم. ئىقرار كەلسەڭ قويۇۋېتىمىز، — دېدى ئاستا، لېكىن ئۇقۇملۇق ئاۋاز بىلەن.

— ئېيت! ئېيتە! — دەپ ۋارقىراشتى ئۇزۇن چاپان كىيگەنلەر.

— ... مېنىڭ ... مېنىڭ ئىنقىلابقا قوشۇلغۇم ... — دەپ دۇدۇقلىدى مەڭدەپ كەتكەن ئاQ.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا قوشۇلمىدىڭ؟ — دەپ سىلىق يوسۇندا سورىدى بوۋاي.

— «يالغان پەرەڭ» رۇخسەت قىلمىدى ...

— يالغان ئېيتمىسەن! ئەمدى ئالداپ قۇتۇلالمايسەن ... سېنىڭ شېرىكلىرىڭ ھازىر نەدە؟

— نېمە؟ ...

— ھېلىقى ئاخشىمى جاۋنىڭ ئۆيىنى بۇلىغان شېرىكلىرىڭ نەدە؟

— ئۇلار مېنى چاقىرمىدى. ھەممىسىنى ئۆزلىرى ئېلىپ كېتىپتۇ، — ئەلەم بىلەن جاۋاب بەردى ئاQ.

— ئۇلار نەگە كەتتى؟ ئېيتىپ بەرسەڭ سېنى قويۇۋېتىمىز، — دېدى بوۋاي تېخىمۇ سىلىقراق.

— ھەي تاڭ، ئۇلار مېنى چاقىرمىدى ...

ئاQ بۇ سۆزنى ئېيتقاندا، بوۋاي بېشى بىلەن ئىشارەت قىلدى ۋە بىر مىنۇتتىن كېيىن، ئاQ ھېلىقى كاتەككە بېرىپ چۈشتى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى ئاQنى يەنە كەڭ زالغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ يەردە ھەممە نەرسە ئۆنۆگۈنكىدەك ئىدى. تۆردە شۇ تاقىرباش بوۋاي ئولتۇراتتى. ئاQ يەنە تىز پۈكۈپ ئولتۇردى.

— يەنە نېمە گەپ - سۆزۈڭ بار؟ — دەپ سىلىقلىق بىلەن سورىدى ھېلىقى بوۋاي.

ئاQ بىر ئاز ئويلىنىپ قاردى، لېكىن ھېچ سۆز تاپال-مىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ:

— يوق! — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇزۇن چاپان كىيگەنلەرنىڭ بىرى قەغەز ئېلىپ كەلدى - دە، يازىدىغان قەلەمنى ئاQنىڭ قولىغا تۇتقۇز-ماقچى بولدى. ئاQ قورققىنىدىن يۈرىكى يېرىلىپ كەتكى-لى تاس قالدى، چۈنكى ئۇ قولىغا قەلەم تۇتارمەن دەپ ھېچقاچان ئويلىمىغانىدى ۋە ئۇ قەلەم تۇتۇشنىمۇ بىلمەيت-تى. ھېلىقى كىشى قەغەزدىن جاي كۆرسىتىپ قول قويۇش-قا بۇيرۇدى.

ئۇ مەڭدىگەن ھالدا قولىدىكى قەلەمنى ئەپسىز تۇ-تۇپ تۇرۇپ:

— خە ... خەت تو ... تونۇمايتتىم، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا ساڭا يول قويايلى، يۇمىلاق چەم-بەر سىزساڭ بولدى!

ئاQ چەمبەر سىزىق سىزماقچى بولۇۋىدى، لېكىن قول-لىرى تىترەپ كەتتى. ھېلىقى ئادەم قەغەزنى يەرگە ياي-دى، ئاQ ئېڭىشىپ تۇرۇپ بارلىق كۈچىنى يىغىپ چەمبەر سىزىشقا كىرىشتى. ئۇ كۆرگەنلەرنىڭ زاڭلىق قىلىشىدىن قورقۇپ، پۈتۈن دىققىتىنى جەملەپ تۇرۇپ دۈپدۈگىلەك قى-لىپ سىزىشقا تىرىشاتتى، لېكىن كاساپەت قەلەمنىڭ ئېغىر-لىقى بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇ زادىلا بويسۇنمايتتى. ئەم-دى چەمبەر سىزىپ بولاي دېگەندە، تىترەك بېسىپ، قەلەم-نىڭ ئۇچى بىر ياققا تېيىلىپ قىيپاش چىقىپ كەتتى ۋە چەمبەر قوغۇننىڭ ئۇرۇقىغا ئوخشاپ قالدى.

ئاQ چەمبەر سىزىق سىزالمىغىنىغا ئىزا تارتىپ كەت-

تى، لېكىن ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا ھېچ كۆڭۈل بۆلمەستىن
قەغەز ۋە قەلەمنى قولىدىن تارتىۋالدى. كېيىن ئاQنى زال-
دىن سۆرەپ چىقىرىپ، يەنە قاراڭغۇ كاتەككە ئاپىرىپ سو-
لاپ قويۇشتى. بۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم سولانغان
Qئا ئانچىلا غەم يېمىدى. ئۇ بۇ دۇنيادا ئادەمنى بەزىدە
ئاللىقەيەرگە كىرگۈزۈشنى ۋە ئاللىقەيەردىن سۆرەپ چىقى-
رىشنى ئادەتتىكى ئىش، لېكىن چەمبەرنىڭ سوزۇق بولۇپ
قېلىشى نامىۇ ئەمىلىمگە داغ كەلتۈرۈشى مۇمكىن، دەپ ئوي-
لايتتى. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كۆڭلى تىنىپ
«لېكىن مېنىڭ نەۋرىلىرىدم چەمبەرنى دۈپدۈگىلەك قىلىپ
ياسايدىغان بولىدۇ ... » دەپ ئويلىدى - دە، ئۇيقۇغا
كەتتى.

لېكىن كاتتا موللا جاناب شۇ كۈنى كېچە زادىلا ئۇخ-
لىيالمىدى: ئۇ پانسات بىلەن بىرئاز سۆز تالىشىپ قال-
غانىدى. كاتتا موللا جاناب ئەڭ ئاۋۋال ئوغرىلانغان نەر-
سىلەرنى تېپىشنى تەلەپ قىلاتتى. پانسات بولسا سازايى
قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ كاتتا
موللا جانابنى زادىلا كۆزگە ئىلماس بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ
بىلەن سۆزلەشكەندە ئۇستەلنى مۇشتۇمى بىلەن ئۇرۇپ،
ئاخىر:

— بىرنىڭ ئەدىبىنى بېرىش — يۈزنى قورقىتىش
دېگەن گەپ! مانا قارا، مېنىڭ ئىنقىلابچى بولغىنىمغا يى-
گىرمە كۈن بولدى، شۇ ئارىلىقتا ئوندىن ئارتۇق بۇلاڭ-
چىلىق يۈز بەردى ۋە تېخى ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ تېپىلمىدى...
بۇ مېنىڭ ئابرويۇمغا تەسىر يەتكۈزمەمدىكەن؟! مەن ئا-
ران بىر جىنايەتچىنى تۇتۇۋالغاندا سەن ماڭا كاشىلا قىلى-

سەن. قوي ئەمدى! مەن نېمە قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن! — دېدى.

كاتتا موللا جانابىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سۆز تالاشمىقى ناھايىتى تەس بولدى، لېكىن ئۇ ئۆز پىكرىدە مەھكەم تۇرۇپ: ئەگەر ساندۇقلىرىم تېپىلمايدىغان بولسا، يېڭى خىزمىتىمدىن — ئىچكى ئىشلار ئىدارىسىدىكى مۇئاۋىنلىق ۋەزىپىسىدىن — باش تارتىمەن، دېدى.

بۇنىڭغا پانسات:

— مەرھەمەت! — دەپ جاۋاب قايتۇردى.

مانا مۇشۇ سەۋەبلەرگە بىنائەن، كاتتا موللا جاناب كېچىچە ئۇخلىماي چىقتى. لېكىن ئەتىسى ئۆزىنىڭ يېڭى خىزمىتىدىنمۇ باش تارتمىدى.

كاتتا موللا جانابىنىڭ ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن كېچىسىنىڭ ئەتىگەنلىكى ئاQ نى يەنە بىر قېتىم كاتىكىدىن سۆرەپ چىقىشتى. كەڭ زالنىڭ ئىچىدىكى تۆردە ھېلىقى تاقىرباش بوۋاي ئولتۇراتتى. ئاQ يەنە تىز پۈكۈپ ئولتۇردى.

بوۋاي سىلىقلىق بىلەن:

— يەنە باشقا گەپ - سۆزۈڭ بارمۇ؟ — دېدى.

ئاQ بىر ئاز ئويلاندى. لېكىن ئۇنىڭ باشقا ئېيتىدىغان سۆزى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن:

— يوق! — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇزۇن ۋە كالتا چاپان كىيگەن ئاللىقانداق كىشىلەر ئاQ نىڭ يېنىغا كېلىپ، قارا خەتلەر يېزىلغان بىر دانە خەسە مايكىنى ئۇنىڭغا كىيگۈزدى. ئاQ ناھايىتى رەنجىدى، چۈنكى بۇ ھازىدارلار كىيىۋالىدىغان قارىلىق كىيىمگە ئوخشايتتى. قارىلىق بولسا مۇسىبەتنىڭ، شۇملۇقنىڭ بەلگىسى.

ئۇنىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا باغلاپ يامۇلدىن تالاغا ئېلىپ چىقىشتى، سۆرەپ هارۋىغا سېلىپ، بىر نەچچە كالتا چا-پان كىيگەن ئادەملەر ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇشتى. هارۋا دەررۇ مېڭىپ كەتتى. ئالدىدا پەرەڭ مىلتىقلىرىنى تۇتقان ئەسكەرلەر بىلەن قوغدىغۇچىلار كېتىپ باراتتى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تاماشىچىلار تولغانىدى.كەينىدە نېمە بولۇ-ۋاتقىنىنى ئاQ كۆرەلمىدى. شۇ زامان ئاQغا: «بۇلار مې-نى چېپىشقا ئېلىپ كېتىپ بارامدۇ، نېمە؟» دېگەن خى-يال كەلدى. ئۇ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، قۇلاقلىرى ۋى-ڭىلداپ هوشىدىن كەتكەندەك بولدى. هوشىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ بېشىغا بۇ دۇنيادا ئادەم بالىسىنىڭ ئۆلۈم جازاسى-دىنمۇ قۇتۇلالمايدىغان پەيتى بولىدۇ، دېگەن ئوي چۈشتى.

ئاQ يولنى ياخشى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ ماڭمىغانلىقىغا هەيران قالدى. ئاQ كو-چىلاردا سازايى بولۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى تېخى ئۆزى چۈشەن-مىگەنىدى. چۈشەنگەن هالەتتىمۇ بەرىبىر ئۇ: بۇ دۇنيا-دا بەزىدە ئادەم بالىسى شۇنداق كوچا ئايلىنىپ سازايى بولىدىغان مىنۇتلارغىمۇ دۇچار بولىدۇ ... دەپ ئويلىغان بولار ئىدى. ئاخىر ئۇ، بۇ ئەگرى - توقاي يوللارنىڭ جازا مەيدانىغا ئېلىپ بېرىشىنى بىلدى. ئۇ يەرگە بارغان-دىن كېيىن كاللا كېتىدۇ ...

ئۇ هاڭ - تاڭ بولۇپ ئەتراپىغا قارايتتى. ئارقىسى-دا خۇددى چۈمۈلىدەك ئادەملەر مىغىلدىشىپ يۈرەتتى. ئۇ يولنىڭ چېتىدە، توپنىڭ ئارىسىدا كېلىۋاتقان ئۇمانى-نى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار كۆرۈشمىگىلى خېلى ۋاقىتلار بولغانى-دى. «هە، ئۇ، شەهەردە ئىشلەيدىكەن - دە!» دەپ ئوي-

لىدى ئاQ.

بىردىن ئاQ شۇ كەمگىچە ئۆز باتۇرلۇقىنى كۆرسىتىپ بىرمۇ ناخشا ئېيتمىغىنىغا ئىزا تارتىپ قالدى. ھەر خىل ئويلار ئۇنىڭ بېشىدا قۇيۇندەك ئايلىنىپ كەتتى: «تۇل چوكانىنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىشى»نى ئېيتايمۇ، ...ياق ... بۇ ئانچە ھەيۋەتلىك ئەمەس! «يولۋاس بىلەن ئەجدىھانىڭ ئېلىشىشى»، «ۋاي توۋىيەي، ۋاي توۋا»نى ئېيتايچۇ ... ياق، ... بۇمۇ كۆچلۈك ناخشا ئەمەس، «قولۇمدا سىم قامچا» چۇ؟ مانا بۇ ناخشا يارايدۇ ... ئاQ ئەمدى قولىنى كۆتۈرەي دېۋىدى، قولىنىڭ باغلاقلىقى يادىغا چۈشتى ۋە ناخشىنىمۇ ئېيتمىدى ...

— يىگىرمە يىل ئۆتكەندىن كېيىن مانا يەنە بىرسى ... — ئاQ شۇ جىددىي پەيتتە ھېچقاچان قىلمىغان سۆزنى بىردىنلا «دىلى يورۇپ كەتكەندەك» سۆزلىدى.

كۆپچىلىك ئارىسىدىن:

— يارايسەن!!! — دېگەن بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىغا ئوخشاش سۆزلەر ئاڭلاندى.

ھارۋا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئاQ كۆپچىلىكنىڭ ماختاۋاتقان ۋاقىت - چۈشلىرى ئىچىدە ئۇيان - بۇيان كۆز يۈگۈرتۈپ ئۇمانى تاپتى. لېكىن ئۇ ئاQ غا سەپسالماستىن، دومبىلىرىگە پەرەڭ مىلتىقلىرى ئېسىۋالغان ئەسكەرلەرگە قاراپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاQ ۋارقىرىشىپ كېلىۋاتقان كۆپچىلىككە قارىدى.

نەچچە تۈرلۈك ئوي - خىيالدىن ئۇنىڭ بېشى گاڭگىراپ كەتتى. ئۇ بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى تاغ باغرىدا ئاچ بۆرىنى ئۇچراتقانىدى. بۆرە ئۇنىڭ كەينىگە چۈشۈ-

ۋېلىپ، ئۇنى يەۋەتمەكچى بولغانىدى. مانا شۇ چاغدا ئاQ ناھايىتى قورققان. بەختىگە، قولىدا پالتىسى بولۇپ، ئۇ پالتا ئاQغا مەدەت بېرىپ، ئامان ـ ئېسەن ۋېيجۇاڭغا يېتىۋالغانىدى. لېكىن بۆرىنىڭ خۇددى ئالۋاستىنىڭ كۆز- لىرىگە ئوخشاش يېنىپ تۇرغان رەھىمسىز ئىككى كۆزى ئاQنىڭ يۈرىكىدە ئۇنتۇلمايدىغان ئىز قالدۇرغانىدى. مانا ئەمدى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ھەم گال، ھەم ئۆتكۈر، دەھشەتلىك كۆزلەرنى كۆردى. بۇ كۆزلەر ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي ئۇنىڭ سۆزلىرىنى يەپ بولۇپ، ئەمدى ئۇنىڭ جەسىتىدىن باشقا نەرسىلىرىنىمۇ يېمەكچى بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

بۇ كۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر كۆزگە ئايلىنىپ، توپتوغرا ئاQنىڭ جېنىغا چاڭ سالماقتا ئىدى.

ئاQ «ۋايجان!» دەپ ۋارقىرىماقچى بولدى. لېكىن ۋارقىرىمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ قۇلاق- لىرى زىڭىلداپ كەتتى. گويا بەدىنى چاڭدەك توزۇپ كەتكەندەك بولدى ...

بۇ ۋەقەنىڭ ئاقىۋىتىگە توختايلى. ئەڭ چوڭ كېلىشە- مەسلىك كاتتا موللا جانابىنىڭ بېشىغا كەلدى: ئۇنىڭ ئوغرىلانغان ساندۇقلىرىنىڭ بىرىمۇ تېپىلمىدى، شۇڭا بار- لىق ئائىلىسى يىغلاپ، قايغۇ ـ ھەسرەت چەكتى. جاۋ بې- گىمنىڭ ئائىلىسىگىمۇ چوڭ كېلىشمەسلىك كەلدى: موللا

شەھەرگە كېتىپ بارغاندا (ئۇ ھۆكۈمەتكە شىكايەت قىلماقچى ئىدى) ئوسال ئىنقىلابچىلار ئۇنىڭ چېچىنى قىرقىۋەتتى. جاۋ ئۇ ئىنساپسىزلارغا يىگىرمە مىڭ يارماق تەقدىم قىلىشقىمۇ مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ قايغۇغا، ھەسرەتكە چۆككەنىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلار قاتارىغا ئۆتۈشكە باشلىدى.

جامائەت پىكرىنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ۋېيجۇاڭدا ھەممىسى بىر ئېغىزدىن، ئەلۋەتتە، ئاQنى ئەيىبلىك دەپ ھېسابلايتتى. چۈنكى ئاQنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا ئۇچرىغانلىقى شۇنداق پىكىرلەرگە شۈبھىسىز دەلىل ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭدا گۇناھ بولمىسا ئۇ ئۆلۈم جازاسىغا تارتىلارمىدى؟ شەھەر جامائىتىنىڭ پىكرى باشقىچە بولدى. ئۇلارنىڭ تولىسى: ئاQنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈشى باش چېپىشتەك قىزىق بولمىدى، ئۇ قانداق جىنايەتچى! كوچىلاردا شۇنچە سازايى قىلىنسىمۇ بىرمۇ ناخشا ئېيتمىدى! بىكاردىن - بىكار ئۇنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ ئاۋارە بولۇپ، ۋاقتىمىزنى يوقىتىپتىمىز، دەپ نارازى بولدى.

1921 - يىل 12 - ئاي

# پەن ئەپەندى رىيازەتتە

## يې شاۋجۈن

### توختى باقى تەرجىمىسى

يې شاۋجۈن (1894 — ) — يەنە بىر ئىسمى يې شېڭتاۋ، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ سۇجۇ شەھىرىدىن. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى بىلەن شۇغۇللانغان. 1914-يىلىدىن باشلاپ كونا كىتابىي تىلدا ھېكايە يېزىشقا كىرىشكەن. «4 – ماي» ھەرىكىتى ھارپىسىدا بېيجىڭدا چىقىدىغان «يېڭى دولقۇن»دا جانلىق تىلدا ھېكايە ئېلان قىلىشقا باشلىغان. ئۇ ئېلىمىزدە جانلىق تىلدا ھەممىدىن بۇرۇن ھېكايە يازغان يازغۇچىلارنىڭ بىرى. 1921 - يىلى شېن يەنبىڭ، جېن جېڭدولار بىلەن «ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەمئىيىتى» نى تەشكىللىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دەرس ئۆتۈشتىن تاشقىرى، كىتابخانىلاردا تەھرىرلىك خىزمەتلىرىنى ئۆتەپ، «ھېكايىلەر ئايلىق ژۇرنىلى»، «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى» قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولغان. مەملىكەت ئازاد بولغاندىن كې-

ېن، نەشرىيات، مائارىپ تارماقلىرىدا رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى ئۆتىگەن.

يې شاۋجۈن «ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەمئىيىتى»نىڭ ئىجادىيەت جەھەتتە مۇھىم نەتىجە قازانغان يازغۇچىسى. ئۇ دەسلەپتە يازغان «پەردە» (1922 – يىلى)، «ئوت ئاپىتى» (1923 – يىلى) ۋە «سىزدىق ئاستىدا» (1925 – يىلى) دېگەن ھېكايىلىرىدە رېئالىزمچە ئىجادىيەت پوزىتسىيىسىنى ۋە روشەن دېموكراتىزم خاھىشىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە پاجىئەلىك تەقدىرگە قالغان ئاياللارنى («ھايات»)، ئېغىر ئېكسپلاتاتسىيىگە ئۇچرىغان دېھقانلارنى («كەكرى — ئاچچىق سەي»، «سەھەردە يورغىلىماق»)، كەمبەغەللىكتىن ئوقۇيالمىغان بالىلارنى («بالا مىسكەر») تەسۋىرلەپ، مەزلۇملارغا چىن يۈرىكىدىن خەيرىخاھلىق قىلغان. ئۇ مىشچانلار ۋە ئۇلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان زىيالىيلارنىڭ چاكىنىلىقىنى، خۇنۇكلىكىنى قالتىس كېلىشتۈرۈپ سۈرەتلىگەن («پەردە»، «پەن ئەپەندى رىيازەتتە»).

يې شاۋجۈن «30 – ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىن، دەۋر تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنى يازغان. «شەھەردە» (1926 – يىلى)، «قانىمىدى» (1928 – يىلى) قاتارلىق ھېكايىلىرىدە كونا كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىدىغان بىر قەدەر قەيسەر ئادەملەرنى تەسۋىرلىگەن. 1928 – يىلى ئىدىيىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، «نى خۇەنزى» سەرلەۋھىلىك رومانىنى يازغان. 30 – يىللاردا «3. 4» سەرلەۋھىلىك ھېكايى-

لەر تۇپلىمىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى زۇلمەتنى ئەكس ئەتتۇرگەن.

بۇ يەردە تاللاپ بېرىلگەن «پەن ئەپەندى رىيازەتتە» سەرلەۋھىلىك ھېكايە يې شاۋجۇنىڭ نادىر ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا مىلىتارىستلار ئۇرۇشى ئەۋج ئېلىپ، خەلق ئېغىر كۈنلەرگە قالغان شارائىتتا، ئۆزىنىڭ ئامانلىقىنىمۇ، خىزمەت ئورنىنىمۇ كۆزى يەتمەيۋاتقان مائارىپچى زىيالىينىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئاپتور زىيالىينى مالىمانچىلىق، ۋەھىمە قاپلىغان ئۇرۇش شارائىتىدا تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ شۇنداق مۇھىتتىكى روھىي دۇنياسىنى تەنقىدىي يوسۇندا تەسۋىرلەپ بەرگەن. (ۋاڭ شىن)

# I

ۋوگزالدا ئادەم قىسىلدايتتى، ھەركىم ئۆز غېمى بىلەن، دىلى سۇنۇق، رەڭگىرويى خۇنۇك. رىكشىچىلار ئىككى قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ خۇددى مۈگدەۋاتقاندەك تۇرۇشاتتى. ئۇلار كۆڭۈلدىكىدەك ناپاۋەت قىلىدىغان ۋاقىتقا يەنە خېلى ۋاقىت بارلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇلارغا ئالدىراپ رۇسلىنىپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. ھاۋا خېلىلا دىمىق، ئادەملەرنىڭ بىرئاز دېمى سىقىلىپ تۇرغانلىقى يامغۇر ياغىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ

تۇراتتى. ئېلېكتر چىراغلىرىنىڭ يورۇغانلىقىغا خېلى ۋا-
قىت بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئادەتتىكى چاغلاردىكىگە قارى-
غاندا خىرە يانماقتا، شۇڭا ھەممە نەرسە، ھەممە ئادەم
خۇددى تۇمان ئىچىدە تۇرغاندەك ياكى ئادەمنىڭ چۈشى-
دىكىدەك كۆرۈنەتتى.

قارا سىرلاقلىق ئېلان تاختىسىدا غەرب تەرەپتىن
كېلىدىغان تېز پويىزنىڭ تۆت سائەت كېچىكىپ كېلىدى-
غانلىقى ئېلان قىلىندى. بۇ خەۋەر بىر نەچچە سائەت بۇ-
رۇن مەلۇم قىلىنغاچقا، كىشىلەر قارا تاختىغا خۇددى كونى-
راپ خەتلىرى ئۆچۈپ كەتكەن كىنو - تىياتىر ئېلانلى-
رىغا پىسەنت قىلمىغاندەك قايتا قاراپمۇ قويۇشمىدى. بۇنداق
ئېلان مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە ھەر كۈنى ھەر قېتىملىق
پويىز كېلىدىغان چاغدا مەلۇم قىلىنىپ تۇرغاچقا، كىشى-
لەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى تارتالماس بولۇپ قالغان.

نۇرغۇن ئادەمنى دىققەت قىلىپ تۇرغان پويىز ئا-
خىر يېتىپ كەلدى. دىمىقتا بولۇپ تۇرغان ۋوگزال بىر-
دىنلا قىمىلداشقا باشلىدى. كەلگەنلەرنىڭ كۆڭۈل ئارامى-
قىنى، كۈتۈۋالغانلارنىڭ خۇشاللىقىنى ۋە رىكشىچىلارنىڭ
ئاز - تولا تاپاۋەت قىلغانلىقىنى قويۇپ تۇرۇپ، گەپنى
راڭلىدىن كەلگەن پەن ئەپەندىدىن باشلايلى.

پويىز تېخى ۋوگزالغا يېتىپ كەلمەي تۇرۇپلا، پەن
ئەپەندى ھەممە ئىشنى جايى - جۇستىدە تەقلەپ قويدى:
ئۆزى باش بولۇپ ئوڭ قولىغا بىر قارا سومكىنى ئالدى،
سول قولىدا يەتتە ياشلىق بالىسىنى يېتىلىۋالدى، يەتتە
ياشلىق بالا توققۇز ياشلىق ئاكىسىنى، ئاكىسى بولسا ئانى-
سىنى يېتىلەپ ماڭدى. پەن ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، ئا-

دەم تىنىما - تىنماق بولۇپ تۇرغاندا، بىر ئۆيلۈك شۇنچە كۆپ ئادەم بىر - بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ قاتارلىشىپ ماڭسا، ھەر قانداق يەردىن قىستىلىپ - سىغدىلىپ ئۆتۈش مۇمكىن ئىكەن. ئۇ، بىر - بىرىڭلارنى مەھكەم تۇتۇپ مېڭىڭلار، قولۇڭلارنى قويۇۋەتمەڭلار، دەپ جېكىلەپ تۇراتتى: بۇ گېپىمنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسۇن دەپ، سول قولىنى پۇلاڭلىتىپ، بۇ ئاگاھنى بىر - بىرىڭلارغا ئۇقتۇرۇپ قويۇڭلار، دېگەندەك ئىشارەت قىلاتتى.

باش - ئايىغى بىر قاتار بولۇپ ماڭغانىنىڭ پايدىسى بار، ئەلۋەتتە، لېكىن زىيىنىمۇ يوق ئەمەس. پويىز ۋوگزالغا كىرىپ توختاي دېگەندە يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى نەرسە - كېرەكلىرى بىلەن ۋاگون ئىشىكىگە دەۋرەپ ماڭدى، يەن ئەپەندىنىڭ بالا - چاقىلىرى بىلەن راسلىغان ھېلىقى قاتارى بۇزۇلۇپ كېتىشكە باشلىدى. ئۇ قاراسومكىسىنى قالقان قىلىپ، مەيدىسى بىلەن ھەدەپ ئىتتىرىپ، ۋاگون ئىشىكىگە يەنە ئىككى دېرىزە ئارىلىق قالغان يەرگە سىغدىلىپ باردى. لېكىن ئۇنىڭ يەتتە ياشلىق بالىسى ۋاگون ئىشىكىگە يەنە تۆت دېرىزە بار يەردە يولۇچىلار بىلەن ئورۇندۇق ئارىلىقىدا قىسىلىپ قالدى. ئۇ قىمىرلىيالمايتتى، بىر قولى ئالدىدا دادىسىنى تۇتقان، يەنە بىر قولى ئارقىدا ئاكىسىنى تۇتقان، بىرى ئالدىغا، بىرى ئارقىسىغا تارتىلغان ئىككى بىلىكى گويا ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك تارتىلاتتى. ئۇ:

— ۋايجان! ۋاي قولۇم! ۋاي بىلىكىم! — دەپ جاۋۇلداپ توۋلىغىلى تۇردى.

يولۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئايىغىدا بىر كىچىك بالىنىڭ

قىستىلىپ قالغانلىقىنى ئۇنىڭ يىغلامسىراپ ۋارقىرىغان-لىقىدىن بىلىپ قارىسا، تۆت جان ئادەم بىر - بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ قاتار تىزىلىۋالغان.

— قولىنى قويىۋېتىڭلار! قويىۋەتمىسەڭلار، بالا ئىك-كى پارە بولۇپ كېتىدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى يولۇچىلاردىن بىرى.

— بالىسىنى كۆتۈرىۋالسا بولمامدىكىنە؟! — يەنە بىر يولۇچى ئۆزىنىڭ ئالغا سىلجىش پۇرسىتىگە دىققەت قىلغاچ، نەپرەت ئاھاڭىدا ئۆزىچە سۆزلىدى.

— بولمايدۇ! — پەن ئەپەندى ئۇلارنىڭ سۆزلىرى-نى توغرا تاپمىدى. بىر - بىرىمىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ ماڭغانىنىڭ ئۆزىگە يارىشا پايدىسى بار دەپ ئويلىدى ۋە يەنە، بۇنىڭ پايدىسىنى ھەممىلا ئادەم بىلىپ كېتەۋەرمەي-دۇ، ئۇلار بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرۇشمۇ بىكار، ئۇنىڭ-غا ئۆزۈمنى ئۇرۇپرىتىپ نېمە قىلارمەن، دەپ ئويلىدى -دە، قىلىۋاتقان كېپىنىڭ ئايىغىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. يەنىلا ياشلىق بالىسى بولسا «ۋاي قولۇم! ۋاي بىلىكىم!» دەپ ۋايسىماقتا، پەن ئەپەندى يا ئالدىغا سىلجىشقا، يا ئارقىسىغا يېنىشقا كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن، نائىلاج ئەھدىسىنى بۇزۇپ قولىنى قويىۋەتتى ۋە ئاسقىقان ھالدا:

— ئۆزۈڭلار ئىلاجى قىلىڭلار! ئۆزۈڭلار ئامال قى-لىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

پويىز توختىدى. بىر نەچچە ئادەم ۋاگوننىڭ ئىشى-كىدىن خۇددى ئېتىلغان ئوقتەك سەكرەپ چۈشتى. پەن ئەپەندىنىڭ ئالدى تەرىپى بىرئاز بوشىغاندەك بولدى، لېكىن ئارقا تەرىپىدىكى قىستاڭچىلىق بىردىنلا كۈچىيىپ

كەتتى ـ دە، ئۆز پۈتىغا ئۆزى ئىگە بولالماي، ئالغا سىيپاپ مېڭىشقىلا مەجبۇر بولۇپ قالدى، ئارقىسىدىكى قوشۇنـ نىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراشقا ئامال قىلالماي، ئالدىدىكى ئادەمنىڭ شىلىـ سىگە قاراپ تۇرۇپ:

— ئارقامدىن مېڭىڭلار! ئارقامدىن مېڭىڭلار! — دەپ توۋلىدى.

ئۇمۇ ۋاگوننىڭ ئىشكىدىن پالاققىدە ئېتىلىپ چىقـ تى. ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىسا، ئارقىسىدىكى ئوغـ لى بىلەن خوتۇنى كۆرۈنمىدى. ئۇلارنىڭ ۋاگون ئىچىدە قاپسىلىپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلىپ، ۋاگوننىڭ ئىشىكىدە ساقلاپ تۇرۇشنى ئويرۇنلۇق دەپ بىلدى. يەنە بىرەر يۈز ئادەم چۈشكەندىن كېيىن ۋاگون پەلەمپىيىدىكى ئادەملەر ئىچىدىن يەتتە ياشلىق ئوغلىنىڭ قارىسى كۆرۈندى، ئېـ لېكتىر چىرىغىنىڭ يورۇقىدا ئۇنىڭ چىرايى يىغلىغاندەك تۇراتتى. پەن ئەپەندى ئالدىغا سىلجىپ بـاردى، ۋاگون ئىشىكىدىن سەكرەپ چۈشۈۋاتقان ئادەملەر بىر نەچچە قېـ تىم ئارقىسىغا سوقۇۋەتتى. ئاخىر ئوغلىنى سول قولى بىلەن قۇچاقلىۋالدى. يەنە بىردەمدىن كېيىن خوتۇنى بىلەن توققۇز ياشلىق ئوغلىمۇ چۈشتى. خوتۇنى قاتتىق هاسىرايتتى، «ئۇھ! ۋاي ئاللا!» دەپ ۋايسايتتى، خۇددى ئانىسىغا يېلىـ نىپ قارىغان بالىدەك ئەلەڭگۈلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى پەن ئەپەندىگە مۆلدۈرلىتىپ قارايتتى.

پەن ئەپەندىنىڭ يۈرىكى ئاخىر ئورنىغا چۈشتى، ئۇ بالىۋاقىلىرى پويىزدىن تولۇق چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن يەنە بۇيرۇق قىلدى:

— يەنە بايامقىدەك بىر - بىرىمىزنىڭ قولىنى تۇتۇۋالايلى. كۆرمىدىڭلارمۇ، سۇپىدىكى ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىنى. بىلەتنى يىغىۋالىدىغان يەر تېخىمۇ قىستاڭچىلىق. بىر - بىرىمىزنىڭ قولىنى تۇتۇۋالمىساق ئازغىشىپ قالىمىز!

يەتتە ياشلىق ئوغلى قورقۇنچ باسقانلىقتىن، ئۇنىڭ پۇتىغا يامىشىپ:

— دادا، مېنى كۆتۈرۈۋال! — دېدى.

— هەي نانقېپى! — يەن ئەپەندىنىڭ ئاچچىقى كەلدى، لېكىن يەنە ئۆزىنى بېسىپ، بالىسىنى قۇچىقىغا ئالدى ۋە چوڭ ئوغلىغا، — چاپىنىمنىڭ ئارقا پېشىدىن تۇتۇۋال، بىر قولۇڭ بىلەن ئاناڭنى يېتىلىۋال، — دەپ جېكىلىدى. چۈنكى ئۆزىنىڭ هەر ئىككى قولى بىكار ئەمەس ئىدى.

يەن ئەپەندىنىڭ رەپىقىسى بۇنداق ئېغىرچىلىقلارنى تارتىپ باقمىغانىدى. ۋاگوندىن مىڭ تەسلىكتە چۈشسە، يەنە ئۇنىڭدىنمۇ يامانراق قىستاڭچىلىققا قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ ۋايسىدى:

— بۇنداقلىقىنى بىلگەن بولسام، ئۆيۈمدە ئۆلۈپ قالسامۇ مەيلى ئىدى، بۇنداق مۇساپىرچىلىق دەردىنى تارتماس ئىدىم!

— نېمە پۇشايمان؟! — يەن ئەپەندى هەم ئاچچىقلاندى، هەم ئىچ ئاغرىتتى. — بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى پۇشايمان قىلغانىڭنىڭ كېرىكى يوق. هەر هالدا جېنىمىز ئامان قالدى، مېڭىڭلار، قاراپ دەسسەڭلار.

قاتار تىزىلغان تۆت جان ئاياغلىرىنى سىيپاپ ماڭغىنىچە ئادەملەر توپىغا سىغدىلىپ كىرىپ كەتتى.

پەن ئەپەندى خۇددى چۈشىدە ماڭغاندەك مىڭ-مىڭ ئادەم توپى ئىچىدە سۈرۈلۈپ مېڭىپ بېلەت يىغىۋالىدىغان ئېغىزدىن چىقتى. خۇددى شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇغا ئوخشاش ئارقىسىغا بۇرۇلۇش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى، مىڭ-مىڭ ئادەم ئېقىنى ئىچىدە ئايىغى يەرگە تەگمىگەن ھالدا لەيلەپ ماڭدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ۋوگزالنىڭ تۆمۈر رېشاتكىسىدىن چىقىپ، تراموۋاي رېلىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، پىيادىلەر ماڭىدىغان سېمونت يولغا ئۆتتى. ئەنە شۇ چاغدا ئالدىراپ ئارقىسىغا ئۆرۈلدى، قارىسا ئېلېكتر چىراغلىرىنىڭ نۇرىدا تاتارغان سانسىز چىرايلار، ساناقسىز چامادان، خۇرجۇن، قاچا ئۆزى تەرەپكە گويا سەلدەك لەپپەڭلەپ كەلمەكتە؛ ئارقا پېشىنى تۇتۇپ ماڭغان ئوغلىدىن دېرەك يوق، ئۇنىڭ قاچان ئايرىلىپ قالغانلىقى نامەلۇم. پەن ئەپەندى تولىمۇ دىققەت بولدى. تۇرغان جايىدا ئىختىيارسىز چۆگىلەپ قالدى. بىر نەچچە قېتىم چۆگىلەپ قارىغان بولسىمۇ، ئوغلىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىدى. خانىۋەيران بولىدىغان بولدۇم دېگەن خىيال مېڭىسىگە كىردى - دە، كۆزىگە لۆم-لۆم ياش كەلدى، ئېلېكتر چىراغلىرىمۇ، ئادەملەرمۇ كۆزىگە خىرە كۆرۈندى.

خەيرىيەت، قۇچىقىدىكى ئوغلىنىڭ كۆزى ئۆتكۈر ئىكەن، ئۇنىڭ كۆزى ئانىسىنىڭ چېكىسىگە چۈشۈپ تۇرغان تارىقاي چاچلىرىغا چۈشۈپ تونۇدى ۋە:

— ئانام، ئانام ئايەردە تۇرىدۇ! — دەپ قولى بىلەن كۆرسەتتى.

پەن ئەپەندى خۇشال بولدى، لېكىن ئانچە ئىشەنگۈسى كەلمەي، كۆزىنى بالىسىنىڭ كۆڭلىكىگە سۈرتۈۋېتىپ، ئاندىن بالىسى كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى، بىردەم ئۇ-

يان ـ بۇيان كۆز يۇگۈرتكەندىن كېيىن كۆردى. رەپىقد
سى كىشلەر توپى ئىچىدە خۇددى ئۈركۈگەن چاشقاندەك
ئۇيان ـ بۇيان سوقۇلۇپ، ئالدىدىكى چوڭ ئوغلىنى قوغ-
داپ ماڭماقتا. ئۇلار ترامۋاي يولىدىن تېخى ئۆتمىگەن.
پەن ئەپەندى چوڭ ئوغلىنى چاقىرغىنىچە ئالدىغا بېرىپ،
ئۇلارنى، بايا ئۆزى كېلىپ توختىغان پىيادىلەر يولىغا
باشلاپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇچىقىدىكى بالىسىنى يەر-
گە قويۇپ ئارامخۇدا ئۇھ تارتتى ـ دە، يۈز ـ كۆزىدىكى
تەرلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— بۇنىڭغىمۇ شۈكرى! — دېدى.

شۇنداق، شۈكرى قىلسا بولار. تۆمۈر رېشاتكىدىن
چىقىۋالدى دېگەن سۆز خەۋپ ـ خەتەردىن قۇتۇلدى دې-
گەن سۆزدە، بالىۋاقىلىرىنىڭمۇ تەلىيى بار ئىكەن، قىس-
تاڭچىلىقتا يوقىلىپ كەتكەن خوتۇنى بىلەن ئوغلىمۇ تېپىل-
دى. مانا بۇ تۆت جان، بىر سومكا خەۋپ ـ خەتەر-
دىن ئامان قالدى دېگەن گەپ ئەمەسمۇ؟! بۇنىڭغا «شۈك-
رى» قىلماي بولامدۇ؟!

— رىكشا! — دەپ چاقىردى پەن ئەپەندى سالا-
پەت بىلەن.

رىكشىچىلار رىكشىلىرىنى سۆرەپ كېلىشتى ۋە قەيەر-
گە بارىسىلەر، دەپ سورىدى.

پەن ئەپەندى خۇددى ئىززەت ـ ئابرويى ئېشىپ
كەتكەندەك سالاپەت بىلەن بېشىنى بىر ئاز غادايتىپ،
ئىككى بارمىقىنى چىقىرىپ:

— ئىككىسى كېرەك، ئىككى رىكشا كۇپايە! — دې-
دى ۋە بىر ئاز خىيال سۈرگەندىن كېيىن يەنە سۆزلىدى، —

ئون تىيىن، تۆتىنچى كوچا، خالىساڭ مانا! — بۇ مۇشۇنداق سۆز بىلەن ئۆزىنى «كونا شاڭخەيلىك» دەپ تونۇتماقچى.

بىردەم بېيىلەشكەندىن كېيىن ھەر بىر رىكشىنى ئون ئىككى تىيىنغا كېلىشتى. رەپىقىسى چوڭ ئوغلى بىلەن رىكشىغا، پەن ئەپەندى كىچىك ئوغلى ۋە قارا سومكىسى بىلەن يەنە بىر رىكشىغا چۈشتى.

رىكشىچى ئەمدىلا قەدەم تاشلاۋاتاتتى، ئۆشنىسىگە مىلتىق ئاسقان بىر ھىندى ساقچى رىكشىچىنى بىر قولى بىلەن ئالدىدىن توستى. پەن ئەپەندىنىڭ كىچىك ئوغلى ساقچىنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ، يۈزىنى دادىسىنىڭ مەيدىسىگە چاپلىۋالدى.

پەن ئەپەندى ئوغلىغا چۈشەندۈردى:

— قورقما، بۇ ھىندى ساقچى، قىزىل سەللىسىنى كۆرمىدىڭمۇ؟! بىزنىڭ يۇرتىمىزدا بۇنداق ئادەم بولمىغاچقا بۇ يەرگە قېچىپ كەلدۇق، بۇ بىزنى مىلتىقى بىلەن قوغدايدۇ. قارا، ساقىلى نېمىدېگەن چىرايلىق، قاردىغىنا، بىراخمانلارنىڭ ساقىلىغا ئوخشايدۇ.

بالىنىڭ قورقۇنچى بېسىلمىدى، شۇڭا ھەتتا بىراخماننىڭ ساقىلىغىمۇ قاردىغۇسى كەلمىدى. قۇلىقىغا «جاك، جاك ...» قىلغان ئاۋاز كىرگەندىلا يۈزىنى يانغا بىر ئاز ئۆرۈپ قاردى، يوپيورۇق بىر ئۆي يالت - يۇلت قىلىپ كۆزىدىن ئۆتۈپ كەتتى، يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، چىراغلىرى يوپيورۇق يورۇپ تۇرغان ئۆيلەر قاتار ئۆتۈپ كەتتى، بالا بۇلارغا قاردىغىنچە يۈزىنى دادىسىنىڭ مەيدىسىگە يېقىشتىن قالدى.

تۈلكىنچى كوچىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇدا سەككىز-توققۇز سارايغا دوقۇردى، ھەممىسىگە «بوش ئورۇن يوق» دېگەن تاختا ئېسىلغانىدى: يېلىنىشىمۇ بىكار ئىدى، چۈنكى ئايۋاندىكى تۆشەكلەرمۇ ھەقىقەتەن بوش ئورۇن قالمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئاخىرىدا ئوخشاشلا «بوش ئورۇن يوق» دېگەن تاختا ئېسىلغان يەنە بىر سارايغا بارغاندا، ساراي خادىمى ئېرىنچەكلىك بىلەن:

— ھۇجرا كېرەكمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كېرەك ئىدى، بارمۇ؟ — پەن ئەپەندىنىڭ كۆڭلى خۇددى ئۆز ئۆيىگە كېلىپ قالغاندەك يايراپ كەتتى.

— ھۇجرىدىن بىرسى بىكار، ئۇ ھۇجرىغا چۈشكەنلەر تاشقىرىدىن ئىجارىگە ئۆي تاپقانىكەن، ھېلىراقتا كۆچۈپ چىقىپ كەتتى. بىر ئاز ھايال بولسىڭىز، سىزگىمۇ تەگمەس ئىدى.

— ئۇنداق بولسا شۇ ھۇجرا بىزگە تەن بولسۇن، — پەن ئەپەندى كىچىك ئوغلىنى يەرگە قويغاندىن كېيىن، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بېرىپ رەپىقىسى بىلەن چوڭ ئوغلىنى رىكشىدىن چۈشۈردى، — ھەر هالدا تەلىيىمىز ئوڭ ئىكەن، پاناھ بولغۇدەك ئۆي تېپىلدى!

پەن ئەپەندى سېخىيلىق قىلىپ رىكشا ھەققىگە يەنە بىر تىيىندىن قوشۇپ بەردى. ئۇ تەلەي ئوڭدىن كەلگەندە باشقىلارغا بىرئاز ياخشىلىق قىلسا كېيىن تەلەي ئوڭدىن كېلىۋېرىدۇ دەپ ئىشىنەتتى. لېكىن رىكشىچىلار رازى بولماي، بىر ئۇيان-بىر بۇيان قېيىپ يۈرۈپ جىق ئاۋارە بولدۇق، يەنە بەش تىيىندىن قوشۇپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى. ئاخىر ساراي خادىمىنىڭ سالا-

سۇلھىسى بىلەن تۆت تىيىن ئارتۇق تۆلەپ تۈگەشتى.

ھۇجرا ئاستىنقى قەۋەتتە بولۇپ، بىر كارىۋات، بىر ئېلېكتر چىراغ، بىر جوزا، ئىككى ئورۇندۇق بار ئىدى، ھۇجرىنىڭ ھاۋاسى بۇلغىنىپ كەتكەنىدى. پەن ئەپەندىنىڭ بالا - چاقىسى خىزمەتكارنىڭ كەينىدىن ھۇجرىغا كىرگەن-دە دەرھال بۇرنىغا پۇردىغىنى ياغنىڭ بۇسى ۋە ئۇنىڭغا ئارىلاش سۇيدۇك ھىدى بولدى. پەن ئەپەندى ناخۇش ھالدا: «نېمە بەتبۇي بۇ!» دەپ تۇراتتى، يان ھۇجرىدىن چىققان «پاژ - پۇژ، كاژ - كۇژ» ئاۋازنى ئاڭلاپ، يان تامنىڭ ئاش-خانا ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە بۇ ھىد بەتبۇي بولسىمۇ، ئوق يەپ ئۆلگەندىن، قاچ - قاچ بو-لۇپ يۈرگەندىن كۆپ ياخشى دەپ ئويلاپ، كۆڭلى ئارام تاپقان ھالدا ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

— كەچقۇرۇنلۇق تاماق كېرەكمۇ؟ — خىزمەتكار كۆتۈرۈپ كىرگەن سومكىنى قويغاندىن كېيىن سورىدى.

— مەن قورداق يەيمەن، — دېدى كىچىك بالا بار-مىقىنى چىشلەپ تۇرۇپ.

ئانىسى دەرھال كۆزىنى ئالايتىپ كايىدى:

— قورداق؟! بىز ھازىر ئۇرۇش ئاپىتىدىن قاچ - قاچ بولۇپ يۈرۈۋاتىمىز، يەيدىغان نەرسىنىڭ تېپىلغىنىغا شۈكرى قىل، ئۇنى يەيمەن، بۇنى يەيتتىم دېگىنىڭنى قارا!

چوڭ ئوغلىمۇ كەم ئەقىل بولغاچقا، پەن ئەپەندىگە يېلىندى:

— شاڭخەيگە كەلدۇق، ياخشىراق بىر نېمە يەيلى.

ئانىسىنىڭ جۇدۇنى تۇتتى، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ تۇرۇپ تىل سالدى:

— ھەممىڭدە ئىنساپ يوق، ھەممىڭ يېگۈدەك بىر نەرسە تاپالماي ئاچلىقتىن ئۆلۈش ...

پەن ئەپەندى بىرئاز خىجىل بولسىمۇ ھېچبىر ئىش بولمىغاندەك:

— كىچىك بالا دېگەن نېمىنى بىلەتتى، — دەپ قويدى ۋە ئاندىن كېيىن خىزمەتكارغا جېكىلىدى، — يول ئۈستىدە بىر نەرسە يەۋالغانىدۇق، تۇخۇم بىلەن قورۇغان گاڭپەندىن ئىككى كىشىلىكلا ئەكىرىپ بەرسىڭىز بولار.

خىزمەتكار ئانچە پىسەنت قىلمىغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ بوسۇغىدىن چىقىپ تۇرۇشىغا، پەن ئەپەندى ئۇنى يەنە چاقىرىۋېلىپ:

— بىر جىڭ شاۋشىن ھارىقى، بىر موچەنلىك سۇرلىگەن بېلىق ئالغاچ كىرىڭ، — دېدى.

خىزمەتكار كۆزدىن غايىب بولدى. شۇ چاغدا پەن ئەپەندى كۆڭلى ئېچىلغان ھالدا رەپىقىسىگە سۆزلىدى:

— ئەمدى ئۆزىمىزنى شاد - خۇرام قىلىپ، بىرەر رومكىدىن ئىچمىسەك بولماس. ئويلاپ باققىنا، ئۇرۇش يېغىلىقى بولۇپ تۇرغان يەردىن مانا بۇ خالىي ماكانغا كېلىۋالدۇق، بۇ — بىرىنچى شادلىق. بايا سىلەر بىردىنلا يوقىلىپ كەتتىڭلار، خېلى ۋاقىت ئىزدەپ تاپالماي، ئۆلگۈدەك ئاسقىتىم، ئوغلىمىز شاكىچىك چېچەن ئىكەن، — سۆزلەۋېتىپ كىچىك بالىسىنى يېنىغا تارتتى ۋە ئەركىلىتىپ بىر قولى بىلەن يەلكىسىگە ئۇرۇپ قويدى، — بۇ بىر قاراپلا سېنى كۆرۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئالدىڭغا باردىم، مانا بۇ ئىككىنچى شادلىق. شاد - خۇرام ئەيلىگەندە بىر رومكا ئىچسەڭ، مەززە شۇندا. — ئۇ رومكا كۆتۈرگەندەك قىياپەت بىلەن كۆزلىرىنى

خۇمارلاشتۇرۇپ كۈلدى.

رەپىقىسى ئۇن - تىن چىقارمايلا ئولتۇردى. ئۇ ئۆيىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ ئولتۇراتتى: پۈللۈق نەرسىلەرنى سومكىغا قاچىلاپ ئېلىۋالدۇق، بىر قىسمىنى ئىبادەتخانىغا ماڭدۇرۇۋەتتۇق، شۇنداق بولسىمۇ قېپقالغان نەرسىلەر ئاز ئەمەس. خىزمەتكارىمىز ۋاڭ ئانا ئىشەنچلىك چىقارمۇ؟ ھېلىقى كەمبەغەل قوشنىمىز بىزنىڭ ئۆيىنى تاشلاپ چىققانلىقىمىزنى، ئۆيگە يالغۇز ۋاڭ ئانا قاراپ قالغانلىقىنى بىلگەنمىدۇ؟ ۋاڭ ئانا ئۇخلايدىغان چاغدا ئىشىك ياكى دېرىزىنى يېپىشنى ئۇنتۇپمۇ قالارمۇ؟ ... پەن ئەپەندىنىڭ رەپىقىسى ھويلىدا قالغان ئۈچ مېكىيانىنى، كەنجى ئوغلىنىڭ چالا قالغان ئىشتىنىنى، ئاشخانىدا قالغان يېرىم غاز گۆشنى... خىيالىدىن كەچۈردى. بىردەمنىڭ ئىچىدە تۈرلۈك ئىشلارنى ئويلاپ ۋۇجۇدى خۇددى توك ئۆتكەندەك جۇغىغىدە بولۇپ كەتتى ۋە «قانداق بولاركىنتاڭ!» دەپ پىغان قىلدى.

ئىككى بالىسىمۇ مەيۈسلىنىپ، بۇ شاڭخەينىڭ ئاتا - ئانىمىز ئادەتتە سۆزلەپ بەرگەن شاڭخەيدەك پەيزى يوق ئىكەن، دەپ ئويلىدى.

دېرىزىدىن يامغۇر تامچىلاپ كىرىشكە باشلىدى. پەن ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئاخىر ياغدى، لېكىن ئەمدى ياغقانلىقىغا شۈكرى، — دېدى - دە، دېرىزىنى يېپىپ قويدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى دېرىزىنىڭ قانىتىدا يېپىلىپ قالغان قەغەزگە — سارايغا چۈشكەن مېھمانلار بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار دېگەن قەغەزگە چۈشتى - دە، ناھايىتى مۇھىم

بىر ئىش ئېسىگە چۈشۈپ، ھېلىقى قەغەزگە دىققەت بىلەن قارىدى.

— توپتوغرا ئىككى كويچەن! — پەن ئەپەندى ئۇچۇقـقىنىدىن تۇۋلاپ سالدى. ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ رەپىقىسىـگە تىكىلىپ قارىدى ـ دە، ئاغزىدىن تىلى تۆت ئىلىك ساڭگىلاپ چىقتى.

2

ئەتىسى، ساراي خىزمەتكارى كارىدوردىكى ئۇزۇن بەلدىڭدە تۈگۈلۈپ ئۇخلاۋاتاتتى، تار ھەم كىچىك تۈڭلۈكـتىن ئاندا ـ ساندا يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. بىر نەچچە ھۇجـرىنىڭ ئېلېكتىر چىراغلىرى سارغۇچ يېنىۋاتاتتى. لېكىن پەن ئەپەندى رەپىقىسى بىلەن خېلىدىن بۇيان گەپلىشىپ ئولـتۇرماقتا. ئىككى ئوغلى شاڭخەي بۈگۈن ئەمدى تۈنۈگۈن كەچقۇرۇندىكىگە قارىغاندا ياخشىراق بولۇپ قالغاندۇر دېگەن خىياللار بىلەن ئويغىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاتاـئانىسى يەنە بىردەم ئۇخلاڭلار دېگەنلىكى ئۈچۈن يەنە كارىۋاتتا بىر ـ بىرىنى غىدىقلاپ ئويناپ ياتاتتى.

— گېپىمنى ئاڭلاڭ، قايتىپ كەتمەڭ، — دېدى رەپىـقىسى ئەندىشە بىلەن، — گېزىتتىكى گەپلەرگە ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. شۇنچە تەسلىكتە قېچىپ چىققان تۇرـساق، يەنە دەرھال قايتقىنىڭىز نېمىسى؟!

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان. ئىدارە باشلىقى گىمۇ جۇيىجاڭنىڭ مىجەزىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. «بۇ يەرـدە ئۇرۇش ـ جەڭ توختاپ قالدى، مەكتەپلەردە دەرسنى

داۋاملاشتۇرىمىز» دېگەن گەپ ئۇنىڭ باياناتى. بۇ گەپنى كۆتۈرۈپ كەلگەن خەۋەرچىنىمۇ تونۇيمەن. ئۇ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ خادىمى تۇرسا، ئۇنىڭغا ئىشەنمەي بولماس. قايتىشنى قايتىمەن.

— ھەي - ي - ي، قايتقىنىڭىز خەۋپلىك! — دېدى رەپىقىسى مەيۈسلىنىپ، — بىزنىڭ ئۇ يەرلەردە يەنە ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن جەڭ باشلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. قايتىپ بېرىپ مەكتەپنى ئاچسىڭىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېلىشى ناتايىن. ئۇ يەردە جەڭ بولمىغان تەقدىردىمۇ، مۇبادا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ جۈيجاڭى سىزنى نېمىشقا مەكتەپنى ئاچمىدىڭ، دەپ جاۋابكارلىققا تارتسا ئۇنىڭغا گەپ تېپىپ بېرەلەيسىز. ئۇنىڭغا جان مۇھىممۇ ياكى مەكتەپ مۇھىممۇ دەيسىز - دە، ئۇنىڭغىمۇ جان كېرەك، سىزنى خىجالەتچىلىككە قالدۇرماس.

— نېمىنى بىلەتتىڭ سەن؟ — پەن ئەپەندى ھاقارەت بىلەن سۆزلىدى، — بۇنداق گەپنى ئۆيدىن چىقماي كارىۋاتتا تۈگۈلۈپ ياتىدىغان ساڭا ئوخشاش خوتۇن خەق دېسە قاملىشىدۇ. ئۇنداق گەپنى بىز ئاغزىمىزدىن چىقىرالامدۇق؟! سەن مېنى توسما، — دېدى ئۇ ئەمدى گېپىنى سىلىقلىتىپ، — قايتمىسام بولمايدۇ، خاتىرجەم بول، چاتاق يوق، ئامان - ئېسەن تۇرۇشقا ئامالىم بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، — دېدى ئۇ ئۆز ئەقلىدىن سۆيۈنۈپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، — سەن ئۆيدىكى نەرسە - كېرەكلەردىن ئەندىشە قىلىۋاتاتتىڭغۇ؟ مەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆزۈم قارايمەن، سەنمۇ بۇ يەردە خاتىرجەم تۇرىۋېرىسەن، ۋەزىيەت ياخشىلانغاندا دەرھال سىلەرنى ئالغىلى كېلىمەن.

رەپىقىسى ئېرىنى يولدىن توسۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بايقىدى. قايتىپ بېرىپ ئۆي ـ سەرەمجانغا ئۆزى قارىسا، بۇ ئەلۋەتتە ياخشى ئىش. لېكىن جاھان مۇشۇنداق لىغىلداپ تۇرغاندا قايتىپ كەتسە بىر تال مەرۋايىت دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەندەك بولمامدۇ، دېڭىزدىن تېپىۋالغىلى بولىدۇ دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟!... رەپىقىسى ھايات تۇرۇپ ئايرىلىش ئوتىدا يۈرىكى داغلىنىپ ئېرىگە قارىيالمىدى. چۈنكى كۆزلىرىگە لىممىدە ياش كەلگەنىدى. ئۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى ياساپ ئىلتىماس تەلەپپۇزىدا سۆزلىدى:

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ، قايتقاندىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ باقارسىز، مائارىپ جۇيجاگى مەكتەپنى ئېچىۋېرىمىز دېگەن گەپنى قىلمىغان بولسا، ئەگەر ئۇلگۈرەلمىگىز، بۇگۈن كەچلىك پويىز بىلەن قايتىپ كېلىڭ، بولمىسا ئەتىگەنلىك پويىز بىلەن كېلەرسىز. ھەي - ي - ي، — ئۇ ئاخىر ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى، كۆزىدىكى ياش قولىنىڭ دۈمبىسىگە تاراملاپ چۈشۈۋېدى، دەرھال كۆڭلىكى بىلەن سۈرتۈۋەتتى، — خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن!

پەن ئەپەندىنىڭ ھەقىقەتەن بېشى قاتتى: جۇيجاڭ مەكتەپنى ئېچىۋېرىمىز دېگەن بولسا، ياق،كېچىكتۈرۈپ ئاچايلى دېيىشىنىڭ ئورنى يوق، شۇڭا قايتماي بولمايدۇ، لېكىن بۇ يەردە قالغانلاردىن قانداقمۇ خاتىرجەم بولغىلى بولار؟! خوتۇنى ئايرىلغۇسى كەلمەي تۇرغاندا، قامچىسىغا تۇتۇلۇپلا كېتىپ قالسا، تولىمۇ ۋاپاسىزلىق بولار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئايال كىشى ئىككى بالىسى بىلەن قالسا، بۇلار ھەم ئاجىز، ھەم گۆدەك، ياكى يار ـ يۆلەك بولىدىغان

ئادەم يوق، مۇشۇنداق مۇساپىرچىلىقتا بىرەر ھادىسە يۈز بەرمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ؟! پەن ئەپەندى شۇنداق خىياللار بىلەن زەردە گۆش بولدى، بەزى ئادەملەرنىڭ ئۇياقتىن - بۇياقتا ئەسكەر ماڭدۇرۇپ، ئۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىغا غەزەپلەندى، مائارىپ جۇيجاڭنىڭ مەكتەپلەرنى ئېچىۋېرىمىز دەپ يۈرگەنلىكىگە غەزەپلەندى. ئۆزىنىڭ قولغا قول، پۇتقا پۇت بولۇپ جانغا ئەسقاتقۇدەك چوڭراق ئوغلىنىڭ يوقلۇقىغا ھەسرەتلەندى.

شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ھەر ھالدا ئايال خەققە ئوخشىمايتتى، نېرى - بېرىسىنى، ئالدى - كەينىنى ئويلاپ، قايتىمسام زادىلا بولمايدىكەن دېگەن يەرگە كەلدى - دە، دەرد - ھەسرىتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويدى. چىرايىدىنمۇ ھېچ نەرسىنى چاندۇرماي، رەپىقىسىنىڭ تەلەپپۇزىغا مايىل بولغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى:

— جۇيجاڭنىڭ شۇنداق نىيىتى يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىۋالساملا، سېنىڭ گېپىڭ بويىچە كەچقۇرۇنلۇق پويىزغا چۈشۈپ قايتىپ كېلىمەن.

قايتىش ۋە يەنە كېلىش توغرىسىدىكى گەپلەر ئىككى بالىنىڭ قۇلىقىغا چالا - پۇچۇق كىرىپ تۇرغانىدى. بالىنىڭ كىچىكى كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئەركىلەپ:

— مەنمۇ قايتىپ كېتىمەن، — دېدى.

— مەن دادام، ئانام بىلەن بىللە قايتىپ كېتىمەن، سېنى بۇ يەردە يالغۇز قالدۇرۇپ كېتىمىز، — دېدى بالىنىڭ چوڭى شوقلۇق قىلىپ.

بالىنىڭ كىچىكى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يىغلىغان ئاھاڭدا ۋارقىراپ - جارقىراپ، قوللىرى بىلەن كۆزلىرىنى

ئۇۋۇلىدى، لېكىن كۆزىدە ياش يوق ئىدى.

— سىلەر ئاناڭلار بىلەن بۇ يەردە قالىسىلەر، — دېدى پەن ئەپەندى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — بولدى، جىمـ دەل قىلىشماڭلار، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، ھېلى ناشتىلىق قىلىمىز، — ئۇ رەپىقىسىگىمۇ بەزىبىر گەپلەرنى جېكىلىگەنـ دىن كېيىن، تاشقىرىغا چىقىپ رىكشا يالىلىدى - دە، ئۇـ دۇل ۋوگزالغا قاراپ ماڭدى.

تۆمۈر يول ئۈزۈلۈپ قاپتۇ، پويىز ماڭمايدىغان بوپـ تۇ دېگەن گەپلەر پەن ئەپەندىنىڭ قۇلىقىغا كىرگەندەك بولدى. ئۇ، پويىز ماڭمايدىغان بولسا، مەنمۇ بۇ نىيىتىمـ دىن قايتىمەن، ۋەزىپەمدىن بوشىتىۋەتىسىمۇ مەيلى، دەپ ئويلىدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ خەۋەرلەردىن كۆڭلى بىئارام بولدى: تەلىيىم ئوڭدىن كەلسە بۇنداق بىئاراملىقـ لارغىمۇ يولۇقماسمەن، خەقنىڭ ھېلىقىدەك گەپلىرىنىڭمۇ ئىشەنچلىك بولۇشى ناتايىن. بۇ گۇمانلارمۇ يېشىلەر، رىكـ شىچى تېزرەك ماڭسىكەن.

ئۇنىڭ تەلىيى دەرۋەقە ئوڭدىن چىقتى، ۋوگزالغا بارـ غاندىن كېيىن قارىسا، پويىز ماڭمايدۇ دېگەن ئۇقتۇرۇش كۆرۈنمىدى. ئېلان تاختىسىدا پەقەت كېچىلىك پويىز تۆت سائەت كېچىكىپ كېلىدۇ، دېگەن گەپلا تۇرۇپتۇ. ئۇ ۋاقىتـ نىڭ توشۇشىغا ھازىر تېخى خېلى ۋاقىت بار. بېلەت سېتىش ئورنى قىستاڭچىلىقمۇ ئەمەس، ئادەملەر بىردىن، ئىككىدىن دېگەندەك بېرىپ بېلەت ئېلىۋېتىپتۇ. لېكىن ۋوگزالغا توپلىنىپ قالغان ئادەم ئاز ئەمەس، ئۇلارنىڭ يېـ رىمى كېلىدىغانلارنىڭ ئالدىغا چىققانلار بولسا، يېرىمى تاماشا كۆرگىلى كەلگەنلەر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا فوتو ئاپپاـ

راتى كۆتۈرۈۋالغانلارمۇ بار. ئۇلار پويىز كەلگەن چاغدىكى قىستاڭچىلىق، پاتپاراقچىلىقنى سۈرەتكە تارتىۋېلىپ، «پاتىپاراقچىلىق تارىخى» غا قىستۇرماقچى. يۈك - تاقلارنى قويىدىغان ئۆي خىلمۇخىل ساندۇق، چامادان، خۇرجۇن، قاچا بىلەن تولغان. بۇلارنىڭ دۆۋىسى ھەتتا ئۆگزىسى قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان ئۆينىڭ تورۇسىغا تاقاشقان.

يەن ئەپەندىنىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپقاندەك ۋە يەنە بىر تۇرۇپ بىر ئاز ئەلەڭگۈلۈككە چۈشكەندەك بولدى. بىردەم توختاپ تۇرۇۋېلىپ، ئاخىر ئۇچىنچى دەرىجىلىك بېلەتتىن بىرنى ئالدى - دە، ۋاگونغا كىرىپ ئولتۇردى. باش باھارنىڭ ئاپتىپى ۋاگونغا يوپيورۇق چۈشۈپ تۇرسىمۇ، ئانچە ئىسسىق ئەمەس ئىدى. ئورۇن خېلى كەڭرى، ئامالالاپ يېتىۋالسىمۇ بولاتتى. «بۇنداق ئازادىچىلىك كەم ئۇچرايدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئەگەر كۆڭلۈمدىكى دەككە - دۈككىچىلىك بولمايدىغان بولسا، بۇ سەپىرىم تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولاتتى.»

بۇ نۆۋەتلىك پويىز يول بويى ئۇيەر - بۇيەردە توختاپ ماڭدى، ھەربىيلەرنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ، ئەسكەر توشۇۋاتقان پويىزلارغا يول بەردى، راڭلىغا چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن ئۆتكەندە يېتىپ باردى. يەن ئەپەندى پويىزدىن چۈشۈپ ئالدىراپ ئۆيىگە باردى، قارىسا دەرۋازا مەھكەم تاقالغان، ئۇنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى، خىزمەتكار ۋاڭ ئانىغا تونۇگۇن تاپىلىغان ئىشى مۇشۇ ئىدى.

دەرۋازا ئون نەچچە قېتىم قېقىلغاندا ئاندىن ۋاڭ ئانا چىقىپ ئاچتى ۋە يەن ئەپەندىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى:

— نېمە بولدى، قايتىپ كەپسىزغۇ؟! يېغىلىق تۈگەپتىمۇ؟

پەن ئەپەندى ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا جاۋاب بېرىپ قويۇپ، ھويلىغا كىرىپ تۆت تەرىپىگە كۆز يۈگۈرتتى، ئۆينىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ ئىچكىرى كىرگىنىچە ئۇيان - بۇيان قارىدى. ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق، ھەممە نەرسە تونۇش گۈنكىدەكلا ئۆز جايىدا تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ يېرىمى ئورنىغا چۈشتى، قالغان يېرىمى تېخى دەككە - دۈككىدە قالدى. ئۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ دەرۋازىدىن چىقتى ۋە ۋاڭ ئانىغا:

— دەرۋازىنى ئىلگىرىكىدەك تاقاپ قويۇڭ، — دەپ جېكىلىدى.

ۋاڭ ئانا ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىدى. دەرۋازىنى تاقىغاندىن كېيىن خىيال سۈردى «پەن ئەپەندىلەر مۇشۇ يۇرتتا بار ئوخشايدۇ. مېنى بىللە ماڭمەن دەپ تۇرۇۋالمىسۇن دەپ، شاڭخەيگە قېچىپ كېتىمىز دەپ ئالداپتۇ. ئۇنداق بولمىسا پەن ئەپەندىم نېمىشقا قايتىپ كېلىدۇ؟ خانىم ئىككى بالىسى بىلەن كەلمەپتۇ، ئۇلار نەدە پاناھلاپ يۈرگەندۇ؟ ئۇلار زادى نېمىشقا مېنى بىللە ئېلىپ ماڭمىغاندۇ؟ ئادەم كۆپ بولسا بولمايدۇ دەپ ئويلاشقان بولسا كېرەك، ئەتىمالىم ... ئۇلار ئەجنەبىيلەرنىڭ ئاشۇ ئېسىل ئۆيلىرىدە تۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇ ئەسكەرلەر پۈتۈنلەي قويۇۋەتقان ئوخشايدۇ، ئۇرۇش - جەڭ بولۇپ قالسا ئۇلارنىڭ ئۆي - جايلىرىغا تەگمەيمىز دەپ ... ئەگەر راست گەپنى قىلسا، مېنى بىللە ماڭ دىگەن بولسا، مەنمۇ چاپلىشىۋالمايتتىم. بۇ يەردە مېنىڭ ھېچقانداق ئەندىشەم

يوق، مۇبادا بۇ يەردە جەڭ بولۇپ قالسا كېپەنلىك كى-
يىملىرىمۇ تەييار.» ئۇ شۇ خىياللار بىلەن ھاممىسىنىڭ
قىزى سوۋغات قىلىپ بەرگەن كەشتە خەيىنى كۆز ئالدىغا
كەلتۈرۈپ، ئەجەبمۇ چىرايلىق تىكىلگەنىكەن، ئۇ دۇنياغا
شۇ خەيىنى كىيىپ بارسام ئەزرائىل چوقۇم غەمخورلۇق قى-
لىدۇ، دەپ ئويلاپ، كۆڭلى بىر ئاز ئېچىلدى، خوجايىن-
لىرىنىڭ زادى قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خى-
ياللىرىمۇ تۈگىدى.

پەن ئەپەندى ئۆيدىن چىقىپ، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ
ھېلىقى خەۋەرچىسىنى ئىزدەپ تېپىپ، جۇيجاڭ مەكتەپنى
ئادەتتىكى چاغلاردىكىدەك ئېچىۋېرىمىز دېگەنىدى، دەپ
سوردى.

— دېمەمدىغان! — دېدى ئۇ جاۋابەن، — يەنە
تېخى، بەزى ئوقۇتقۇچىلار جان قايغۇسىنى قىلىپ، خىز-
مىتىنى تاشلاپ قېچىپتۇ، دېمەك ئۇلار مائارىپ خىزمىتىگە
مۇناسىپ ئەمەس، مۇشۇ سەۋەب بىلەن ئۇلارنى خىزمەتتىن
ھەيدىۋەتكىنىمىز ياخشى، دېگەن گەپنىمۇ قىلدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان پەن ئەپەندىنىڭ كۆڭلى بىر
ئاز غەش بولدى، لېكىن يەنە ئۆزىنىڭ ئەقلىگە قايىل
بولۇپ، شاڭخەيدىن قايتىپ كەلگەنلىكىم ھەرھالدا توغرا
بوپتۇ، دەپ ئويلىدى ـ دە، دەرھال ئۆز مەكتىپىگە بېرىپ
قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىغا
بېغىشلاپ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش يازدى. ئۇقتۇرۇشتا: ئۇرۇش
يېقىنلىقى بىزنى ئەندىشىگە سېلىپ قويۇۋاتقان بولسىمۇ،
پەرزەنتلىرىمىزنى تەربىيىلەش ئىشى خۇددى ئاش ـ نان-
غا ئوخشاش مۇھىم، بىر كۈنمۇ تاشلاپ قويغىلى بولمايدۇ،

ھازىر يازلىق تەتىل ۋاقتى توشتى، مەكتىپىمىزدە دەرس باشلاۋېرىدىمىز. ئىلگىرى ياۋروپا ئۇرۇشى بولۇپ تۇرغان چاغلاردا ئۇ يەرلەردىكى خەلقلەر ئاسمانغا بومبىدىن مۇداپىئە قىلىدىغان تورلارنى يېيىپ قويۇپ، ئاستىدا مەكتەپلەردە دەرس ئۆتىۋەرگەنىكەن. ئەنە شۇنداق غەيرەتنى بىزمۇ قولدىن بەرمەسلىكىمىز لازىم. ئاتا - ئانىلار، بۇ ئارزۇيىمىزنى چۈشىنىپ، بالىلىرىڭلارنى، خۇددى ھېچقانداق بىر ئىش بولمىغاندەك، مەكتەپكە ئەۋەتىپ بېرىڭلار. بۇ ئاتا - ئانىلار ۋە مەكتەپ ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، ۋىلايىتىمىز ۋە دۆلىتىمىز ئۈچۈنمۇ شەرەپ، دېگەن سۆزلەرنى يازدى.

يېزىپ بولغاندىن كېيىن قايتا - قايتا ئوقۇپ كۆرۈپ، جايىدا يېزىلىپتۇ، مائارىپ باشلىقى كۆرسە، ھېچ بولمىغاندا «مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بوپتۇ» دېيىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدى - دە، مەمنۇن بولغان ھالدا شاپىگراف قەغىزىگە كۆچۈردى ۋە ئۆزى بىرەر يۈز نۇسخا بېسىپ مەكتەپ خىزمەتچىسىدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە تارقاتتى. خىزمەت شۇنداق تاماملانغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى: مەكتەپتە دەرس باشلىنىدىغان بولغاچقا، ئەمدى يەنە شاڭخەيگە بېرىش مۇمكىن ئەمەس، ئانا - بالا ئۈچەيلەن سارايىدا قانداق كۈن ئۆتكۈزەر؟! لېكىن باشقا ئامالمۇ يوق، ئۇلارغا، ئۆزۈڭلارغا پۇختا بولۇپ خاتىرجەم تۇرۇۋېرىڭلار، دېمەكتىن باشقا چارە يوق. پەن ئەپەندى باياتىن ئېشىپ قالغان سىياھ بىلەن رەپىقىسىگە خەت يازدى.

ئەتىسى چايخانىدا ئېنىق بىر خەۋەر ئاڭلىدى: تۆ-

مۇر يول راست توسۇلۇپ قاپتۇ! ئۇنىڭغا پەرىشانلىق يەتتى، گويا قەدىناس خوتۇنى بىلەن سۆيۈملۈك ئىككى بالىسى قاتتىق بورانىدا «غۇر - ر - ر» قىلىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتكەندەك، ھەتتا كۆزدىن غايىب بولغاندەك بولدى. ئۇ شۇنداق پەرىشان ھالدا بىر بىسىپ - ئىككى بېسىپ مەكتەپكە باردى. مەكتەپ خىزمەتچىسى تۈنۈگۈنكى ۋەزىيەتنىڭ ئۇچۇرىنى مەلۇم قىلدى:

— تۈنۈگۈن ئۇقتۇرۇشنى ئېلىپ بارسام، يىگىرمە نەچچە ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى تاقاق تۇرۇپتۇ، شۇنچە قېقىپمۇ ئاچقۇزالمىدىم، نائىلاج دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن قىستۇرۇپ كىردىم. ئوتتۇز نەچچە ئۆيدە پەقەت خىزمەتكارلارلا بار ئىكەن، ئىگىلىرى شاڭخەيگە كېتىپتۇ، بالىلىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ قاچان قايتىپ مەكتەپكە كېلىشى ناتايىن. ئۇ خىزمەتكارلار: بولدى، ئۇقتۇرۇشتىن ۋاقىپ بولدۇق، دېيىشتى. يەنە بەزىلىرى: ھازىر جاننى ئامان ساقلىغىلى بولمايۋاتىدۇ، مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇش - پوقۇش دېگەن گەپنى كېيىنچە قىلىشۋالارمىز، دېيىشتى.

— ھە، بىلدىم، — دېدى پەن ئەپەندى. ئۇ بۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان يەنە بىر غەمنىڭ ئۆز بېشىغا چۈشۈۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلمىدى. بىر تال تاماكىنى تارتىپ بولغاندىن كېيىن ماڭىدىغان يولنى تايىن قىلدى - دە، قىزىل كرېست شۆبە جەمئىيىتىنىڭ ئىشخانىسىغا باردى.

ئۇ بۇ جەمئىيەتكە ئەزا بولۇش ئارزۇسى بىلەن ئەزالىق بەدىلى تاپشۇردى ۋە: مەكتىپىمىزنىڭ ئۆيلىرى كەڭ، خوتۇن - قىزلارغا پاناھلاش ئورنى قىلىپ بېرىشنى خالايمەن، ۋاقتى كەلگەندە خوتۇن - قىزلار شۇ يەردە پا-

ناھ تاپسۇن، دېدى. بۇنداق خەيرلىك ئىش قىزغىن ئالـ
قىشقا ئېرىشتى، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە. ئۇنىـڭ
ئۇستىگە پەن ئەپەندىنىڭ ئۆزىمۇ ھەممە بىلىدىغان يۈزـ
لۈك، ئابرويلۇق ئادەم. ئىشخانىدىكىلەر مەكتەپنىڭ دەرـ
ۋازىسىغا قاراپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىزىل كرېست بايـ
راق بەردى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قىزىل كرېست جەمئىيتىنىڭ
ئەزاسى ئىكەنلىكىدىن بەلگە بېرىدىغان ئىزناكىمۇ بەردى.
پەن ئەپەندى بايراق بىلەن ئىزناكنى خۇددى ئۆـ
لۈمدىن قۇتقۇزىدىغان سىرلىق تۇماردەك قەدىرلـەپ تۇتـ
تى - دە، يۈرىكى سۆيۈنۈپ، تېنى يايراپ كەتتـى. «مانـا
ئەمدى يۈرىكىم ئورنىغا چۈشتى، كۆڭلۈم تىندى! بىراق...»
ئۇ ئاشۇنداق خىيالغا كېلىپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئىشـ
خانا خادىمىغا:

— بايراقتىن يەنە بىرنى، ئىزناكتىن يەنە بىرنەچـ
چىنى بېرىڭ، — دېدى. ئۇنىڭ پىكرىچە، مەكتەپنىڭ يان
دەرۋازىسىغىمۇ بايراقتىن بىرنى ئېسىپ قويـۇش كېـرەك،
ئىزناك بولسا كىچىككىنە بىر نەرسە، يوقىلىپ كېتىشىمۇ
مۇمكىن، بىر نەچچىسى ئارتۇق تۇرغىنى ياخشى.
ئىشخانا خادىمى چاقچاق قىلىپ: بۇنى يەي دېسە يېگىلى
بولمايدۇ، ئويناي دېسە ئوينىغۇچىلىكى يوق، بىر نەچچىـ
سى ئارتۇق تۇرسىمۇ يەنىلا بەربىر جەمئىيىتىمىزنىڭ بىر
ئەزاسى ئىكەنلىكىڭىزنىلا بىلدۈرىدۇ، ئارتۇق بولغىنىدىن
بىرسىلا بولغىنى ياخشى، دېدى. لېكىن ئاخىر يەنە ئۇـ
نىڭ رايىغا ماقۇل بولۇپ بىر نەچچىنى ئارتۇق بەردى.
قىزىل كرېستلىق بايراقتىن ئىككىسى باش كۆز شاـ
مىلىدا لەپىلدەشكە باشلىدى، لېكىن مەكتەپنىڭ يان

دەرۋازىسىدا بايراق يوق. ئىككى بايراقنىڭ بىرسى پەن ئەپەندىنىڭ دەرۋازىسىغا قادالغان. قىزىل كرېست ئىنزىناك-لىرىدىن بىرى پەن ئەپەندىنىڭ مەيدىسىدە خەيرى ـ سا-خاۋەت نۇرىنى جۇلا قىلىپ، پەن ئەپەندىگە يېڭى غەيرەت ئاتا قىلىپ تۇرۇپتۇ. قالغانلىرىنى پەن ئەپەندى قاتمۇ-قات ئوراپ ئىچ كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويىدى. ئۇنىڭ خىيالىچە «بىرسى رەپىقەمنىڭ، بىرسى چوڭ ئوغ-لۇمنىڭ، يەنە بىرسى كەنجى ئوغلۇمنىڭ.» ئۇلار يىراقتا-شاڭخەيدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ئىنزىناكلار ئۇلارغا شا-پائەت قىلار، يېڭى غەيرەت ئاتا قىلار.

3

ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى بېيجۇاڭ كەنتىدە تۇ-تۇشۇپ قالدى.

راڭلى ئاھالىسىدىن دەرۋازىسى ئوچۇق تۇرىدىغانلى-رى تولىمۇ ئاز، كوچىلاردىكى دۇكان ـ ماگىزىنلارغىمۇ ئال-لىقاچان تاقىلىپ كەتكەن. يوللاردىن پات ـ پاتلا ئەسكەر ئۆتۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئالدىنقى سەپكە مېڭىش ئالدىدا تۇر-غاچقا، بېشىمىزغا كەلگەننى كۆردۇق دەپ ھېچنېمىگە پەر-ۋا قىلمايدۇ، جۇدۇنى تۇتسا ئالدىغا كەلگەننى تېپىدۇ، دەس-سەيدۇ، دەسسەپ خېمىر قىلىۋېتىشتىن، تالقان قىلىۋېتىش-تىن يانمايدۇ. ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتىدىغان ئىشلارمۇ بو-لۇپ تۇرىدۇ. ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان ئادەملەرنى قېچىپ كەتمىسۇن دەپ، ئارغامچا بىلەن بىلەكلىرىدىن باغلاپ، بىر ـ بىرىگە چېتىپ ھەيدەپ مېڭىشىدۇ. شۇڭا ھەممە

ئادەم تالا ـ تۈزگە چىقىشتىن قورقىدۇ،نائىلاج چىقىپ قال-
سا تار كوچا، ئارقا يول بىلەن ماڭىدۇ، ھەتتا قىزىل كرې-
ست ئىزنىكىنى تاقىۋالغان پەن ئەپەندىمۇ ئېھتىيات قى-
لىدۇ، كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن راڭ-
لىنىڭ كوچىلىرى جىمجىت ۋە كەڭ بولۇپ قالغانىدى.

بىر نەچچە كۈندىن بۇيان شاڭخەي تەرەپتىن گېزىت-
ژۇرنال كەلمىدى. بۇ يەردىكى ھەربىي ئىدارىلەر بەزىدە
ئالدىنقى سەپنىڭ ئۇرۇش خەۋەرلىرىنى ئېلان قىلىپمۇ تۇ-
رىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدا «دۈشمەن قالتىس زور مەغلۇبىيەتكە
ئۇچرىدى، بىزنىڭ قوشۇنىمىز بىر قانچە چاقىرىم ئىلگىرى
باستى» دېگەندىن باشقا گەپ يوق. ئۇرۇش خەۋەرلىرى
توغرىسىدا بەزىدە كوچا دوقمۇشلىرىغا قەغەز چاپلىنىپ
قالسا، بەزى ئادەملەر ئاستا ئولىشىپ دىققەت بىلەن قا-
رايدۇ، لېكىن ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن گويا بۇ ئېلان قە-
غەزلىرىنىڭ كەينىدە يەنە بىرمۇنچە ئىش باردەك خاتىر-
جەم بولالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە ئىلگىرىكىدەكلا قا-
پاقلىرى چۈشكەن ھالدا غەم ـ ئەندىشە بىلەن تارقىشىپ
كېتىدۇ.

بىر نەچچە كۈندىن بۇيان پەن ئەپەندى تىت ـ تىت
بولۇپ قالدى. بالا ـ چاقىلىرىنىڭ يىراقتا بولوپ قالغانلىقى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە خەت ـ خەۋەر ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى، ھەت-
تا مەڭگۈ شۇنداق ئۈزۈلۈپ قالىدىغاندەك تۇرغانلىقى ئۇ-
نى ھەممىدىن بەك بىئارام قىلدى. ئۇنىڭدىن قالسا ئۆز-
ىنىڭ مەسىلىسى بېشىنى قاتۇرماقتا: «بېيجىڭدىن بۇ يەرگە
يۈز نەچچە چاقىرىملا ئارىلىق بار، ئۇلار بۇ يەرگە باس-
تۇرۇپ كېلىپ قالسا بۇ ئىزناك ئەسقاتارمۇ؟ بىرەر ئادەم

ئىسپات يېزىپ بەرگىنى يوق، مۇبادا ئەسقاتماي قالسا كىمگە هال ئېيتقۇلۇق؟ ئوق، بومبا، بۇلاڭ-تالاڭ، ئوت قويۇش — بۇلار چاقچاق گەپ ئەمەس. ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن سوراپ-سۈرۈشتۈرۈپ، هەر ئېهتىمالغا لايىق بىرەر ئىشنىڭ يولىنى تېپىپ قويمىسام بولماس.» پەن ئەپەندى شۇ خىياللار بىلەن ئۇيان-بۇيان يۈرۈپ ئالدىنقى سەپنىڭ خەۋىرىنى سۈرۈشتۈردى، ئۇ خەۋەرلەر كوچا خەۋەرلىرىدىن باشقىچىرەك بولۇپ چىقسىلا ئۇنى كۆپرەك راست بىلىپ، ئۆز ئىشىنى شۇنىڭغا قاراپ غەملەيدىغان بولدى. مانا، ئۇ كوچىدا چىرايى ئۆڭگەن، ئالدىراپ كېتىۋاتقان بىرەر ئادەمنى كۆرۈپ قالسا، بۇ ئادەم ئېنىق قورقۇنچلۇق بىرەر خەۋەر ئاڭلىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالىدۇ-دە، يۈرىكى ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇش بولمىغانلىقى ئۈچۈن «نېمە گەپ؟» دەپ سورىيالماي دېمى ئىچىگە چۈشىدۇ.

قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئالدىنقى سەپتىكى يارىدارلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئادەملەردىن بەزىسى هەربىي ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ قايتىپ كەلسە، ئۇلار ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەر هەممىدىن ئىشەنچلىك بولاتتى. پەن ئەپەندى قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولمىسىمۇ، جەمئىيەت ئىشخانىسىغا خەۋەر ئاڭلاشقا بارمايتتى، چۈنكى خەۋەر ئاڭلىغىلى بېرىپ قالسام، جامائەت نەزەرىدە قورقۇنچاق بولۇپ قالىمەن دەپ ئويلايتتى. لېكىن قىزىل كرېست جەمئىيىتى قانداقلا بولمىسۇن راست خەۋەر ئاڭلىغىلى بولىدىغان ئىدارە، ئالدىنقى سەپنىڭ خەۋىرىنى شۇ يەردىن ئاڭلىماي باشقا يەردىن ئاڭلاش ئەخمەقلىك بو-

لاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەر كۈنى ئاخشامدا ۋۇ فامىلىلىك خادىمنىڭ ئۆيىگە خەۋەر ئالغىلى باراتتى. ۋۇ فامىلىلىك خادىم ھېچ گەپ يوق دېسە ياكى شۇ ئالدىنقى سەپتە تىرەجىشىپ تۇرۇپتۇ دېسە، ئۇھ دەپ كۆڭلىنى ئارام تاپتۇرۇپ قايتىپ كېلەتتى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇندا پەن ئەپەندى يەنە ھېلىقى خادىمنىڭ ئۆيىگە باردى، خېلى ئۇزۇن كۈتۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، خادىم ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

— ھېچ گەپ يوقتۇر؟ — دەپ سورىدى پەن ئەپەندى ئاسقىپ تۇرۇپ، — ئېلانغا قارىغاندا، تۈنۈگۈن ئۇ تەرەپكە ئومۇمىي ھۇجۇم باشلاپتۇغۇ.

— ئىش چاتاق، — خادىم قايغۇ بىلەن سۆزلىدى، لېكىن سۆزىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋېتىپ، كالپۇكىنىڭ ئۈستىدىكى شالاڭ بۇرۇتلىرىنى ھىمىرىپ تۇردى.

— نېمە؟! — پەن ئەپەندىنىڭ يۈرىكى ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتى، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى كىرىشىپ قالغاندەك بولدى.

خادىم باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك پىچىرلاپ جاۋاب بەردى:

— ئېنىق خەۋەر: جىننەن (بېيجىڭنىڭ سەككىز چاقىردىم بېرىسىدىكى بىر كەنت) بۈگۈن ئەتىگەندە قولدىن كېتىپتۇ!

— شۇنداقمۇ! — پەن ئەپەندى ئەسەبىيلەرچە توۋلىۋەتتى ۋە بىر تۇرۇۋېلىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى، — مەن قايتاي!

ئۇنىڭغا كوچىلاردىكى ئېلېكتر چىراغلىرى باشقىچىلا

گۈڭگالىشىپ قالغانىدەك، ئارقىسىدىن بىرەر ئادەم قوغلاپ كېلىۋاتقانىدەك تۇيۇلاتتى. ئۇ پۈتىنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ ۋە تېز قەدەم ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

— ئىشىك - دەرۋازىنى ئوبدان تاقاپ ئۇخلاۋېرىڭ، — دېدى ئۇ خىزمەتكار ۋاڭ ئانىغا جېكىلەپ، — بۈگۈن كېچىدە بىرئاز ئىشىم بار، ئۆيگە قايتىپ كەلمەيمەن.

كىيىم ئىشكاپىدىكى كونا پاختىلىق كەمزۇلغا كۆزى چۈشتى، بۇ كەمزۇلنى ھېلىقى ئامانەتكە بېرىۋەتكەن ساندۇققا قاچىلاپ قويمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. بالىلىرىنىڭ بىر نەچچە قۇر ئەستەرلىك چاپانلىرىغىمۇ كۆزى چۈشتى. بۇ چاپانلارنىڭ يەنە كىيگۈچىلىكى بار ئىدى. رەپىقىسىنىڭ بىر دانە تاۋار كۆڭلىكىنىمۇ كۆردى، بۇ كۆڭلەكمۇ لازىم بولاتتى. پەن ئەپەندى بۇلارنى يىغىشتۇرۇپ قولتۇقىغا قىستى - دە، چىقىپ كەتتى.

— رىكشا! رىكشا! بەخت كوچىسىدىكى قىزىل بىناغا، ئون تىيىن.

— ئون تىيىنغا نېمە كېلىدۇ؟ — رىكشىچىغا خۇش ياقمىدى، — بىر نەچچە كۈندىن بۇيان كوچىدا قانچىلىك رىكشا بار، كۆرمىدىڭىزمۇ؟! قورساقنى دەپ جاننى ئالىقىنىغا ئالغان بولمىسا، ھېچقانداق رىكشىچى كوچىغا چىقمايدۇ. ئوتتۇز تىيىن بېرىڭ، بولمىسا مەيلىڭىز.

— بوپتۇ، ئوتتۇز تىيىن، — پەن ئەپەندى رىكشىغا چىقىپ ئولتۇردى، — سىزمۇ مېنىڭ رايىمغا بېرىپ تېزرەك مېڭىڭ!

— پەن ئەپەندى، نەگە كېتىۋاتىسىز؟ — خۇاڭ

فامىلىلىك بىر كەسپىدىشى ئۇنى يولدا كۆرۈپ سورىدى.
— ھە، ئەپەندىم، ئاۋۇ ... — پەن ئەپەندى گېپى قولاشمىغان ھالدا جاۋاب بەردى، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ پەرق قىلمىدى، ئۇنىڭ بىلەن گەپلىشىشنىمۇ بىھۇدە ئىش دەپ ئويلىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە رىكشا غۇيۇلداپ تېز ماڭماقتا. ئۇ ئادەمنىڭ ئارقىدىن يېتىپ كېلىپ گەپلىشىشمۇ ناتايىن ئىدى. شۇڭا بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئولتۇرۇۋالدى.
قىزىل بىنا ئادەمگە لىق تولغان. ئۇلار بۇنىڭدىن ئون كۈن ئىلگىرىلا كۆچۈپ كىرىۋالغانىدى. بالىلارنىڭ يىغىسى، چوڭ ئادەملەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭى. ئۇ يەر - بۇ يەردە چىراغ پىل - پىل يېنىپ تۇرماقتا، بىنانىڭ ئىچى گويا يىپ بازىرى.
— بۇ يەردە راستلا بىكار ئۆي قالمىدى، — دېدى خوجايىن كۆرۈشكەندىن كېيىن، — ئەگەر نەرسە - كېرەكلىرىڭىزنى ئامانەت قويۇپ كېتەي دېسىڭىز، ئۇنىڭغا ماقۇل. بايا تىنىم بىرنەچچەيلەن ئالدىراپ كەلگەنىكەن، يىاق دېيەلمەي ۋاقتىنچە ئاشخانا قىلىپ ئىشلىتىپ تۇرغان بىر ئېغىز يان ئۆيىنى بوشىتىپ بېردۇدىم. قېنى، كىرىپ شۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېقىڭ، ھەر ھالدا سىزنى سىغدۇرۇۋالار.
— مەسلىھەتلىشىپ باقاي، ھەر ھالدا ماقۇل بولار، — پەن ئەپەندى خۇددى ئۆز ئۆيىگە كېلىپ قالغاندەك كۆڭلى تەسكىن تاپتى، — مۇشۇنداق بىر چاغدا ياق دېمەس. مېنىڭمۇ يېتىپ ئۇخلىغۇم يوق، كاسسامنى قويۇپ ئولتۇرغۇدەك يەر بولسىلا بولىدۇ.

ئۇ بوقچىسىنى قولتۇقلاپ ھۇجرىغا كىرگەندە، باياتىنـ
قى ئەلەڭگۈلۈك سەۋەبى بىلەن كۆزلىرىنى چىمىرلىتىپ تۇ-
زۇك كۆرەلمىگەنىدى. لېكىن كۆزلىرىنى چىڭ بىر يۇمۇپ
ئاچقاندىن كېيىن قارىسا، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى
دېرىزە ئالدىدا ئۇدۇلىدىكى بىر ئادەم بىلەن پاراڭلىشىپ،
قويۇق بۇرۇتلىرىنى ھىمىرىپ ئولتۇرۇپتۇ!

پەن ئەپەندى ئۇنى كۆرۈپ ئارىسالدى بولۇپ قالدى.
ئايىغىنى بوسۇغىدىلا تارتىۋالاي دېسە سەتچىلىك بولىدى-
غاندەك تۇراتتى. مائارىپ باشلىقى ئۇنى كۆرۈپ قالدى،
خىجالەتچىلىك باسقان چىرايىنى زورغا ئېچىپ:

— پەن ئەپەندى، سىزمۇ، كىرىڭ، ئولتۇرۇڭ، —
دېدى.

خوجايىن بۇلارنىڭ تونۇشىدىغانلىقىنى بىلىپ چىقىپ
كەتتى.

— جۇيجاڭ، بۇ يەرگە كېلىۋاپتىكەنسىز، مالالچىلىق
يوقتۇر، يەنە بىرەر ئادەم سىغارمۇ؟!

— بىز ئۇچلا ئادەم، سىز ئەلۋەتتە سىغىپ كېتىسىز. بىز
بورىيا ئالغاچ كەلگەن، ھاۋا تېخى سالقىنلىمىدى، دەملىشىپ
سېلىپ ياتارمىز.

. پەن ئەپەندىنىڭ نەزەرىدە جۇيجاڭ بۈگۈن باشقىچىلا
مۇلايىم بولۇپ قالغان، ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدەك سۇرى مۇ
يوق. شۇڭا ئۇ بوسۇغىدىن بىمالال ئاتلاپ كىرىپ:

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ، سىلەرگە بىر كېچە ھەمـ
راھدارچىلىق قىلاي، — دېدى.

بۇ ھۇجرا تارراق ئىدى، پەگاھتا بىر بورىيا سېلىق-
لىق تۇراتتى. كۆزەينەك تاقىغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر

كىشى بورىيادا مۆگدىگەندەك ئولتۇراتتى، لېكىن ئۇ خىلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ھۇجرىنىڭ بىر تېمى قازان بېشى، دېرىزە تەرەپتە قاتار ئۈچ دانە بەندىڭ، ئۇنىڭ بىرسىدە جۈيجاڭ ئولتۇرۇپتۇ، يەنە بىرىدە چاچلىرىنى يالتىرىتىپ تارىۋالغان، يىگىرمە نەچچە ياشلارغا كىرگەن، جۈيجاڭنىڭ ئىككى بىر تۇغقان ئۇكىسى ئولتۇرۇپتۇ، يەنە بىرسى بوش تۇرۇپتۇ. بۇلۇڭدا بىر ساندۇق، ئۈچ بوقچا تۇرۇپتۇ. ئۇلار مۇشۇ ئۈچ كىشىنىڭ لاقا - لۇقىسى بولسا كېرەك. ھۇجرا مانا مۇشۇلار بىلەنلا لىق تولغان. ئېلېكتىر چىرىغىنىڭ يورۇقى ئەسلىدىنلا سۇس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە لامپۇچكىنى چاڭ باسقان، شۇڭا ھۇجرىدىكى ئادەملەرمۇ غۇۋا كۆرۈنەتتى.

يەن ئەپەندىمۇ بوقچىنى ھېلىقى ئۈچەيلەننىڭ نەرسە-كېرەكلىرىگە قوشۇپ بۇلۇڭغا قويدى، ئاندىن كېيىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كېلىپ ھېلىقى بوش بەندىڭدە ئولتۇردى. جۈيجاڭ ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن سورىدى:

— سىزمۇ جىڭئەن توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— بۇ تەرەپتىكىلەر جەنۇب تەرەپتىكىلەرگە تولىمۇ بىخەستەلىك قىلغان ئوخشايدۇ. جىڭئەننىڭ قولدىن كەتكەنلىكى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ تەرەپتىكىلەرنىڭ جىڭئەندىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ بېيجىڭنى ئالىشى ناھايىتى ئاسان، ھازىر بەلكىم ئېلىپمۇ بولغاندۇر. شۇنداق بولسا ئىش چاتاق!

— شۇنداق بولسا بۇ يەردىكىلەرنىڭ ۋەتەۋرىكى چىقىدۇ!

— بىراق بۇ تەرەپتىكى دۇ مارشال كاللىۋا ئادەملەر-

دىن ئەمەس، ئۇ مەشھۇر قوماندان، ئۇ ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ھەر ھالدا توسۇيالايدۇ. ئېھتىمال ئەمدى مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇ تەرەپتىكىلەرنى تاكى ئۈزۈلىسىغىچە سۈرۈپ - توقاي قىلىشى مۇمكىن.

— شۇنداق بولسىمۇ ئۇرۇشىمۇ تۈگەيتتى، شۈكرى دەيتتۇق! بىزدەك مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئادەتتىكىدەك ئوقۇتقۇچىلىقىمىزنى قىلىۋېرەتتۇق.

جۈيجاڭ مەكتەپ توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۆزىنىڭ ئىززەت - ئابرويىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، قويۇق بۇرۇتلىرىنى ھىمىرىپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— باشقىسى تۇرۇپ تۇرسۇن، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئوقۇغۇچىلارنىمۇ تۇرغۇن زىيانغا ئۇچراتتى! — ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ تار ھۇجرىدا تارتىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى ئۇنتۇپ، گويا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىشخانىسىدا سالاپەت بىلەن ئولتۇرغاندەك سۆزلىدى:

— ئۇ تەرەپتىكى جۇ مارشال ئۆتۈپ كەتكەن ۋەھشىي بىرنېمە ئىكەن! بۇ تەرەپتىكىلەر ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان بولسا قانداق قارشى تۇرالاركىنتاڭ، ئاخىر مەغلۇپ بولماي قالمايدۇ. ئەگەر چىرايلىقچە بىر ئاز يول قويغان بولسا ئۇرۇش ئاللىقاچان تۈگەيتتى، — دېدى بورىيادا ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق كىشى زەردە بىلەن.

— ئۇ بىر تەلۋە، — دېدى جۈيجاڭنىڭ ئىككى بىر تۇغقان ئىنىسى، — بۇرنىغا يېمىگۈچە پەيلىدىن يانمايدۇ. بىراق ئۇنىڭ كاساپىتى بىزگە تېگىۋاتىدۇ: مانا ھازىر بىز مانا مۇشۇ ھەم تار، ھەم قاراڭغۇ ھۇجرىدا ئولتۇرۇپتىمىز، — ئۇ چاقچاق ئارىلاش سۆزلىدى.

پەن ئەپەندىنىڭ خىيالى شاڭخەيدىكى بالا - چاقى- لىرىغا كەتتى. ئۇلار ساق - سالامەت تۇرغاندىمۇ؟ بىرەر چاتاق - پاتاققا قالمىغاندۇر؟ ھازىر يېتىپ قالغانمىدۇ؟ تۇ- تاي دېسە قول يەتمەيدۇ، قارىسا كۆز يەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەن ئەپەندى ھەممىدىن ئېغىر كاساپەتچىلىك ما- ڭا بولدى دەپ ئويلاپ، دېرىزە ئالدىدىكى ھويلىغا مەيۈس- لىنىپ قارىغىنىچە جىم بولۇپ قالدى.

— ئاخىر قانداق بولار؟ — ئۇ يەنە ھېلىقى شۇم خەۋەرنى ۋە كۆزى يېتىپ تۇرغان خەۋپ - خەتەرلەرنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ ئىختىيارسىزلا سۆزلىدى

— بىر نېمە دېمەك تەس — دېدى جۇيجاڭ نا- ھايىتى تەجرىبىلىك ئادەمدەك، — ئۇرۇشنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ دېگەن گەپ بار، ئۇرۇشتا رەڭۋازلىق كۆپ، ئىش بىز ئويلىمىغان يەردىن چىقىشى ھەم مۇمكىن. ھازىر ئاللىقاچان ... شۇڭا بىز ... — ئۇ ئوتتۇرا ياشلىق كىشىگە قاراپ كۈلۈپ قويدى.

ئوتتۇرا ياشلىق كىشىمۇ، جۇيجاڭنىڭ ئىنىسىمۇ، پەن ئەپەندىمۇ جۇيجاڭنىڭ كۈلۈپ قويۇشىنىڭ مەنىسىنى چۈ- شىنىپ بولدى، ئۇلارمۇ بۇ يەردە ئولتۇرساق ھېچقانداق چاتاققا ئۇچرىمايمىز دەپ ئويلىدى بولغاي، كۆڭلى ئارا- مىغا چۈشكەندەك كۈلۈشۈپ قويدى.

ئوت بېسىپ كەتكەن ھويلا پاشا ۋە باشقا ئۇششاق ھاشاراتلارنىڭ راھەت ماكانى بولۇپ قالغانىدى. يان ھۇج- رىنىڭ چىرىغى يېنىپ تۇرغاچقا پاشا كىرىۋېلىپ، ئەلەڭ- گۈلۈكتە ئولتۇرغان تۆت ئەپەندىگە ئارام بەرمىدى. پاشا يۈز - كۆزگە قونۇپ، چىم - چىقىپ، ئۇلارنى ئورنى-

دا ئولتۇرغۇزمايتتى. ئۇلار پاشىنىڭ دەردىنى تارتقانىڭ ئۈستىگە پات - پات گەپ - سۆزلىرىنى توختىتىپ قۇلاق سېلىپ، تاشقىرىدا پاك - پۈك، ۋاك - چۇك بار - يوق- لۇقىنى تىڭشايتتى، ئۇخلاشتىن ئۈمىد يوق ئىدى، پەقەت جۇيجاڭ ئېيتقاندەك دەملىشىپ بىردەم - يېرىم دەم يېتىشىۋالاتتى.

ئەتىسى سەھەر ۋاقتى، پەن ئەپەندىنىڭ كۆزلىرىدە تالا - تالا قىزىللىق پەيدا بولۇپ قالغان. سوغۇق شا- مال غۇزغۇرىماقتا ئىدى. پەن ئەپەندى تاشقىرىدىكى ئەھ- ۋالنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ، ئۆزى يالغۇزلا قىزدىل بى- نانىڭ دەرۋازىسىدىن چىقتى. لاكىن ئىتلار ئادەتتىكى سەھەر ۋاقىتدىكىگە ئوخشاشلا قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپ ئۇيان - بۇيان قارىماقتا. كوچىدا ئاندا - ساندا ئۇيقۇسى يېشىل- مىگەن بىر - ئىككى ئادەم ئۇچراپ قالاتتى. پەن ئەپەن- دى يەنە بىر كوچىغا كىردى. ئۇ يەردىمۇ باشقىچىرەك ئۆن - تىن يوق. ئۇ تۈنۈگۈن ئاخشامدىكى ئالدىراشچى- لىقلىرىنى ئويلاپ ئىچىدە كۈلدى. لېكىن يەنە بىر ئويلاپ قارىسا، ئۇ ئەھۋالغا كۈلۈشنىڭ ئورنى يوق، بىخەستىلىك قىلغاندىن كۆرە، دىققەت قىلغان ياخشى - دە.

يىگىرمە نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇرۇش توخ- تاپ قالدى. ھەممە ئادەم كۆڭلىنى ئارامغا چۈشۈرۈپ: «بۇ- نىڭغىمۇ شۈكرى! ئەمدى ياخشى بولدى، ئۇرۇش بولمىسىلا ھەممە ئارام تاپىدۇ» دېيىشتى. لېكىن پەن ئەپەندىنىڭ كۆڭلى ئارامغا چۈشمىدى: تۆمۈر يول تېخىچە توسۇق، شاڭ- خەيدە پاناھلاپ تۇرۇۋاتقان بالا - چاقىلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن ئەمەس. خەتتىنمۇ ئىككى پارچە كەلدى،

لېكىن تولىمۇ قىسقا يېزىلغان، بۇ خەتلەر ئۇنى خەت كەلمىگەن چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك ئەنسىرىتىپ قويدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كالتا پەملىكىگە ئېچىندى، كالتا پەم بولمىغان بولسا، قاچ-قاچ قىلىپ يۈرۈپ تارتقان چىقىم ئايلىپ قالاتتى، نەچچە ئون كۈندىن بۇيانقى يالغۇزچىلىق دەردىنىمۇ تارتمىغان بولاتتى.

يەن ئەپەندى مائارىپ ئىدارىسىدە مەكتەپلەردە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا گەپ بولۇۋاتقاندۇر دەپ ئويلاپ، ئۇقۇشۇپ بېقىش ئۈچۈن شۇ يەرگە قاراپ ماڭدى. كۈتۈۋېلىش بۆلۈمىگە كىرىپ قارىسا، ئۇ يەردە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بىر نەچچە خىزمەتچىسى قەغەز كېسىپ، سىياھ ئېزىپ يۈرۈشۈپتۇ، ئەھۋالدىن قارىغاندا توي مەركىسى ئۆتكۈزۈلىدىغاندەك تۇراتتى.

— ئەجەبمۇ ئوبدان كېلىپ قالدىڭىز، يەن ئەپەندى. كېلىڭ! — دېدى خىزمەتچىنىڭ بىرى ئۈنلۈك ئاۋازدا، — سىزنىڭ قەلىمىڭىز چىرايلىق، بۇ خىزمەتنى سىز ئۈستىڭىزگە ئېلىڭە.

— بۇنداق كاتتا سۆزنى يەن ئەپەندىمدىن باشقا ئادەم يازالمايدۇ، — دېدى باشقىلارمۇ ھە ـ ھۇ دېيىشىپ.

— نېمە يازماقچى؟ ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم.

— دۇ مارشالنىڭ غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىشىنى قارشى ئېلىش تەييارلىقىنى ئىشلەۋاتىمىز. ۋوگزالنىڭ ئىككى يېنىغا تۆت زىننەت دەرۋازىسى ياسايمىز. دۇ مارشالنىڭ بېزەلگەن ماشىنىسى شۇ يەردىن ئۆتمەكچى. مانا شۇ زىننەت دەرۋازىسىغا چاپلايدىغان سۆزلەرنى يازماقچى.

— ئۇنداق سۆزلەرنى يېزىشقا يارىماسمەنمىكىن؟

— توغرا كەلگەن ئىشتىن باش تارتىماڭ، — دېدى باشقىلار ۋە ئۇنىڭغا قەلەمنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

يەن ئەپەندى بۇنى ئەھمىيەتلىك پەيت ئىكەن دەپ بىلىپ قەلەمنى قولىغا ئالدى - دە، دۇۋەتتىكى سىياھقا تۇگۈردى. بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن موم قەغەزگە «ئالەمچە باردۇر كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى» دېگەن سۆزلەرنى چوڭ - چوڭ يازدى. ئىككىنچى قەغەزگە «تىنچىتتى تامام ئەلنىڭ شەرقىي جەنۇبىنى» دېگەن سۆزلەرنى يازدى. ئۈچىنچى قەغەزگە «مېھرى - شەپقەتلىرىنىڭ يوقتۇر پايانى» دېگەن سۆزلەرنى يېزىۋاتقاندا، كىنولاردىكى ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇۋاتقان، زەمبىرەك ئېتىۋاتقان، ئۆي - ئىمارەتلەر كۆيۈۋاتقان، خوتۇن - قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلىۋاتقان ئەھۋاللار، رەڭگارەڭ پاسوندىكى ئەر - ئاياللار، چىرىپ كەتكەن جەسەتلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى.

— مانا ماۋۇ بىر جۈملە سۆز تولىمۇ جايىدا، — دېدى ئەتراپىدا قاراپ تۇرغانلاردىن بىرى ماختاپ، — خېتىمۇ چىرايلىق يېزىلدى.

— قېنى، بۇنىڭغا قاپىيىداش قىلىپ نېمىنى يازاركىن، — دېدى يەنە بىرسى.

1924 - يىل 27 - نويابىر.

# ئايرىملىق

## بىڭشىن

### توختى باقى تەرجىمىسى

بىڭشىن (1900 — )، ئەسلى ئىسمى شيې ۋەنيىڭ، فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ فۇجۇ شەھىرىدىن. بالىلىق دەۋرىنى ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە شەن-دۇڭ ئۆلكىسىنىڭ دېڭىز بويلىرىدا ئۆتكۈزگەن. «4-ماي» ھەرىكىتى مەزگىلىدە بېيجىڭدىكى يەنجىڭ دا-شۆسىدە ئوقۇۋېتىپ، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە قاتناش-قان ۋە ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. 1923 - يىلى ئامې-رىكىغا ئوقۇشقا بارغان. 1926 - يىلى ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن يەنجىڭ داشۆسى قاتارلىق مەك-تەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇنىڭ تەسىر پەيدا قىل-غان ئەسەرلىرىنىڭ تولىسى 20 - يىللاردا ۋە 30 - يىللارنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان. «يۇلتۇزلار» (1923 - يىلى)، «ئەگىز» (1923 - يىلى) دېگەن شېئىرلار توپلاملىرى، «بالا كىتابخانلارغا» سەرلەۋھىلىك نە-سىرلەر توپلىمى، «ئۆتكەن ئىشلار»، «ئەۋلىيا» (1923 - يىلى) قاتارلىق ھېكايىلەر توپلاملىرى بار. ئۇ «ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەمئىيىتى» نىڭ ئابروي-

لۇق يازغۇچىلىرىدىن بىرى ئىدى.

ئۇ شېئىرىيەتتە تاگوردىن ئىلھام ئالغان، شې-ئىرلىرىدا كۆپىنچە ئانا مېھرىنى مەدھىيىلىگەن، تەبىئەت گۈزەللىكىنى تەسۋىرلىگەن. زىيالىيلارنىڭ ۋاقىتلىق تەسىراتلىرىنى بايان قىلغان. ئۇنىڭ تىلى راۋان، تەبىئىي. ئۇ ئۆزىنىڭ ھېكايىلىرىدە ياشلار-نىڭ ھاياتلىققا قاراش مەسىلىسى، ئاتا - بالا ئازادلىقى مەسىلىسى دېگەندەك ئىجتىمائىي مەسىلە-لەرنى تولۇق تەرەپلەردىن بايان قىلغاچقا، ئۇنىڭ ھېكايىلىرى «مەسىلە ھېكايىسى» دەپ تەرىپلەنگەن. شۇ مەسىلىلەرنىڭ تولىسى ئويغىنىۋاتقان ياشلار ئوخ-شاشلا كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھېكايىلىرى دىققەتكە سازاۋەر بولغان.

بىڭشىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى كۆزىتىشتە 30 - يىللاردىن باشلاپ ئالغا يۈكسەلگەن بولسىمۇ، يازغانلىرى كۆپ ئەمەس. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە پائال قاتنىشىپ، جۇڭ-گو ياپونىيە خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقىنى راۋاجلاندۇ-رۇشقا ھەسسە قوشتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەدەبىي تەرجىمە، بالىلار ئەدەبىياتى ۋە نەسر يېزىش بىلەن داۋاملىق شۇغۇللانماقتا.

«ھامما» (1932 - يىلى) سەرلەۋھىلىك ھېكا-يىلەر توپلىمىدىن تاللىۋېلىنغان «ئايرىملىق» (1931 - يىلى) دېگەن ھېكايىدە ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇ-رىسىدىكى «ئايرىملىق» نىڭ ئادەملەرنىڭ خاھىشى بىلەن ئەمەس، ئىجتىمائىي سەۋەب بىلەن، نەسىل-

نەسەب پەرقى بىلەن پەيدا بولىدىغانلىقى يېڭى تۇغۇلغان ئىككى بوۋاق — زىيالىينىڭ ئوغلى «مەن» بىلەن ئەمگەكچىنىڭ ئوغلى «ئاداش» نىڭ ئىدىيىۋى پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن ۋە كەلگۈسى تۇرمۇشتا چېنىقمىدىغان «ئاداش» قا ھېسسىداشلىق قىلىنغان. بۇ ھېكايىدىكى تەسەۋۋۇر يېڭى، تەسۋىرلەر ئىنچىكە، تىلى راۋان. (شاۋ بەيجۇ)

خاسىيەتلىك بىر ئۇلۇغ قول دىمىقتا بولۇپ تولغاق يەپ تۇرغان قېلىن تورنى يېرىپ مېنى چىقاردى، «ئىڭگە - ئىڭگە» قىلىپ تۇنجى ئاۋازىمنى چىقىرىپ يىغلىدىم.

كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام ھېلىقى ئۇلۇغ قول بىر پۇتۇمدىن تۇتۇپ ساڭگىلىتىپ كۆتۈرۈۋاپتۇ، قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەن كىچىككىنە قوللىرىم بېشىمدا پىلتىڭلاپ تۇرۇپتۇ.

يەنە بىر ئۇلۇغ قول بېلىمدىن ئالىقانلاپ كۆتۈرۈۋالدى ۋە شۇ ھالەتتە تەبەسسۇم بىلەن ئارقىسىغا قاراپ، ئاپئاق غالتەك كارىۋاتتا ياتقان ئايالغا: «مۇبارەك بولسۇن، چىرايلىق ئوغۇل ئىكەن!» دېدى - دە، مېنى ئاق ئەدىيال سېلىنغان تەڭنە سېۋەتكە ئاۋايلاپ ياتقۇزۇپ قويدى.

مەن تىرىشىپ ئەتراپقا قارىدىم: ئاق خالات، ئاق بۆك كىيىۋالغان ھەمشىرىلەر پاتپاراق بولۇپ ھېلىقى ئايالنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋاپتۇ. ئۇ ئايالنىڭ چىرايى تاتارغان، يۈز - كۆزىدە تەر چىپىلداپ تۇرۇپتۇ، ئۇ خۇددى

قارا بېسىپ ئۆندەرەپ ئويغانغان ئادەمدەك ئېسەنكىرىمەگەتە. قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن، نۇرسىز كۆزلىرى يېرىم يۇمۇق. دوختۇرنىڭ سۆزى قۇلىقىغا كىرگەندىن كېيىن، كۆزلىرىنىڭ مۆلدۈرلۈشى بىلەن تەڭ ياش بۇلدۇقلاپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىدىن خاتىرجەم بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ، ئەمدى ھاردۇق يەتكەندەك:

— سىلەرنى تازىمۇ بىسەرەمجان قىپتىمەن! — دەپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى.

— ۋاي، ئانا، — دېدىم قاتتىق ئىڭگەلەپ، — بىسەرەمجان بولۇپ جاپا تارتقان بىز! بىز ھېلىلا مىڭبىر جاپادا گۆرنىڭ ئاغزىدىن قايتىپ كەلمىدۇقمۇ!

ئاق خالاتلىق ھەمشىرىلەر پاتپاراقلىشىپ، ئۈن-تىنسىز ھالدا ئانامنى كارىۋىتى بىلەن ئىتتىرىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مېنىمۇ بىر دوختۇر كۆتۈرۈپ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ قولى بىلەن ئىشارەت قىلغانىدى، كارىدورنىڭ نېرىقى بېشىدىن بىر ئەر كىشى يېقىن كەلدى. ئۇ كىشىمۇ خۇددى جۆيلۈپ ئويغانغاندەك ئاسقىپ كەلدى-دە، دەرھال خۇشاللىقىدا چۆمۈپ، غۇلاچلىرىنى ئېچىپ باغرىغا ئالغۇسى كەلگەندەك ۋە لېكىن شۇنىڭغا جۈرئەت قىلالمىغاندەك ھالەتتە ھەسرەتلىك كۆزلىرىنى تىككىنىچە قاراپ قالدى.

— قانداق، بالىغا خۇشال بولدىڭىزمۇ؟! — دېدى دوختۇر كۈلۈپ.

— بۇ بالىنىڭ بېشى ئۇزۇنچاق كۆرۈنەمدۇ، نېمە!— دېدى ھېلىقى كىشى خىجىل بولغاندەك دۇدۇقلاپ.

شۇ چاغدا بېشىم قاتتىق ئاغرىدى، يەنە يىقىلدىم:

— ۋاي دادا، سىز بىلمەيسىز، بېشىمنىڭ قاتتىق سىقىلغانلىقىدىن ئاغرىقىغا چىدىيالماي قالدىم.

— بۇنىڭ ئاۋازى نېمىدېگەن چوڭ! — دېدى دوختۇر كۈلۈپ تۇرۇپ.

يېنىمىزدا تۇرغان بىر ھەمشىرە مېنى تەبەسسۇم بىلەن قولىغا ئېلىپ، ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرغان يورۇق چوڭ ئۆيگە ئېلىپ كىردى. بۇ ئۆيگە ئاپئاق ئەدىياللار سېلىنغان، كىچىك - كىچىك كارىۋاتلار قاتار تىزىلغانىدى، شۇ كارىۋاتلاردا ئاداشلىرىم ياتاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىككى قولىنى باش تەرىپىگە قويۇپ قېنىپ ئۇخلىماقتا، بەزىسى «ھۇمە، ھۇمە!» دەپ يىغلىسا، بەزىسى «مەمەق، مەمەق!» دەپ يىغلايتتى، بەزىسى «ئىسسىپ كەتتىم!» دەپ يىغلىسا، بەزىسى «ئاستىم ھۆل بولۇپ كەتتى!» دەپ يىغلايتتى. مېنى كۆتۈرۈۋالغان ھەمشىرە ئۇلارنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىمىغاندەك خىرامان ھالدا ئۇلارنىڭ كارىۋاتلىرىنىڭ يېنىدىن تېز مېڭىپ ئۆتۈپ، ئىچكىرىدىكى يۇيۇندۇرۇش بۆلۈمىگە كىردى - دە، بېشىمنى جۈمەككە توغرىلاپ، داسنىڭ يېنىدىكى تاش ئۈستەلگە ياتقۇزدى.

جۈمەكتىن بېشىمغا چاچراپ چۈشكەن ئىسسىق سۇ ئۈستىبېشىمدىكى قانلارنى تازىلىدى، ئەس - ھوشۇممۇ دەرھال ئېچىلىپ كەتتى. شۇنداق قارىسام، داسنىڭ ئۇدۇلىدىكى يەنە بىر تاش ئۈستەلدىمۇ بىر ئاداش يېتىپتۇ، ئۇنىمۇ بىر ھەمشىرە يۇيۇۋېتىپتۇ. قارىسام بېشى چىلگىدەك يۇپيۇمىلاق، كۆزلىرى چوڭ، بۇغداي ئۆڭ، ئۆزى تېمەن، ئۇمۇ ئويغاق ئىكەن، دېرىزىدىن تالاغا قاراپ بەھوزۇر يېتىپتۇ. ھەمشىرە مېنى دۈمبەمدىن ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ تۇ-

رۇپ ئاپئاق ئۇزۇن كىيىملەرنى كىيگۈزدى. شۇ چاغدا ئادىشىمۇ كىيىنىپ بوپتۇ. بىز بىرىمىز داسىنىڭ بېرىسىدە، بىرىمىز نېرىسىدە بىر - بىرىمىزگە ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل ياتاتتۇق. مېنى يۇيۇپ قويغان ھەمشىرە ئۆزىنىڭ خىزمەتدىشىغا قاراپ تەبەسسۇم بىلەن:

— ئاۋۇ بالا تەمبەل، قاۋۇل ئىكەن، لېكىن ماۋۇ بالىدەك ئاقپۇسماق ئەمەسكەن!— دېدى. مەن ھېيىقىپ تۇرۇپ:

— سالام، ئاداش، — دېدىم.

— سالام، ئاداش، — دېدى ئۇمۇ كەمتەرلىك بىلەن.

— پۈتۈن ئەزايىم شۇنداق ئاغرىيدىكى، ئاخىرقى تۆت سائەتتە چىدىيالماي قالدىم، سەنچۇ؟— دەپ سورىدىم.

— ياق، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، مۇشتۇملىرىنى تۈگۈۋېلىپ، — مەن پەقەت يېرىم سائەتلا دىمىقتا بولدۇم. قىينالمىدىم، ئانامۇ قىينالمىدى.

مەن جىم بولۇپ قالدىم. ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن بىر ئۇھ تارتىپ ئەتراپقا قارىدىم.

— سىزگە ھاردۇق يېتىپتۇ، — دېدى ئۇ ماڭا تەسەللى بېرىپ، — ئۇخلىۋېلىڭ، مەنمۇ بىردەم ئارام ئالاي.

ئېغىر ئۇيقىدا ياتاتتىم، ھەمشىرە مېنى كۆتۈرگىنىچە چوڭ ئەينەكلىك ئىشىك يېنىغا ئېلىپ كەلدى. ئىشىك ئالدىدىكى كارىدوردا بىر نەچچە ئوغۇل - قىز بوۋىنى قوللىرىنى ئىشىكنىڭ ئەينىكىگە يېقىپ، خۇددى كىچىك باللار بايرام كېچىسى تىزىلغان يەرگە دېرىزە سىرتىدا تۇرۇپ قارىغاندەك، خۇش تەبەسسۇم بىلەن بىر - بىرىگە

ئىشارەت قىلىپ مېنى كۆرسىتىپ قاشلىرى ھامىمىسىغا ئوخشايدىكەن، كۆزلىرى تاغىسىغا ئوخشايدىكەن، بۇرنى ئاكىسىغا ئوخشاپتۇ، ئاغزى ئاچىسىغا ئوخشاپتۇ... ۋەھاكازا دەپ زوقلاندى، ئاغزىنى چاكىلداتتى.

مەن كۆزۈمنى يۇمدۇم، بېشىمنى چايقىماقچى بولۇپ كۈچۈنۈۋىدىم، بوينۇمنىڭ ئاغرىقى تېخى بېسىلماپتۇ.

— مەن پەقەت مەن، مەن ھېچكىمگە ئوخشىمايمەن! — دېدىم قاتتىق ئىڭگەلەپ يىغلاپ، — مېنى ئۆز ئارامىمغا قويۇڭلار!

ھەمشىرە كۈلدى، مېنى كۆتۈرگىنىچە قايتۇرۇپ ماڭدى، شۇ چاغدا قارىسام، ھېلىقى ئوغۇل - قىزلار بىر ئالدىغا، بىر ئارقىسىغا قاراپ كۈلۈپ، بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ چىقىپ كېتىشتى.

ھېلىقى ئادىشىمۇ ئويغىنىپتۇ. ئۇ خەيرىخاھلىق قىلىپ:

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇۋاپتىكەنسىز، كىم يوقلاپ كەپتۇ؟ — دېدى.

— بىلمىدىم، — دېدىم ھەمشىرە ئورنۇمغا ياتقۇزۇۋاتقان چاغدا، — ھامىمىلىرىم، تاغىلىرىم بولسا كېرەك، بىر قانچە ياش ئادەملەر كەپتۇ، ئۇلار ماڭا ئامراق بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

ئادىشىم كەپ - سۆز قىلمىدى، يەنە پىسىڭلاپ كۈلدى:

— سىزنىڭ ئامتىڭىز بار ئىكەن، بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمىزگە بۈگۈن ئىككى كۈن بولدى، مەن تېخى دادامنىمۇ كۆرمىدىم.

ئېخىر ئۇيقۇدا قانچە ئۇزۇن ياتقانلىقىمنىمۇ بىلمىدىم، ھازىر پۈتۈن ئەزايىم ئاغرىماقتا، ئۈنىڭ ئۈستىگە ئاستىم-

مۇ ھۆل بولۇپ قاپتۇ، مەنمۇ باشقىلارنى دوراپ: «ئاستىم ھۆل بولۇپ كەتتى! ھۆل بولۇپ كەتتى!» دەپ يىغلاۋەردىم. دېگەندەك، ئۇزۇن ئۆتمەي ھەمشىرە كېلىپ مېنى كۆتۈرۈۋالدى. تولىمۇ خوشال بولدۇم. ھەمشىرە ئاۋۋال ھۆممە بەردى.

قاش قارايغان گۇگۇم ۋاقتى بولسا كېرەك، ئۈچ - تۆت ھەمشىرە ئاق خالاتلىرىنى شىلدىرلىتىپ ئالدىراپ كىرىشتى - دە، بىزنى قوللىرىغا ئېلىپ زاكىلىرىمىزنى يەڭگۈشلىدى. ئاددىشىم ناھايىتى خۇشال بولۇپ:

— بىز ھەممىمىز ئانىلىرىمىزنى كۆرىدىغان بولدۇق، خەير - خوش، — دېدى.

ئاددىشىم باشقا ئاداشلار بىلەن بىللە چوڭ غالتەك ھارۋىدا چىقىپ كەتتى. مېنى بولسا ھەمشىرە قۇچىقىدا كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى. ئەينەك ئىشىكتىن ئۆتكەندىن كېيىن كارىدورنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بىرىنچى ئۆيگە كىردۇق. ئانام ئاق كىرلىك سېلىنغان ئېگىز كارىۋاتتا ياتقانىكەن، مېنى تەشنالىق ئىچىدە خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋالدى. ھەمشىرە مېنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا ياتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇ قورۇنغان ھالدا قوينىنى ئاچتى. ئانام خېلىلا ياش بولسا كېرەك، قۇندۇزدەك چىرايلىق چاچلىرىنى ئارقىسىغا بوغۇۋاپتۇ، قاشلىرى يېڭى چىققان ئايغا ئوخشايدۇ، چىرايى سۇزۇلۇپ قالغان، كۆزىنىڭ قارىچۇقى ھەم چوڭ، ھەم قاپقارا. كارىۋاتنىڭ يېنىدا غۇۋا يېنىپ تۇرغان چىراغ نۇرىدا خۇددى تاش ھەيكەلگە ئوخشاش كۆرۈنەتتى.

ئاغزىمنى ئېچىپ ئېمىشكە باشلىدىم. ئانام مەڭزىنى

بېشىمغا يېقىپ، بارماقلىرىمنى سىلاپ، باش - ئايىغىمغا سىنچىلاپ قارايتتى. ئۇ تولىمۇ خۇشال ۋە ھەيران بولسا كېرەك.

يىگىرمە مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى، ئەمچەكتىن ھېچنەرسە چىقمىدى. ئاچلىقنىڭ ئۇستىگە تىلىمنىڭ ئۇچى ئاغرىپ كەتتى، ئاغزىمنى ئېچىپ ئەمچەكنى چىقىرىۋېتىپ زارلىنىپ يىغلىدىم. ئانام قورقۇپ ھەدەپ: «ئەللەي، يىغلىماڭ، بالام!» دەپ ئەللەي ئەتتى ۋە يەنە بىر تەرەپتىن ئالاقزادىلىك بىلەن قوڭغۇراقنى باستى. بىر ھەمشىرە كىرىپ كەلدى.

— باشقا ئىش يوق، — دېدى ئانام خۇش چىراي بىلەن، — ئەمچىكىمدىن سۈت چىقمىدى، شۇڭا بالام يىغلاپ كەتتى، قانداق قىلاي؟

— ھېچ گەپ يوق، — دېدى ھەمشىرىمۇ تەبەسسۇم بىلەن، — ئاستا - ئاستا چىقىدۇ. بالا كىچىك، سۈتنىڭ بار - يوقلۇقىغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ.

ھەمشىرە مېنى ئانامنىڭ قوينىدىن ئېلىپ ئۆز كارىۋىتىمغا ياتقۇزغاندا قارىسام ھېلىقى ئادىشىم ئالللىقاچان ئۆز كارىۋىتىغا قايتىپ كېلىپ شېرىن ئۇيقىدا يېتىپتۇ. ئۇ چۈشەكەپ پىسىڭلاپ كۈلەتتى، ناھايىتى خىرامان، ناھايىتى خۇشال بولسا كېرەك. ئەتراپىمغا كۆز سالدىم، ئاداشلىرىمنىڭ تولىسى كۆكۈللۈك ئۇخلاپ يېتىپتۇ. بىر نەچچىسى چالا ئۇيقىدا بىر نېمىلەرنى دەپ ئويىنىغاندەك قىلاتتى، يەنە بەزىسى ئىڭگەلەپ يىغلايتتى. مېنىڭ قورسىقىم قالتىس ئاچتى. ئانامنىڭ سۈتى قاچان كېلەركىن دەپ بېشىم قېتىپ تۇرغانلىقىنى كىم بىلسۇن. باش-

قىلارنىڭ قورساقىنى تويغۇزۇپ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچىم ئۆرتەندى، يەنە بىر تۇرۇپ خىجىل بولدۇمدە، باشقىلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى تارتىش ئارزۇسى بىلەن ۋار - ۋار يىغلىدىم. يېرىم سائەتچە يىغلىغاندىن كېيىن بىر ھەمشىرە يېنىمغا كېلىپ ئاغزىنى ئوماققىنە پۇرۇشتۇرۇپ ئەركىلەتتى، ئەللەي ئەتتى ۋە:

— شۇنداق، ئانىڭىزدىن بىر نەرسە چىقمىدى، ھۇمە بېرەي! — دەپ ئېمىزگىنى ئاغزىمغا سالدى، غۇرتۇلدىتىپ ئەمگىنىمچە بارا - بارا ئۇخلاپ قالدىم.

ئەتىسى يۇيۇنۇش ۋاقتىدا ئادىشىم بىلەن ئىككىمىز داسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ياتقىنىمىزچە پاراڭلىشىپ قالدۇق. ئۇ ناھايىتى شوخ ئىدى. ھەمشىرە يۇيۇۋاتسا، ئۇ بېشىنى تولغاپ كۆزلىرىنى قىسىپ تۇرۇپ، خۇش چىراي بىلەن سۆزلىدى:

— تۇنۇگۈن تويغىچە ئېمىۋالدىم! ئانام مەگزى يۇپيۇمىلاق، بۇغداي ئۆڭ، چىرايلىق ئايال. مەن بەشىنچى بالىسى. ئانامنىڭ ھەمشىرىلەرگە ئېيتىشىچە، بۇ نۆۋەت بىرىنچى قېتىم دوختۇرخانىدا تۇغۇشى ئىكەن، بالىلارغا خەيرىخاھلىق قىلىش جەمئىيىتى ۋاستىچىلىك قىلىپ ئەكىرگەنىكەن. دادام ناھايىتى كەمبەغەل ئادەم ئىكەن، قاسساپچىلىق قىلىدىكەن، — ئۇ بىر تامچە مارگانسوپ تامچىسى كۆزىگە كىرىپ كەتكەنلىكتىن بىردەم چىرقىراپ تىپىرلىدى، كېيىن يەنە كۆزىنى ئېچىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — قاسساپچىلىق قالتىس پەيزى ئىش، ئاپئاق پارقىراپ تۇرغان پىچاق شارت قىلىپ كېسىدۇ، قىپقىزىل

بويىلىپ چىقىدۇ! مەنىڭ چوڭ بولغاندا دادامنى دوراپ قاساپلىق قىلىمەن، مالنى بوغۇزلاش بىلەنلا قالماستىن ئىشلىمەي چىشلەيدىغان هارامخورلارنىڭ بوغۇزلايمەن!

جىم ئاڭلاپ ياتتىم، ئاغرىقى گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم، ئۈن - تىن چىقارمىدىم.

— سىزچۇ؟ — دەپ سورىدى ئادىشىم، — قورسىقىڭىزنى تويدۇرغانسىز؟ ئانىڭىز قانداقراق؟

— هېچنەرسە يېمىدىم، — دېدىم مەنىڭ روھلىنىپ، — ئانامدىن سۈت چىقمىدى، ھەمشىرە بىر - ئىككى كۈنگىچە سۈت كېلىپ قالىدۇ، دەيدۇ، مېنىڭ ئانام قالتىس ئوبدان ئايال ئىكەن، ئوقۇغان - ساۋاتلىق. كاردۇتىنىڭ يېنىدىكى جوزىدا بىر مۇنچە كىتاب بار ئىكەن، ئۆيىنىڭ تۆت تەرىپى گۈل بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ.

— دادىڭىزچۇ؟

— دادام كەلمىدى. ئۆيدە ئانام يالغۇز ئىكەن، باشقا گەپلىشىدىغان ئادەم يوق ئىكەن. دادامنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا هېچ نەرسىنى بىلمەيمەن.

— ئانىڭىز ياتقان ئۆي بىرىنچى دەرىجىلىك ئۆي، — دېدى ئادىشىم چەزمىلەشتۈرۈپ، — ئۇنداق ئۆي بىر كىشىلىك بولىدۇ. ئانام ياتقان ئۆي قىزىق، ئۇ يەردە ئون نەچچە كاردۇات بار. ئۇرغۇن ئاداشلىرىمىزنىڭ ئانىلىرى شۇ ئۆيدە ياتىدۇ، ئاداشلىرىمىز قىينىپ - قىينىپ ئېمىدۇ.

ئەتىسى دادامنى كۆردۈم. مەن ئېمىۋاتقان چاغدا دادام ئانامنىڭ ياستۇقىنىڭ يېنىدا سىگايان ئولتۇرۇپ ماڭا تازا سىنچىلاپ قارىدى. دادامنىڭ چىرايى ئاق سې-

رىق، كىرپىكلىرى ئۇزۇن، كۆزى نۇرلۇق ئىكەن. خۇددى خىيالچان ئادەملەردەك، قوشۇمىسى دائىم سەل - پەل تۈرۈلۈپ تۇرىدىكەن.

— مانا ئەمدى ئوبدان سەپسىلىپ قارىسام، — دېدى دادام، — بۇ بالا ھەقىقەتەن مېھرى ئىسسىق، ساڭا ئوخشاش چىرايلىق بالا بوپتۇ.

ئانامنىڭ خۇش چىراي بىلەن باش - كۆزۈمنى سىلىدى:

— سىزگىمۇ ئوخشايدۇ، كۆزىنىڭ چوڭلۇقىنى قاراڭ.

دادام ئورنىدىن تۇرۇپ، كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇردى، ئانامنىڭ قولىنى سىلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— مانا ئەمدى بىز زېرىكمەيدىغان بولدۇق. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن سىزگە قارىشىپ بۇنى ئويىنىتىمەن. ئەتىل ۋاقتىدا دەريا بويىغا، باغلارغا ئاپىرىمەن... بۇ بالىنى ئاۋايلىمىساق بولمايدۇ، ماڭا ئوخشاش كېسەللىك بولمىسىمۇ قۇۋۋىتى يوق ئادەم بولۇپ قالمىسۇن...

— شۇنداق، — دېدى ئانام بېشىنى لىڭشىتىپ، — كىچىكىدىن تارتىپ مۇزىكا چېلىشنى، رەسىم سىزىشنى ئۆگەنسۇن، مەن شۇنداق ھەۋەسلەرنى قىلمىغاچقا دائىم كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى...

— سىز بۇنى ئەتە - ئۆگۈن نېمە بولسۇن دەيسىز؟— دېدى دادام كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەدىب بولسۇن دەمسىز ياكى مۇزىكانتمۇ؟

— قايسىسى بولسا مەيلى... بۇ ئوغۇل بالا - دە! جۇڭگو ئىلىم - پەنگە موھتاج، ئالىم بولسا تېخىمۇ ياخشى.

— ئەمچەكتىن بىرنېمە چىقمىغاچقا كەيپىم ئۆرلەپ

يىغلىغۇم كەلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ چىرايلىق مۇڭلىرىنى ئاڭلاپ ئۈن - تىن چىقارمىدىم.

— بۇنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن پۇل يىغمىساق بولمايدۇ، قانچىكى بالدۇر تەييارلىساق شۇنچە ياخشى، — دېدى دادام.

— سىزگە دەيمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى ئانام، — ئىنىم تونۇگۈن ماڭا، بالىڭىز ئالتە ياشقا كىرگەندە بىر كىچىك ۋېلسىپىت ئېلىپ بېرىمەن، دەيدۇ.

— بۇ بالىنىڭ تۇققۇزى تەل بولۇپ قالدى، — دېدى دادام كۈلۈپ، — بۇنىڭ بۆشۈكىنى سىڭلىم ئەكەلدىغۇ.

ئانام چىڭ قۇچاقلاپ چاچلىرىمنى سۆيدى:

— يۈرەك پارەم، پېشانەڭ ئوڭ ئىكەن، شۇنچە ئادەم ساڭا ئىچىنى كۆيدۈرۈۋاتىدۇ. چوڭ بولغاندا ئوتتۇرا قولدەك ئادەم بول...

خۇشاللىقىم ئىچىمگە پاتمىغان هالدا كارىۋىتىمغا قايتىپ كەلدىم، قورسىقىمنىڭ ئاچلىقىغىمۇ پەرۋا قىلماپتىمەن. كارىۋىتىمدا ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ئادىشىم چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ يېتىپتۇ.

— ئاداش، — دېدىم خۇش چىراي بىلەن چاقىرىپ، — مەن دادامنى كۆردۈم. مېنىڭ داداممۇ ياخشى ئادەم ئىكەن، ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىكەن. دادام مېنى چوڭ بولغاندا ئوقۇتۇش توغرىسىدا ئانام بىلەن مەسلىھەتلەشتى. دادام، بالام ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگىنىچە تىرىشىمەن دېدى. ئانام دەيدۇ: بالامغا سۈتۈم چىقمىسا چىقمىسۇن، ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن سۈت پاراشوكى بېرىمەن، ئاپىل-

سىن شەربىتى بېرىمەن، يەنە نېمە بىر نېمىلەرنى بېرىمەن، دېدى، — تىنماي سۆزلەپ كەتتىم.

ئادىشىم پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر غەمخورلۇق، بىر مەنسىتمەسلىك چىقىپ تۇراتتى:

— ۋاي، سىزنىڭ بەختىڭىز بار ئىكەن. مەن ئۆيگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئېمىدىغان سۈتۈم يوق. بۈگۈن دادام كەلگەندە ئانامغا دېدى، كىمدۇر بىر كىم ئانامنى ئەمچەك ئانىسى قىلىپ بالا باقتۇرماقچى بوپتۇ. ئانام مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە شۇلارنىڭكىگە بارىدىغان بوپتۇ! مەن ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئاتمىش نەچچە ياشلىق مومام بىلەن قالىدىكەنمەن. ئىچىدىغىنىم گۈرۈچ قايناق، يەيدىغىنىم زاغرا نان... لېكىن بۇلارغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيمەن...

مەن جىم بولۇپ قالدىم، ھېلىقى ئىچىمگە پاتمىغان خۇشاللىقلىرىم كۆپۈكتەك توزۇپ كەتتى. خورسىنىپ قالدىم.

— سىز گۈلخانىدىكى تەشتەك گۈلى بولۇپ قالىدىكەنسىز، شامالنىمۇ، يامغۇرنىمۇ كۆرمەيدىغان بىر خىل ھاۋادا نازۇك ئۆسىدىكەنسىز، — دېدى ئادىشىم چىرايىدىن مەغرۇرلۇق، باتۇرلۇق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان ھالدا، — مەن بولسام يول بويىدىكى ئوت، مەيلى ئادەملەر دەسسەپ ئۆتسۇن مەيلى جۇت سوقسۇن، ھەممىسىگە چىدايمەن. ئېھتىمال سىز ئەينەك دېرىزىدىن قاراپ ماڭا ئىچ ئاغرىتارسىز. لېكىن بېشىمدا بىپايان ئاسمان بار، ئەتراپىمدا سۈمۈرۈپ تۈگەتكۈسىز ھاۋا بار، يېنىمدا بولسا ئەركىن كېپىنەكلەر، چېكەتكىلەر پەرۋاز قىلىپ سايراپ تۇرىدۇ. مېنىڭ كۆزگە ئىلىنمايدىغان ۋە لېكىن باتۇر ھەمراھلى-

رىمنى كۆيدۈرۈپ، چېچىپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار ئادەملەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا تۇرۇپمۇ پۈتۈن دۇنيانى كۆپكۆك بېزەپ تۇرىدۇ!

خىجالەتتە يىغلىۋەتكىدەك بولدۇم:

— مەن ئۆزۈممۇ شۇنداق يۇمران، نازۇك بولۇشنى خالىمايتتىم!...

— شۇنداق، — دېدى ئادىشىم ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندەك سۆزىنى سىلىقلاشتۇرۇپ، — ھېچقايسىمىز بۆلەكچە بولۇۋېلىشنى خالىمايمىز، بىراق تۈرلۈك ئەھۋاللار بىزنى ئايرىپ قويىۋاتىدۇ. قېنى كېيىن كۆرەرمىز!

تالادا قار توختىماي ياغماقتا، لەپىشىپ يېغىۋاتقان قار ئۆگزىدىكى يېشىل كاھىشلاردىن ئاپئاق قىرلارنى ھاسىل قىلماقتا. ئانام بىلەن ئىككىمىز چاغانغا ئۆيگە قايتىپ كەتمەكچى. ئادىشىمنىڭ ئانىسى ئۆز ئىشىغا كېتىدىغان بولغاچقا، بايرامدىن بۇرۇن قايتىپ كەتمەكچى. بىزگە بىللە تۇرۇشقا پەقەت يېرىم كۈن ۋاقىت قالدى. يېرىم كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىز ئادەم دېڭىزىغا كىرىپ كېتىمىز، يەنە قاچان بىر ئۆيدە ياندىشىپ ئۇخلايمىز، ئۇنىسى نامەلۇم.

بىز ئايرىلىشقا كۆڭلىمىز ئۇنىمىغان ھالدا بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ قالدۇق. قاش قارايغان گۇگۇم ۋاقتىدا ئادىشىمنىڭ يۈز-كۆزى ئەلەڭگۈلۈكتە تۇرغان كۆزۈمگە بارا-بارا يوغىناپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ چىڭ يۇمۇلغان كالپۇكىدىن، چىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىسىدىن، يىراقلارغا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن،

سوزۇق تۇرغان ئېڭىكىدىن، دېمەك ھەممىلا يېرىدىن غەيرەت - جاسارەت چىقىپ تۇراتتى. «ئۇ قاسساپلىق قىلىمەن... ئادەم بوغۇزلايمەن دېمىگەنمىدى؟» دېگەن گەپ خىيالىمدىن ئۆتتى، يۆگەكنىڭ ئاستىدىن چىقىپ قالغان ۋېجىك قوللىرىمغا قاراپ ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ قەدىرسىز ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم.

ئانىلىرىمىزنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن، ئەتە — 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى — ئۆيگە قايتىپ كېتىدىغانلىقىمىزنى بىر - بىرىمىزگە خەۋەر قىلدۇق! دادام ھارپا كۈنى ئىشى كۆپىيىپ كېتىدىغانلىقىدىن قاچسا، ئانام ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئارام ئالالماسلىقىدىن ئەندىشە قىلاتتى. ئادىشىمنىڭ دادىسى ھارپا كۈنى قەرز سۈيلەپ كېلىدىغانلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ باشقا بىر يەرگە كېتىپ قالسا، ئانىسىنىڭ قەرزنى قىستاپ كەلگەنلەرگە تۇتۇلۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، دوختۇرخانىدىن چىقارتمايدىكەن. دېمەك، بىزگە بەخۇدۇك بىر كۈن چىقىپ قالدى!

يېرىم كېچە ئۆتكەندىن بۇيان يىراق - يېقىندا پوجاڭزا ئېتىلىشقا باشلىدى. لەپىشىپ يېغىۋاتقان قاردا قۇلاققا كىرىپ تۇرغان ئىتلارنىڭ ھاۋشۇغان ئاۋازلىرى گويا بىزگە ھاياتنىڭ بىر باسقۇچلۇق ھۇزۇر - ھالاۋىتى ياكى دەرد - ئەلەملىرىنىڭ ھازىرچە ئاخىرلاشقانلىقىدىن، ئەتىكى كۈن مولايىملىق، شاد - خۇراملىق نىقابىنى يېڭىباشتىن كىيىپ كېلىشتىن ئىلگىرى بۇگۈنكى بۇ كېچىنىڭ بار - يوقىنى ئىمكان قەدەر چايناپ - يالماپ، قەھرىنى چىقىرىپ، يىغا - زارىنى تۆكۈپ ئالىدىغانلىقىدىن

دېرەك بېرەتتى. قاراڭغۇ رەستىلەردە، خالتا كوچىلاردا پاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان پوجاڭزا سادالىرى ئىچىدە يۈز مىڭ تۈرلۈك قايغۇ – ھەسرەت يوق دەمسىز؟!...

تېنىم شۈركۈندى، ئاددىشىمغا قارىسام، تۆۋەن كالپۇ-كىنى چىڭ چىشلەپ ئۈن – تىنسىز يىغلاپتۇ. بۈگۈنكى كېچە ئاستا ئېقىۋاتقان سۇدەك ئۆتمەكتە. تاڭ سۈزۈلۈشكە ئاز قالغان چاغدا قارىسام، ئاددىشىم ھەسرەت بىلەن ئىچىگە قىنىپ يىغلاپتۇ.

تاڭ سۈزۈلدى، ئىككى ھەمشىرە يېڭى يىل بايرىمىنىڭ خۇشاللىقىدا خۇش چىراي كىرىپ بىزنى يۇيۇندۇردى. ھەمشىرىلەردىن بىرى مېنىڭ كىچىك چامادانىمنى ئېچىپ، ماڭا ئاق بۆمەزە ئىچ كىيىمىمنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاق بۆمەزە جىلىتكەمنى، خالتىمنى كىيگۈزدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ماشرەك مووۇت چاپان، ئېسىل باشلىق ۋە پايپاق كىيگۈزدى.

— پاھ، ئەجەبمۇ چىرايلىق يارىشىپتۇ، — دېدى ھەمشىرە كىيىندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن قۇچىقىغا ئېلىپ،— ئانىڭىز سىزنى ياساشقا ئۇستا ئىكەن – ھە!

پۈتۈن ئەزايىم يېزىلىپ – يايراپ قالغاندەك بولدى، لېكىن تولىمۇ ئىسسىپ كەتكەنلىكىمدىن تېنىم تاپالماي يىغلىغۇم كەلدى.

ئاددىشىمنىمۇ ھەمشىرىلەردىن بىرى قولىغا ئالدى. ئۇنى كۆرۈپ ھاڭ – تاڭ بولۇپ قالدىم، تونۇيالمىغىلى تاسلا قالدىم! ئۇ ئۈستىگە ھەم يوغان، ھەم قېلىن پاختىلىق لەمبۇق چاپان كىيدۈرۈپتۇ، يەڭلىرى كېلەڭسىز ھەم ئۇزۇن. ئۇ چاپانىنىڭ بۇزۇپ ئۆزگەرتكەن، ياماق سالغان يەرلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، ئاستىنىمۇ

تولا يۇيۇپ ئۆگۈپ كەتكەن لەمپۇق داكا بىلەن زاكىلاپ قويۇپتۇ، ئۇنىڭ ئىككى قولى سىلىنىپ تۇرۇپتۇ، باش - كۆزى كۆك لەمپۇقتىن تىكىلگەن پاختىلىق قۇلاقچا ئىچىگە چۆكۈپ كېتىپتۇ، كۆرۈنۈشىدىن خۇددى بوغما قاپاققا ئوخشايدۇ! بىزنىڭ ئۇستىمىزدىن سالدۇرۇۋەتكەن، يەردە دۆۋىلىنىپ تۇرغان ئوخشاش ئىككى قىزىل ئاق كىيىمگە كۆزۈم چۈشتى - دە، بىز مانا ئەمدى ئايرىلىپتۇق، مەنىۋى جەھەتتىمۇ، ماددىي جەھەتتىمۇ مەڭگۈلۈك ئايرىلىپتۇق، دەپ شۈركۈنۈپ كەتتىم.

ئادىشىممۇ ماڭا قارىدى، خىجالەت ئارىلاش ئەركىلىدى:

— قالتىس چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز، چىرايلىق، ئىسىل كىيىملىرىڭىز يارىشىپتۇ! مېنىڭ كىيگەنلىرىم ساۋۇت، مەن جەمئىيەت جەڭ مەيدانىغا بېرىپ، جان بېقىش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن ئېلىشىمەن!

ھەمشىرىلەر يەردىكى ئاق كىيىملەرنى شارت - شۇرت يىغىشتۇرۇپ كىر سېۋىتىگە تاشلىدى، ئاندىن كېيىن بىزنى كۆتۈرگىنىچە ئەينەك ئىشىك ئالدىغا كەلدى. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ۋار - ۋار يىغلىدىم، ئادىشىممۇ ئىختىيارسىز يىغلىدى. بىز: «ئاداش، خوش! خەيرى-خوش!» دەپ قوللىرىمىزنى ئوينىتىپ ماڭدۇق. يىغا ئاۋازلىرىمىز كارىدورنىڭ ئىككى چېتىگە بېرىپ ئۈزۈلدى.

ئانام كىيىنىپ - تارىنىپ بولۇپ ئىشىك ئالدىدا تۇرغانىكەن. دادام كىچىك چامادانىنى كۆتۈرۈپ ئانامنىڭ يېنىدا تۇرۇپتۇ. ئانام مېنى كۆرۈپ دەرھال قۇچىقىغا ئالدى، يۈز - كۆزۈمدىكى ياشنى سۈرتۈپ مەڭزىمنى ياقتى:

— كۆزۈمنىڭ نۇرى بالام، يىغلىماڭ، ئۆيگە كېتىمىز،

راهەت ئۆيدە ياپرايسىز. ئانىڭىزمۇ سىزگە كۆيىدۇ. دادى-
ڭىزمۇ ئامراق!

بىر قول هارۋىسى كەلگەندى، ئانام مېنى ماش رەڭ موۋۇت ئەدىيال بىلەن ئوراپ قۇچىقىدا تۇتقىنىچە هارۋىغا ئولتۇردى، دادام ئارقىمىزدا تۇردى، ئۇزىتىپ تۇرغان دوختۇر - هەمشىرىلەرگە رەهمەت ئېيتىپ، ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ لىفت بىلەن پەسكە چۈشتۇق.

يېرىم ئەينەكلىك ئىككى قاناتلىق ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە قارىسام ئىشىك ئالدىدا بىر پىكاپ تۇرۇپتۇ. دادام ئىشىكنى ئاچقانىدى، قار ئۇچقۇنلىرى غۇيۇلداپ كىردى، ئانام دەرهال يۈزۈمنى يېپىۋالدى. بىز قول هارۋىسىدىن چۈشۈپ، ئىشىكتىن چىقىپ پىكاپقا چۈشتۇق، پىكاپنىڭ ئىشىكى «گۇپ» قىلىپ يېپىلدى. ئانام يۈزۈمدىكى ئەدىيالنى قايرىۋەتتى، قارىسام پىكاپنىڭ ئىچى گۈلدەستىلەر بىلەن لىق تولۇپتۇ. مەن ئانامنىڭ قۇچىقىدا ياتتىم، دادام بىلەن ئانام مەڭزىلىرىنى ماڭا يېقىپ ئولتۇردى.

پىكاپ ئاستا مېڭىپ دەرۋازىدىن چىقتى. دەرۋازا ئالدىدىكى رىكشا تىقما - تىقما بولۇپ تۇرۇپتۇ، ئۇلار پىكاپقا يول بوشىتىپ بېرىۋاتقان پەيتتە بېشىمنى كۆتۈرۈۋىدىم، ئون نەچچە كۈندىن بۇيان ئەتىدىن - كەچكىچە ئۆلپەت بولۇپ ئۆتكەن ئادىشىمغا غىل - پال كۆزۈم چۈشۈپ قالدى! ئۇنى دادىسى كۆتۈرۈۋاپتۇ، ئانىسىنىڭ قولىدا كۆك سەگەز بوقچا. ئۇلار دەرۋازا ئالدىدا بىز تەرەپكە ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغانىكەن، قارىسام دادىسىنىڭ بېشىدا كەڭ گىرۋەكلىك قارا كىگىز تەلپەك، ئۇچىسىدا كىلەڭسىز پاختىلىق كۆك چاپان. هېلىقى ئادىشىم كەڭ گىرۋەكلىك

تەلپەكنىڭ دالدىسىدا دادىسىنىڭ يەلكىسىگە يۆلىنىپ مەن تەرەپكە قاراپ تۇرۇپتۇ، قاش - كۆزىگە، مەڭزىگە قار ئۇچقۇنلىرى قونۇپ قاپتۇ، كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلغان، چىرايى بولسا مەغرۇر تەبەسسۇم قىلىپ تۇرۇپتۇ... ئۇ غەيرەت بىلەن كۈرەش قىلىشنىڭ مەززىسىنى كۆرۈشكە باشلىغان بولسا كېرەك!...

يىكاپ دەرۋازىدىن ئۇزاپ ماڭغاندىن كېيىن قۇيۇندەك ئۇچتى. يول بويى قار غۇيۇلدىماقتا. يېڭى يىل بايرىمىنىڭ داپ - دۇمباقلىرى چالا - پۇچۇق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ئومىقىم، بالام، — دېدى ئانام قولىقىمنىڭ تۈۋىدىن، — قارىغىنا، بۇ تەپتەكشى ئاپئاق دۇنيانى!

مەن يىغلىدىم.

1931 - يىل، 8 - ماي، خەيدىيەندە يېزىلدى.

# قىلىچ

## ۋاڭ تۇڭجاۋ

### تۇختى باقى تەرجىمىسى

ۋاڭ تۇڭجاۋ (1897 — 1957) — يەنە بىر ئىسمى زى جيەنسەن، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جۇچېڭ ناھىيىسىدىن. «4 - ماي» ھەرىكىتى دەۋرىدە جۇڭگو داشۆسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى سۈپىتىدە جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى ھەرىكەتلەرگە پائال قاتناشقان ۋە بىرنەچچە ساۋاقدىشى بىلەن بىللە «تاڭ نۇرى» ئايلىق مەجمۇئەسىنى چىقىرىپ، دېموكراتىيە ۋە پەننى تەرغىب قىلغان. 1927 - يىلى شېن يەنبىڭ، جېڭ جېندو، يې شاۋجۈنلەر بىلەن بىرلىكتە «ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەمئىيىتى» نى تەشكىل قىلغان. جۇڭگو داشۆسى، جىنەن داشۆسى، شەندۇڭ داشۆسىدە پروفېسسور بولغان ھەمدە «مەرىپەت كىتابخانىسى» دا «ئەدەبىيات» ژۇرنىلىنى ئىشلىگەن. مەملىكەت ئازاد بولغاندىن كېيىن، شەندۇڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئورگانلىرىدا ۋە تەشكىلاتلىرىدا رەھبەرلىك خىزمەتلىرىدە بولغان.

ۋاڭ تۇڭجاۋنىڭ «بالىنىڭ ئىقبالى» (1925 - يىلى)، «بۇ زاماندا» (1933 - يىلى) قاتارلىق شېئىرلار توپلىمى، «يامغۇرلۇق باھار كېچىسىدە» (1924 - يىلى)، «كاناي

ئاۋازى» (1928 - يىلى)، «قىراۋ دېغى» (1931 - يىلى)
قاتارلىق ھېكايىلەر توپلاملىرى بار. ئۇنىڭ خېلى زور
تەسىر قوزغىغان «تاغ يامغۇرى» (1933 - يىلى) دېگەن
رومانىدا شىمالىي جۇڭگو يېزىلىرىدىكى خارابىلىقنىڭ سە-
ۋەبلىرى، ھادىسىلەر ۋە دېھقانلارنىڭ ئويغىنىشى تەسۋىر-
لەنگەن. «4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرى-
دە، ۋاڭ تۇڭجاۋ «ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەمئىيىتى» دىكى
كۆپچىلىك يازغۇچىلارغا ئوخشاشلا «ئىنسانىي ھايات ئۈ-
چۈن خىزمەت قىلىدىغان سەنئەت» نى تەكىتلەپ، جەم-
ئىيەتنىڭ تۈۋەن قاتلىمىدىكى خەلقنىڭ دەردى - ھالىغا
چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن. 20 - يىللارنىڭ ئا-
خىرىدا «ئىنسانىيەتنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى ھەقىقىي
تېتىغان»، نەزەر دائىرىسى يېڭىدىن يېڭى كېڭىيىپ، جاھان-
گىرلىك ۋە فېئودالىزم زۇلمى تارتقان شىمال يېزىلىرى-
نىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى چوڭقۇر تەسۋىرلەپ، كونا جۇڭ-
گودىكى زالىملىقىنى ھەر تەرەپتىن پاش قىلغان ۋە ئەيىب-
لىگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قارىماققا قىزغىن ۋە سىلىق،
ئەمما ئاچچىق تەنە بىلەن تولغان بەدىئىي ئۇسلۇبقا ئى-
گە. لېكىن پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئىنقىلابىي
كۈرەشلىرى قايىنىمىغا بىۋاسىتە كىرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئە-
سەرلىرىنىڭ قەھرىمانلىرىغا پارلاق ئىستىقبال كۆرسىتىپ
بېرەلمىگەن. شۇڭا بەزى ئەسەرلىرىدىن رەنج چىقىپ تۇرىدۇ.

ۋاڭ تۇڭجاۋنىڭ «قېلىچ» (1928 - يىلى) سەرلەۋ-
ھىلىك ئەسىرى خېلى پىشقان ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا
زۇلۇم چەككەن دېھقانلارنىڭ تەشكىللىنىپ، ئەكسىيەتچى
زالىملارغا قارشى قوزغالغانلىقى، قوزغىلاڭدا مەغلۇپ بول-

غاندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ ئۆزىنى قوغداش قورالى بولغان بۇدۇر — بۇدۇر ھەس دەستىلىك قىلىچنىڭ ئۆزلىرىنى قىرىپ تاشلايدىغان جاللات قىلىچىغا ئايلىنىپ قالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ھېكايە چوڭقۇر پاجىئە تۇسىگە ئىگە. ئاپتور ئەسەردىكى قەھرىمانلارنىڭ مۇرەككەپ مىجەز — خاراكتېرىنى ۋە روھىي ھالەتلىرىنى باشقىچە ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلىگەن. ھېكايىدىكى پىكىر يېڭى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئۆزگىچە، گەپ — سۆزلىرى پەرقلىق بولۇپ، خىلىلا بەدىئىي تەسىرلەندۇرۇش كۈچىگە ئىگە.

(شۇي جىيىڭ)

شامال توختىغان، غۇرقىراپ ئۇچۇپ يۈرۈيدىغان قار ئۇچقۇنلىرى توڭ قېتىپ كەتكەن يەر يۈزىنى قاپلاپ كەتكەن چاغلار «ھەق يولىدا» ناملىق تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدا ئوت راسا ۋاشىلداپ كۆيۈپ، چارسىلداپ ئۇچقۇن چىقىرىدىغان، سەندەلدە ئۆتكۈر قوراللار سوقۇلىدىغان بىر چاغ. كەڭ — تارلىقى ئوخشاشلا ئون گەز كېلىدىغان، تاملىرى قىزغۇچ تاشتىن قوپۇرۇلغان ئىككى ئېغىز ئۆيدىن دۇكان ئوچىقىدىكى كۆمۈرنىڭ چارسىلداپ كۆيۈشى، بىر نەچچە بازغان — بولقىنىڭ سەندەلگە تاڭ — تۇڭ ئۇرۇلۇپ، رېتىملىق چىقارغان ئاۋازلىرى ۋە پولات تاۋلايدىغان تىگىلچىلەرنىڭ ۋاراقشىپ قايناشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىشلەۋاتقان ئادەملەرنىڭ گەپ — سۆزلىرىنى ئاسانلىقچە ئاڭلىغىلى بولمايتتى، گويا زىمىستان قىش كۈنلىرى كېچىدە تۆمۈرگە سوقۇلۇشىدىن، تۆمۈرنىڭ ئوتتا ۋاشىلداپ كۆيۈشىدىن چىقىۋاتقان ئاۋازىدىن

باشقا ئاۋاز يوق. تاشقىرىدا قار لەپىلدەپ يېغىۋاتسا، دۇكان ئىچىدە نەيزە - قىلىچ سوقۇلماقتا.

بۇ — شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى ئالدىدىكى مەشھۇر تۆمۈرچىلىك دۇكىنى. دۇكاننىڭ ئالدىغا ئېسىلغان ئۈچ تىللىق نەيزىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن تۆمۈر ۋىۋىس-كا قاردىن كەتكەن لەمپە ئالدىدا كېچە - كۈندۈز ھەي-ۋەت كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۈچ تىللىق نەيزە ئەسلىدە دۇكان ئىگىسىنىڭ بوۋىسى مەخسۇس سوقىدىغان قورالنىڭ بەل-گىسى ئىكەن. ئۆز زامانىسىدا بۇ شەھەرنىڭ سەھرالىرىدا بەزى چاغلاردا بۆرە پەيدا بولۇپ قالىدىكەن. ئۇلار كونا لاگىياشەن تاغلىرىدىن ئۆلكە يەرلەرگە كەلگەن چىلبۆرىلەر ئىكەن. مانا ھازىرقى مۇشۇ دۇكاننىڭ ئۈچ تىللىق نەي-زىگە باشى بوۋىسى سەھرادىكى قىران يىگىتلەرگە قويۇچ-تىن تىللىق نەيزىلەر سوقۇپ بېرىپ، يۇرتنى چىلبۆرە ئاپىتىدىن قۇتۇلدۇرغانىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ناھىيىدە «ئۈچ تىللىق نەيزە تۆمۈرچىلىك دۇكىنى» دېگەن نامنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق. ھېلىقى «ھەق يولىدا» دېگەن نام ئالللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن. مانا ھازىر يەتمىش نەچچە يىل ئۆتتى،دۇكاننىڭ بېشىغا ۋىۋىسكا ئورنىدا ئېسىلغان نەيزە گەرچە ئۇچلۇق تىللىرى تۇپاقنىڭ يېگى چىققان مۆگگۈزىدەك كۆتمەك بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ھېلىھەم ئېسىقلىق تۇرماقتا.

بۇ دۇكاندا ئەل ئامان بولۇپ ياشىغان زامانلاردا گۈرجەك، ساپان، ئارا، ئوتىغۇچ دېگەندەك دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ھۈنەرۋەنلەرگە لازىملىق پالتا، ئىسكىنە، ھەرە، رەندە ۋە قەغەز كېسىشكە ئىشلىتىلىدىغان پىچاق، خانىم-

قىزلار كەشتە تىككەندە لازىم قىلىدىغان قايچا دېگەندەك نەرسىلەر سوقۇلاتتى، بۇنداق نەرسىلەرنىڭ خېرىدارى كۆپ بولغاچقا، ئوقىتى خېلى ياخشى ئىدى. يېقىنقى ئون نەچچە يىل ھەقىقەتەن قۇدرەتلىك «تۆمۈر قوراللار دەۋرى» بولۇپ قالدى. ئۇ دۇكاننىڭ مەھسۇلاتلىرىمۇ «مەدەنىيەت» بىلەن تەڭ راۋاجلىنىشقا باشلىدى: ئۇزۇنلۇقى بىرەر چى كېلىدىغان نەيزە ئۇچى، كەڭلىكى بىر نەچچە سۇڭ كېلىدىغان قىلىچ، ئېھتىيات قوشۇنلىرىغا ۋە بەگ چاپارمەنلىرىگە لازىملىق خەنجەر، ھەتتا يەڭ نەيزىسىمۇ ناھايىتى مودا بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كونا دۇكاننىڭ ئوقىتى سۇنۇپ قېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە مەھسۇلاتى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ ماڭدى. دېھقانلار، ھۈنەرۋەن كاسىپلار ئىلگىرىكىدەك قوپال، كونا ئەسۋاب - سايمانلارنى ئىشلەتمەيدىغان بولدى، يېزىق ئىشلىرىدا لازىم بولىدىغان نەرسىلەر ۋە خانىم - قىزلارغا لازىملىق قايچا، ئويماق دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى پەرەڭ ماللىرى ۋە زاۋۇتلاردا ئىشلەنگەن سىلىق، ۋالىلداپ تۇرىدىغان نەرسىلەر ئالدى.

ئاتا كەسپىنى قولدىن بەرمەي يېگانە خوجايىن بولۇپ كېلىۋاتقان ۋۇدايۈننىڭ بۇ دۇكاننى ئاتىسىنىڭ قولىدىن قوبۇل قىلىپ ئالغىنىغا يىگىرمە يىل بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىگە سۆيۈنۈپ، زاماننىڭ تەلىپىگە قاراپ ئوقەت قىلدى. مەھسۇلاتلىرىنى بارغانسېرى ياخشىلاپ، دۇكاننىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ ئىزچىللىشىپ كېلىۋاتقان «مەھسۇلاتىمىز جىڭ، نەرخى جايىدا» دېگەن ئۇدۇمغا رىئايە قىلدى. ئۇ تۆمۈر دۇكانلىرىدىن توپ - توپ

ئېلىپ كەلگەن تۆمۈرنى ھېچقانداق خىمىيۋى بىلىمگە مۇھتاج بولماي، ئاتا بوۋىسىدىن تەۋەرۈك بولۇپ قالغان ھۈنەرلىرى بىلەن ساپ پولاتقا ئايلاندۇرۇپ، سەندەلدە بازغانلاپ، بولقا بىلەن سوقۇپ، جانغا جازا ئۆتكۈر قوراللارنى ياسىيالايدۇ. يىراق - يېقىندا بىرەر قىرغىنچىلىق بولىدىغان بولسا، ھەممىدىن ئاۋۋال «ئۈچ تىللىق نەيزە دۇكىنى» غا نەيزە، قىلىچ سوقتۇرۇشىدۇ. دۇكانغا ماشىنا - ماشىنا تۆمۈر كىرىۋاتقانلىقىنى، توپ - توپ نەيزە ئۇچى، قىلىچ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. ۋۇدايۇننىڭ دۇكىنى ھەتتا چەرچىن مال دۇكانلىرىدىنمۇ ئاۋات بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىشچىلىرىمۇ كۆپەيدى، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىمۇ كۆپەيدى. لېكىن ھېلىقى ۋىۋىسكىسى ئۇپراپ تېخىمۇ كۆتىمەك بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇنى زادىلا يەڭگۈشلىمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ ئاتا كەسپىنىڭ مەنبەسىنى يادلىماقچى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۇزۇن زامانلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن كونا ۋىۋىسكىنىڭ قەدرىنى تۈرلۈك ئادەملەرنىڭ روھىي ھالىتىدىن بىلىپ تۇراتتى.

يىل ئاخىرى، قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى، كېچە. ئانچە چوڭ شەھەر ھېسابلانمايدىغان C شەھىرىدە، قاراڭغۇ چۈشكەندە سودا بولمىغاچقا، سودىگەرلەر دۇكانلىرىنى تاقاپ ئېغىر ئۇيقۇغا چۈشكەنىدى. پەقەت مۇشۇ ئاتمىش ياشلىق تۆمۈرچى خوجايىن ئۆز دۇكىنىدىكى نىمكاللارغا تۆپىدىن قاراپ تۇرۇپ، ئۇلارنى ئىنسانلارنىڭ ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشقا سالماقتا.

ئۇلار ئۈن - تىنسىز ئىشلىمەكتە، چاچراپ چىققان

ئوت ئۇچقۇنلىرى يۈز - كۆزلىرىگە تەگسىمۇ، گويا ئۇنىڭ قىزىقلىقىنى سەزمەيتتى. ئۇلارنىڭ تولىسى تونۇردەك قىزىپ تۇرغان دۇكان ئۆيدە يېرىم يالىڭاچ بولۇپ، ئالدىغا قېلىن چىپتا پەشتاما تارتىۋالغان. ئىككى قولىنى بىر ئۈستۈن كۆتۈرۈپ، بىر پەس چۈشۈرۈپ بازغان سوققاندا، مىقتا بىلەكلىرىدىن كۈچ - قۇۋۋەت يېغىپ تۇراتتى. ئىستا قارىداپ كەتكەن بۇرنى، ئاغزىدىن كۆلكە چىراي چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئىشى ئېغىر بولسىمۇ جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ «كۈچ - قۇۋۋەت» گويا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن بىر خىل سىرلىق مەنۇنىيەت ئەكس ئەتكەندەك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

قار - شىۋىرغانلىق كېچە. شەھەرنىڭ سەھراسىدىكى بۇ يالغۇزغىنە تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدا قىرغىنچىلىق قوراللىرى سوقۇلماقتا. قار ئۇچقۇنلىرى ماي قەغەز چاپلانغان روجەكنى شىرىقلاتماقتا. تاشقىرىدىن قارىغاندا، قار بىلەن قاپلانغان ئاپئاق زېمىندا پەقەت ئەنە شۇ ئۆيدىن چىققان ئوتنىڭ يورۇقلا ئەكس ئېتەتتى.

دۇكان بىر - بىرىگە ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان چوڭ تۆت ئېغىز ئۆيدىن تەركىب تاپقان. ئوتتۇرىدىكى پاكار تارشا ئىشىك خوجايىنىنىڭ ئارقا هويلىسىغا تۇتىشىدۇ. بۈگۈن كېچىدە ئىشلەۋاتقان ئىمكارلار شاگىرت باللار بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي سەككىز كىشى. خوجايىن شەرقىي شىمالىي بۆلۈكىدىكى جوزا ئالدىدا موي قەلەمنى قىستۇرۇۋالغان توم بارماقلىرى بىلەن چوت سوقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، نۇرسىز كۆزلىرى پات - پاتلا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى چوڭ ئوچاققا تىكىلەتتى.

ئۇش جىددىي كېتىۋاتقان، بولقا ـ بازغانلار تىنـ
ماي سوقۇلۇۋاتقان چاغدا ھېچكىم گەپ ـ سۆز قىلمايتتى.
ئۇلار ئۇن ـ تىن چىقارماي ئىشلەشكە ئادەتلىنىپ قالغان.
ئۇلار پەقەت ھەر يېرىم سائەتتە بازغان سوقۇشنى توخـ
تىتىپ بولقا بىلـەن پـولات ئـەيلەش، قىرىش، ئېگىش،
سوقۇش، داغلاش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان چاغدىلا
بىمالال پاراڭغا چۈشۈشەتتى.

— ھەي شاكىچىك، ئـوچاقنىڭ ئـوتىنى چۇخچۇلىـ
ۋەت، قـارا سېنى، ئىسسىقتىن دەم ئـالالماي قـاپسەن!...
ھازىر كۈچلۈك ئوت كېرەك ئەمەس،— ئەللىك ياشلارغا
كىرىپ قالغان، خىرە كۆزەينەكنىڭ بېغىنى قۇلىقىغا كۆك
يىپ بىلەن باغلىۋالغان ئاقساقال سۈپەتلىك ئـورۇق ئاـ
دەم ئوچاقنىڭ يېنىدا بولقا بىلەن پىچاق سوقۇپ تۇرۇپ
سۆزلىدى.

ئۇن تۆت ـ ئۇن بەش ياشلاردىكى بالا ئوچاقنىڭ
ئوتىنى چۇخچىلاۋېتىپ، بـەلبېغىغا قىستۇرۇقلۇق گـۈللۈك
لۆڭگىسىنى ئېلىپ دوغىلاق يۈزىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى ۋە:

— قار يېغىۋاتىدۇ، توڭلىمىدىڭلىمۇ؟... كىم توڭلىـ
غان بولسا مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ مانا ماۋۇ ئىشنى ئۆگەنـ
سۇن، مـەڭگۈ ئـۇنتۇمايـدىغان ئىسسىقنـى كـۆرىدۇ! —
دېدى چېچەنلىك بىلەن ھەزلە قىلىپ.

— بۇ يىل خوجايىنغا ئادەم سايە قىلىپ كـەلگەنـ
لەرنىڭ كۆپ بولۇشىدا گەپ بار ئىكەن ـ دە! شاكىچىك
توغرا ئېيتىدۇ، ئۇنىڭ شـەيتاندەك پەمى بـار جۇمۇ! —
«شاكىچىك» تىن بەش ـ ئالتە ياش چوڭ، كۆك لەمپۇق
يالاڭ ئىشتان كىيىۋالغان قاۋۇل يىگىت شەرق تەرەپتىكى

ئوچاقنىڭ يېنىدا تاماكىسىنى بەھوزۇر تارتقان ھالدا جاۋاب بەردى.

— سىلەر ھازىرنىڭلا گېپىنى قىلىدىكەنسىلەر، ياز كەلگەندە سېسىق تەر بىلەن پىشىلىدىغانلىقىڭلارنى ئۇنۇتۇپ قالىدىكەنسىلەر،— بۇرنى بىلەن خىرقىراپىراق سۆزلەيدىغان «مەتۇ» پىچاقنىڭ بىسىنى چىقىرىۋېتىپ تۇرۇپ رەددىيە بەردى.

خىرە كۆزەينەكلىك ئاقساقال ئىشتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ سۆزلىدى:

— مەتۇ دېگىنىمىز بىلەن مەتۇ ئەمەس جۇمۇ، ئىشەنمىسەڭلار، ئاڭلىمىدىڭلىمۇ قىلغان گېپىنىڭ يوللۇق قىلۇقىنى؟!

ھەممەيلەن خۇددى «مەتۇ» نىڭ پەيزىلىك سۆزى بىلەن بىر كۈنلۈك ئىشنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىۋالغاندەك پاراققىدە كۈلۈشتى.

شۇ چاغدا خۇجايىن ئوتتۇرانچى بارمىقى بىلەن نامىسىز بارمىقى ئارىلىقىغا قىستۇرۇۋالغان موي قەلەمنى چىقىرىپ جوزا ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ، بوغۇق ئاۋازدا سۆزلىدى:

— جۇ ئاكا، ئېيتىڭا، بۇ يەردە بار ئادەملەر ئىچىدە كىم مەتۇ؟ خاتىرىڭىز جەم بولسۇن، ئۇنىڭمۇ كۆزى بار، قۇلىقى بار. ئىلگىرى ياۋاش - مۆمىن بولغان بولسا، ھازىر... ھىم...! ھازىر ئەمدى ئۇنداق ئىش يوق. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە مەتۇ ئادەم يوق،— بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئىچىدە پەقەت مۇشۇ خوجايىنلا ئۈستىگە ياپون فابرىكىلىرىدا توقۇلغان تار يەڭلىك تۇۋىت كۆڭلەك،

ئاستىغا كۆك لەمبۇق پاختىلىق ئىشتان، ئايىغىغا يىپكەندىن توقۇلغان يەرلىك ئاياغ كىيىۋالغان. ئۇنىڭ قويۇق شاپ بۇرۇتلىرىنى، شۇنىڭغا ياراشا قىزغۇچ يۈزىنى، قويۇق قاشلىرىنى كۆرگەن ئادەم ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرىدە يېزىلاردا قويۇلىدىغان «ئات ئوغرىسى» ناملىق چاقچىلىدىكى ياڭ شاڭۋۇنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەي قالمايتتى.

كۆزەينەك تاقىۋالغان ئاقساقال جۇ ئاكا تەجرىبىلىك ئادەم بولغاچقا، بۇ كونا دۇكاندا ئۇستازلىق ھۆرمىتىگە ئىگە ئىدى. ئۇ ھەر قانداق ئىشتا لىللا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ياش بالىلار، يىگىتلەر ئىچىدە تۇرسىمۇ، ئۆزىنىڭ يېشى، بىلىمى مۇناسىۋىتى بىلەن خېلىلا ئىززەت ـ ئابرويغا ئىگە ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مازاق قىلىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇ تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدا ئۇزۇندىن بۇيان ئىشلەپ كەلگەن مويسىپىت بولغاچقا، خوجايىن ۋۇدايۇنمۇ گاھىدا ئۇنىڭدىن ئەقىل سورايتتى. جۇ ئاكا خوجايىنىنىڭ لىللا گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قولىدىكى ئىشنى توختاتماستىن، قورۇق باسقان قوشۇمىسىنى سەل تۈرۈپ جاۋاب بەردى:

— ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ، ئادەم بالىسى ئىكەن، ئاز ـ تولا مەتۇ بولماي قالمايدۇ. «كۆزى، بۇرنى بولغان بىلەن پەمى بولمىسا بىكار» دېگەن گەپ بار. پەمىنى ئىشلەتمەي، ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش دەپ ياتسا، ئۇنداق ئادەم كالىكومشا بولماي نېمە بولىدۇ؟! بەزى ئادەملەر ئۆمۈر بويى ئولتۇرسا ـ قوپسا قۇۋلۇق قىلىدۇ، چوت سوقىدۇ، ئاخىرىدا يىغقانلىرىنى گۆرگە ئېلىپ كەتكەنكىم بار؟... — ئۇ دائىم شۇنداق تەركىدۇنيا تەلەپپۇـ

زىدا سۆزلەيتتى.

بۇ گەپلەردىن «مەتۇ» ۋە «شاكىچىك» تۇگول، تاما-كىسىنى تارتىپ ئولتۇرغان ئادەمىۇ، گەپدان ئادەمىۇ بىرنەرسىنى چۈشىنەلمىدى. خوجايىن بولسا گەپنىڭ تېگىـگە يېتىپ قاقاقلاپ كۈلدى:

— جۇ ئاكا، قېرىغانسېرى ئەقىللىك بولۇپ كېتىۋا-تىسىز جۇمۇ، — ئۇ سەرەڭگىنى شارتتىدە ياندۇرۇپ تاماكىسىغا تۇتاشتۇرۇپ بىر شوردى. ئۇنىڭ هالى خۇد-دى يىغىن رەئىسلىرىگە ئوخشاپ كەتتى، — مەتۇ بولۇ-ۋالمىسا ئالتۇن - كۈمۈش، مال - دۇنيا تاپماق تەس، مال - دۇنيانى كىم ئۆزىچە ئەكېلىپ بېرەتتى؟! كىم مەتۇ ئەمەسكەن، شۇ ئادەم مەتۇ بولۇۋېلىشنى ئوبدان بىلىدۇ. مەتۇ «بولۇۋېلىش» ئاسان گەپ ئەمەس. قولىدىن كەلمىـسە بەرگەننى يەيدىغان تەييارتاپ بولۇپ قالىدۇ...

— بىزنىڭ خوجايىن مەتۇلۇق قىلمايدۇ، مەتۇمۇ ئەمەس، — دېدى ئوچاقنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان قاۋۇل يىگىت خوجايىننىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ، — شۇنداق بولسىمۇ بۇ دۇكاننىڭ تاپاۋىتىنىڭ ياخشى بولۇ-ۋاتقانلىقى خەق دوللارنى تۇتام - تۇتاملاپ ئەكېلىپ بېردۋاتقانلىقىدىن بولماي نېمە؟ مېنىڭ ئاغزىم ئىتتىكرەك، مېنىڭ ئويۇمچە...

خوجايىننىڭ بوداقلىرى ئەزەلدىن ئىمكارلارغا ياقاتتى، ئۇ شاگىرتلارغىمۇ قاتتىق قوللۇق قىلمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار گەپ - سۆزدە تارتىنمايتتى، ئەركىن سۆز-لەيتتى، ئىشنىمۇ جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيتتى.

خوجايىن بېشىنى سىڭايان قىلىپ، ئاغزىنى سەل-

پەل ئاچقان هالدا هېلىقى يىگىتنىڭ سۆزىنى ئارىلىدى:
— دۇرۇس! سېنىڭ ئويۇڭچە قانداق؟ قېنى ئويۇڭنى ئېيتىپ باققىنا!...
— مېنىڭ ئويۇمچە، بۇ بەرىكەت خوجايىنىمىزنىڭ پەمىدىن، ھەممىمىزنىڭ تەلىيىدىن كېلىۋاتىدۇ...
خوجايىنىنىڭ تۇرۇلۇپ تۇرغان قويۇق قاشلىق قاپاقلىرى ئېچىلىپ كەتتى، بۇ سۆز ھەر ھالدا ئۇنىڭغا ياقتى بولغاي.
كۆزەينەكلىك ئاقساقال دەرھال بىر نېمە دېمىدى. ئۇ پەنەرنىڭ يورۇقىدا چاقناپ تۇرغان بىر پىچاقنى ئېكەكدەپ پەردازلاۋاتاتتى. ئېكەكنى توختىتىپ قويۇپ ئىككى مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن پەس ئاۋازدا تىنىۋېلىپ سۆزلىدى:
— پەم، تەقدىر دېدىڭما؟... يەنە بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قاپسەن!...
— نېمىنى؟— قاۋۇل يىگىت خۇددى گەپ تالىشىدىغان كاتىۋال ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش گەپنى ئۆزىگە ئالدى.
ئاقساقال بېشىنى كۆتۈردى، تېخى بىر نەرسە دەپ جاۋاب بەرگۈچە تاشقىرىدىن بىراۋنىڭ ئۇستىبېشىدىكى قارنى پاق - پاق قىلىپ قېقىۋاتقانلىقى ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭلا دېگۈدەك قاڭالتىر دەرۋازىنى تاڭىلدىتىپ قاققانلىقى ئاڭلاندى.
دۇكاندىكىلەر تۈن كېچىدىكى بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى.
خوجايىن جوزىنىڭ يېنىدىن بىر تۆمۈر كالتەكنى شارتتىدە قولىغا ئالدى ۋە ئۆزىنى سەل توختىتىۋالغاندىن

كىيىن «كىم؟» دەپ ئۈنلۈك توۋلىدى. باشقىلار چۆچۈگەن هالدا بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى.
— تېزرەك!... ۋۇ جاڭگۇيدە بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم...— ھەم ئۈنلۈك، ھەم ئالدىراش چىققان بۇ ئاۋاز تونۇش ئادەمدىن بەلگە بېرەتتى.
خوجايىن بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، قولىدىكى تۆمۈر كال-تەكنى يەرگە تاشلاپ قويىدى، چىرايىدىكى جىددىيلىك دەرھال يوقالدى، ئۇ دەرۋازا ئالدىغا بېرىپ، لوكىنى تار-تىپ تۇرۇپ سۆزلىدى:
— مۇشۇ چاغدا كوچىدا لاغايلاپ يۈرگەنگە قاراپ، «ھوپ قوۋۇز» دىن باشقا ئادەم ئەمەسقۇ دەيمەن...
ئىشىك كەتكەندەك ھۆپپىدە تۇرغان قىزغۇچ مەڭ-زىنى دانىخورەك بېسىپ كەتكەن دارازا بىر ئادەم دەرۋا-زىنىڭ ئىچىلىشى بىلەن تەڭ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ئادەتتىكى يامغۇر چاپىنى بولسىمۇ بېشىغا يامغۇرلۇق يېپىنچا قالپاق، ئايىغىغا چوپ خەي كىيىۋالغانىدى. ئۇ دۇكانغا كىرىپلا ئاياغلىرىنى يەرگە قېقىپ يەرنى ھۆل قىلىۋەتتى.
— سوغۇق قالتىس بوپتۇ... سىلەرنىڭ بۇ يەر خوپ ئىسسىق ئىكەنغۇ!... راھەت سىلەرنىڭ ئىكەن. دۇكىنىڭىز-نىڭ راسا قۇرتلىغان ھارىقىدىن ئىككى بوتۇلكا ئالغاچ كەلسەم بوپتىكەن، پەيزى قىلىپ ئىچىدىكەنمىز...— ئۇ سۆزلەۋېتىپ يامغۇر چاپىنىنى بەندىگە تاشلاپ قويىدى، بېلىگە ئېسىۋالغان كەڭ غىلاپلىق قىلىچىنىمۇ ئېلىپ يام-غۇر چاپىنىنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى.
شۇ چاغدا بىردىنلا كۈلكە - پاراڭ باشلىنىپ كەتتى. خوجايىن پاكار ئورۇندۇقتىن بىرنى ئالدىغا تارتىپ، دا-

رازىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، «شاكىچىك» نى تاما-
كىغا بۇيرۇدى. ئۆزى يېكەن قاپچۇق ئىچىدىكى چۆگۈن-
دىن بىر چىنە قىزغۇچ چاي قۇيۇپ، پاكار ئورۇندۇقنىڭ
ئايىغىغا قويۇپ قويدى. باشقىلار يەنە ئۆز ئىشىغا كىرى-
شىپ كەتتى. ھېلىقى كۆزەينەك ئاقساقال بىر كېرىلىۋال-
غاندىن كېيىن، مېھمانغا كۆلۈمسىرىگەن ھالدا بې-
شىنى لىڭشىتتى. قولىدىكى ئىش - كۆشىنى تاشلاپ قو-
يۇپ، بىر چىنە چاي قۇيۇپ، بىر ياندا ئىچىپ ئولتۇرۇپ،
بۇ قار يېغىپ تۇرغان تۈن كېچىدە كەلگەن دارازىغا
باشتىن - بوي سەپسالدى.

دارازا كۆك لەمپۇق تېجىرىكىسىنىڭ يەڭلىرىنى يۇ-
قىرى كۆتۈرۈۋەتكەچكە، جەينىكىدىن قاپىرىپ چىققان كۆك
تومۇرلىرى، قىزغۇچ تۈكلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ
ھازىر تاشقىرىدىكى سوغۇقنىڭ تەسىرىنى ئاللىقاچان
ئۇنتۇغانىدى.

— ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان ئادەم ئەركىن بولالماي-
دىكەن، — دېدى دارازا چاينى قولىغا ئېلىپ، — مۇشۇن-
داق قاتتىق قاردىمۇ يېزىغا بېرىپ ئىككى كۈن سو-
فۇش قىلدۇق. بۇ نويۇن - تاماشىمۇ؟... قانداق دەيسىز؟

— شۇنداق، شۇنداق. ئىدارە شيۇيگە ئادەم ماڭدۇ-
رۇپتۇ دەپ ئاڭلىغانىدىك قىلىۋىدىم، سىزنىمۇ ئەۋەتكەنى-
كەن - دە. بىر نەچچە كۈندىن بۇيان سىزنى كۆرمىگەنى-
لىكىمىزدە سەۋەب بار ئىكەن - دە، — كۆتەكتە سىڭايان
ئولتۇرغان خوجايىن جاۋاب بەردى:

— ئالدىنقى كۈنى يېرىم كېچىدە «شۇم بۇيرۇق»
كېلىپ قالدى، ۋۇ جاڭگۈيدە، نېمە گەپكى، كىم بىلسۇن؟!

كاتتىباشلار چۆچۈپ - ھودۇقۇپ، ئىدارىنىڭ شەھەر ئى-
چىدىكى ئەسكەرلىرىنىڭ توپتوغرا يېرىمىنى ماڭدۇردى. شۇ
كۈنىنىڭ ئەتىسى، يەنى تۈنۈگۈن زاۋال ۋاقتى بوپتىكەن،
ياپىر! نېمە ئىش دېمەمسىز؟!... يائاللا!... ئۇ ئون نەچچە
كەنتنىڭ نەيزىۋازلىرى نەيزىۋازلىق مەشقىگە چۈشۈپتۇ...
تازا بىلەلمىدىم، بىزنىڭ دۈيجاڭىمىز، ھېلىقى يەكچەشمە
قېرى ئادەملىرىمىزنى چىقىرىپ كېلىمىز دەپ بەش - ئالتە
ئەسكەرنى باشلاپ بېرىپتۇ...

— چىقىرىپ كېلىدىغان نېمە ئادەملەر ئىكەن؟

— ۋاھ... تازىمۇ قىزىق گەپ ئىكەن. ...دىنچى ئار-
مىيىنىڭ ھەققىنى سۈيلەپ بارغان فۇگۇەن ① ئىكەن...

— نەدىن كەلگەن فۇگۇەن ئىكەن ئۇ؟... سۆزىڭىز-
نى ئېنىقراق قىلىڭا، — خوجايىن شەھەر كوچىلىرىدىمۇ
يېڭى - يېڭى خەۋەرلەرنى سۆزلەپ يۈرىدىغان سۆزمەن
ئادەم ئىدى، لېكىن بۇ يېڭى ۋەقەدىن زادىلا خەۋىرى
يوق ئىدى.

ھوپقىۋۇز ئىسسىق چاينى بىر ئوتلاپلا ئىچىۋېتىپ
تېز - تېز سۆزلىدى:

— نېمە فۇگۇەن بولاتتى! بىزنىڭ بۇ يەرلەر لاۋ-
گۇ ئاقساقالغا تەۋە يەر ئەمەسمۇ؟! چوڭ قوشۇن كەلمەي
تۇرۇپ، ئالدىنقى چاپارمەن قىسىملىرى كەلگەنىكەن. گەپ-
نىڭ نېرى - بېرىسىنى قويۇپ، ئېلىڭلار، يىغىڭلار دېگەن
جىددىي بۇيرۇقنى چىقىرىۋېرىپتۇ. ئالىدىغان ئوتۇن، گۆ-
رۈچ، قوناق، بۇغداي، ئات - ئۇلاغ، تەڭگە - يامبۇ كۆپ

① فۇگۇەن — كونا زاماندا مەمۇرىي ئىشلارنى بېجىرىدىغان ھەربىي
ئەمەلدار.

بولغاچقا، ناھىيە دەرھال تەييارلاپ بېرەلمەپتۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئۆزى بىر نەچچە مۇھاپىزەتچى ئەسكەر ۋە دورغىلارنى باشلاپ، يېزىمۇ يېزا سۈيلەپ بېرىپتۇ، سۈيلەپ يۈرەيۈرە بۇرنىغا يەپتۇ. شۇۋي تەۋەسىدىكى كەنتلەردىكى نەيزىۋازلار بوزەك بولىدىغان ئادەملەر ئەمەس، ئۇلار ئەزەلدىن مەخسۇس ھەربىي غوجاملار بىلەنلا تۇتىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ قايسى فۇگۇەن غوجامكىن، ئۇ يەرگە بارغاندا ئۇلار بىلەن سەن ـ پەن دېيىشىپ، ئۇرە ـ تۆپە بولۇشۇپ قاپتۇ، ھە دېگەندىلا ئىككى سەھرالىقنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ، يەنە بىر قىز بالىنى ياردار قىپتۇ. ئاخىر ئۇلار ھېلىقى فۇگۇەن غوجام باشلاپ بارغان ئەسكەر، دورغىلارنىڭ تەگىدىن تولىسىنى تۇتۇۋاپتۇ. ھېلىقى فۇگۇەن غوجام تىز چۆكۈپ يېلىنىپتۇ. ئاخىر ئۇچ ئاقساقال ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، نەيزىۋازلارغا ئۆزرە ئېيتىپ، فۇگۇەننى چىرايلىقچە قويۇپ بەرگۈزۈپتۇ... توختاڭلار، ئويلاپ باقاي، بۇ ۋەقە ئالدىنقى كۈنى كېچىدە بوپتۇ.

— سىلەرنىڭ شۇنىڭ بىلەن يەنە نۇرغۇن مال ـ دۇنيالىق بولۇپ قالغانلىقىڭلاردا شەك يوق ـ تە، — دېدى كۆزەينەكلىك ئاقساقال قۇرۇق پىيالىنى تۇتقان ھالدا.

— جۇ ئاكا ھەر نېمە دەيدىكەنسىز. مۇشۇ كۈنلەردە كىمنىڭ مال ـ دۇنيالىق بولۇش ئارزۇسى يوق؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە جاپا تارتماي تاپىدىغان مال ـ دۇنيا دەڭە! بىراق ئانچە ئاسان ئەمەس. دەرۋەقە، ھېلىقى ئەپيۇنكەش فۇگۇەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ كايىپ، ھاكىمنىڭ ئۈستىلىنى ئاچچىقىدا پاقىلدىتىپ ئۇرۇپ چېقىۋەتكىلى تاس ـ تاماس قاپتۇ، بۇيرۇقنى چۈشۈرۈپتۇ. كېيىن ھاكىم

شۇنچە يېلىنسىمۇ، باشقىلار شۇنچە هاي بەرسىمۇ ئۇنىماپتۇ. ئەۋەتكەن ئادەملىرىمىزنى بوشىتىپ ئېلىپ كېلىمىز دەپ، تۈنۈگۈن ئەتىگەندىلا بىزنى زورمۇ زور باشلاپ باردى. ئۇ تازىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن خۇمپەر ئىكەن! ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، ئالدىغا ئۆتۈشتىن قورقتى، شۇڭا بىزنىڭ دۈيجاڭىمىز بېرىپ سۆزلەشتى. ئۇلار سۆزلىشىۋاتقان پەيتتە ھېلىقى خۇمپەر شۇ مەھەللىدە پەقەت ئىككى يۈزچىلا نەيزىۋاز بارلىقىنى كۆرۈپ، يۈرىكى توم قىلىپ، ئون نەچچە پاي تاپانچا ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن نېمە بولدى دېمەمسىلەر؟! قان تولغان كۆزلىرى چەكچەيگەن، قىزىل بەلباغ باغلىشىۋالغان يىگىتلەر نەيزە - قىلىچلىرىنى تەڭلەپ خۇددى قۇيۇندەك باستۇرۇپ كەلدى. بۇنىڭدا كىم ئەيىبلىك؟... — ئۇ سۆزىنى قەستەن توختىتىپ، پاختىلىق چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى.

ئۇ سۆزلەۋاتقان سۆزلىرىنى تازا چىڭ يېرىگە كەلگەندە خۇددى مەدداھ ئۆز ھېكايىسىنى قىزىق يېرىگە كەلتۈرۈپ توختىتىۋالغاندەك، سوئال بىلەن توختىتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆيدىكى ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى قوللىرىدىكى ئىشلىرىنى توختىتىپ، بۇ قانلىق جەڭگە قاتنىشىپ كەلگەن باتۇرنىڭ ئاغزىغا قارىغىنىچە ھاڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— زور غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگىنىڭلاردا شەك يوقتۇر؟ — دېدى خوجايىن.

— قىل ئۈستىدە قالدۇق!... قېچىشقىمۇ ئامال بولمىدى. ھېلىقى فۇگۇەن، ئەسكەر باشلىقى ئارقىمىزدا تۇرۇپ

«ئېتىڭلار!»، «ئوققا تۇتۇڭلار!» دەپ بۇيرۇق بېرىۋەردى،
بىر نەچچە يۈز مىلتىق ئېگىز دۆڭدىن، جىلغىدىكى دە-
رەخلىكنىڭ سول يېنىدىن تەڭلا ئوق ياغدۇردى. ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە ئىشەنگەن بولسىمۇ، لېكىن
بۇ قېتىم ئىشى «ئوڭغا تارتمىدى»، ئۇلارنىڭ نەيزە - قى-
لىچلىرى ئەسقاتمىدى... تۈگەشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار
بىزنىڭ ئەللىك نەچچە ئادىمىمىزنى يارىلاندۇرۇۋەتتى.
ئۇلارمۇ بوش كەلمىدى!
— سىز قانداق قىلدىڭىز؟— خوجايىن غەمخورلۇق
قىلغاندەك سورىدى.
— ھا... ھا... سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا گەپ يوشۇر-
مايمەن، مەن جېنىمنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدىغان ئەخ-
مەقمىدىم؟ يوغان بىر قورام تاشنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ
ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىۋەردىم... شۇ ئارىلىقتا نەيزىۋازلار-
دىن ئون بەشنى تىرىك تۇتىۋالدۇق. چۈش ۋاقتى بولا-
بولمايلا شەھەرنىڭ ئون چاقىرىم بېرىسىدىكى كەنتكە
قېچىپ كېلىپ ھاردۇق ئالدۇق. ئاڭلىساق ئۇلار بىرنەچچە
مىڭ كىشى يىغىن ئېچىپتۇ، شۇڭا يېغىۋاتقان قارغا قارى-
ماي، بىر قىسىم گۇناھكارنى ئالدىمىزغا سېلىپ قايتىپ
كەلدۇق...
— ئۇلار شەھەرگە تېگەرمىكىن؟— دېدى ئاقساقال.
— شەھەرگە؟ تۇرمىسىمۇ تېگىشى مۇمكىن! ئىش يو-
غىنايدىغاندەك تۇرىدۇ. چۈشتىن كېيىن قايسىبىر خۇمپەر
ئۆزىنىڭ باشلىقى جۇنجاڭغا تېلېگرام بېرىپ جاۋابىنىمۇ
ئاپتۇ، ئاۋۋال ھېلىقى تىرىك قولغا چۈشكەن گۇناھكارلار-
غا ئۆز جايىدىلا ئۆلۈم جازاسى بېرىڭلار، دەپتۇ...

— ئاشۇ ئون بەش ئادەمنى؟! — ھېلىقى سىلىق ھۈنەر قىلىدىغان «مەتۇ» كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ سورىدى. لېكىن خوجايىنىنىڭ: «ساڭا مەمەدانىلىقنى كىم قويىدى!» دەپ كايىشى بىلەن جىم بولۇپ قالدى.

— ئۇ تېخى ھېچقانچە چوڭ ئىش ئەمەس... — «ھوپقوۋۇز» چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋېتىپ، ۋەل - ۋەل يېنىپ تۇرغان ئوتقا قاراپ ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — قېرىشقاندەك بىز بەش ئادەمنى ئەتە كاللا كېسىدىغان جاللاتلىق قىلىشقا بۇيرۇپ قويىدى!... بۇ پېشكەللىكنى كۆرمەمدىغان؟!...

—... ئەتە؟... — ئۆيدە ئولتۇرغان ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا چۆچۈدى.

«ھوپقوۋۇز» ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، بەندىگىدىكى كۆك لاتىغا ئوراقلىق يوغان قىلىچنى قولىغا ئېلىپ لاتىنى يەشتى ۋە پارقىراپ تۇرغان قىلىچنى چىراغقا تۇتۇپ تېخىمۇ ۋالىلدىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— قەرزدار بولۇپ بەرمىگىنىڭنى كۆرەي دېگەندەك، قىساس ھەر قاچان ياقىدىن ئالماي قويمايدۇ. سېنى ئىشقا سېلىۋاتقان ئادەم شۇنداق بىرەر ئىشقا بۇيرۇسا ئۇنىڭغا قانداق قىلىسەن؟ ۋۇدايۇڭ ئاكا، مەن مانا مۇشۇ ۋەجىدىن ئاتايىن ئالدىڭىزغا كەلدىم. بۇ قىلىچنى ئۇ يەردە ئېتىشۋازلىقتىن كېيىن تېپىۋالغانىدىم، ئەتە لازىم بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئىلگىرى ماڭا بىر قاراقچىنى ئې-تىش توغرا كېلىپ جايىغا ئاتالمىغانىدىم. ئەمدى بۇ قېتىم ياق دېيىۋ قۇتۇلالمىغۇدەكمەن. ئۇ مېنى، ئەلپازى-دىن جاللاتلىق قىلالايدىغان كۆرۈنىدۇ، دەپ ئويلايدىكەن.

ياق دەۋەرسەم جازالىنىپ قالىمەن. ياق دېيەلمىگەننىكەن-مەن، بوپتۇ، چاقىرالىسراق ئىش قىلاي! مەن چاپمىسامۇ باشقا ئادەم چاپىدۇ، قىينىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە مالال كۆرمەي، بۇ قىلىچنىڭ بىسىنى شەمشەردەك ئۆتكۈر قىلىپ چىقىرىپ بەرسىڭىز. بۇ قىلىچمۇ ئەسلىدە شۇلارنىڭ ئۆزىدىنىڭ. ئەمدى ئۇلارنىڭ جېنىنى قىينىماي ئالسۇن، بۇمۇ مېنىڭ رەھىمدىللىكىمنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالسۇن!...

ئۇ ھاياجان بىلەن سۆزلىدى، ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن قارا قورساق، قارام ئادەم بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىدىن بىرئاز دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالغانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆپ ئىشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن خوجايىن بىردىنلا ئەنسىزلىككە چۈشتى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان شەھەر سىرتىدىكى سايدا «ئۆلۈم جازاسى بەرگەن» ئەھۋاللارنى كۆپ ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەنىدى. ھازىرقى بۇ مېھمانىنىڭ مۇرەككەپ روھىي ھالىتىگىمۇ ئانچە زەن قويۇپ كەتمىدى. ئۇ: نەيزدۋازلار ئىنتىقام ئالىمىز دەپ توپ بولۇپ، بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە شەھەرگە دەۋ-رەپ كەلمىگىدى، دۇكىنىم ۋاقىتلىق تاقىلىپ قالمىغىيدى، ئاخىر - ئاقىۋەت نېمە بولار دېگەن ئەندىشە بىلەن غەم-قايغۇغا پېتىپ قالدى. چېكىپ بولغان تاماكىسىنىڭ كۆ-تىكىدىكى ئوت يېنىپ تۇرغان بولسىمۇ، كۆيدۈرۈۋاتقىنىنى تۇيماي ئىككى بارمىقى بىلەن قىسىپ تۇتقىنىچە ھېلىقى مېھمانىنىڭ قولىدىكى قىلىچقا تىكىلىپ، گەپ - سۆزسىز ئولتۇرۇپ قالدى.

شۇ پەيتتە كۆزەينەكلىك ئاقساقالنىڭ قاتاڭغۇ چىرايىدا بىرەر ھەيرانلىق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىدىكى ھاڭقېتىپ قالغان ئولپەتلىرىگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، كۆزىنى خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرغان خوجايىننىڭ چىرايىغا تىكتى ۋە ۋەزنى ئېغىر قىلىچنى مېھماننىڭ قولىدىن ئېلىپ، ئالدى - كەينىنى ئۆرۈپ قارىدى:

— شۇنداق، ئەجەب قىلمىسا بولمايدىكەن. ئۆزىغۇ كونا قىلىچ ئەمەسكەن، بىراق قان يۇقى بىلەن داتلىشىپ قاپتۇ. خاتىرجەم بولۇڭ، ياخشى نىيەت - ئىقباللىڭىزغا مەن يەتكۈزەي. ھېلىمۇ ياخشى بۈگۈن ئىشىمىز كۆپ ئەمەس. ۋۇدايۇڭ قانداق دەيسىز؟...

— شۇنداق ... شۇنداق، جۇ ئاكا، مەندەكلا ئويلاپسىز، — خوجايىنمۇ ئاقساقالنىڭ يېنىغا كېلىپ قىلىچنى قولىغا ئالدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ زەن قويۇپ قارىغۇسى يوق ئىدى. لېكىن چىراغ يورۇتۇپ تۇرغاچقا، قىلىچنىڭ بىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچۇپ كەتكەن بىر يەرگە ناھايىتى ئىنچىكە قىلىپ پولات ياماق چۈشۈرۈلگەنلىكىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى، ياماق قارىداپ كەتكەن قان داغلىرى ئاستىدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. باشقا ئادەم بۇنىڭغا دىققەت قىلماس ئىدى، لېكىن خوجايىن بۇنى كۆردى - دە، چىرايىدا ھەيرانلىق ۋە قورقۇنچ ئالامىتى پەيدا بولدى. قىلىچنى تۇتۇپ تۇرغان قولى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ كەتتى. خۇددى ئۆزىنى قاچۇرغاندەك دەرھال ئۇنى تامدىكى تاختا بېشىغا ئېلىپ قويۇپ دۇدۇقلىدى:

— قولىمىزدا ئىشىمىز بېسىق تۇرۇپتۇ، شۇنداق

بولسىمۇ... بۇ كىمنىڭ بىرنېمىسىكەن؟!

— بۇ نەرسىمۇ، بۇ نەرسە مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئەمەس...— «ھوپقوۋۇز» ھىجىيىپ كۈلدى، — كىم بىلىدۇ، ئاشۇ ئۇن بەش ئادەمنىڭ بىرسىنىڭ تۇتىياسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇلار مۇشۇنداق قىلىچنى ياخشى ئىشلىتەلەيدىغانلارنى قىلىچۋازلار دەپ ئاتىشىدىكەن، ئۇنداق قىلىچۋازلار كۆپ ئەمەس ئىكەن. يېقىنراق ئارىلىقتا ئۇققا تۇتۇش توغرا كەلسە، شۇنداق قىلىچۋازلارغا كۆپرەك ئوق تېگىدىكەن. ھەي ...ي... ي! ۋۇ جاڭگۈيدە، ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ئىشتىن جاق تويدۇم جۇمۇ! كىم باشلىق بولۇپ كەلسە، شۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىسا بولمايدىكەن، ۋاقتى كەلگەندە قېچىپ كەتسىڭىز، ئەسكەرلىككە كىرىدىغان چاغدا كېپىل بولغان ئادەمنى جاۋابكارلىققا تارتىدۇ. قارا قىش سوغۇقتىمۇ، تومۇز ئىسسىقتىمۇ جاننى تىكىپ قويۇپ ئىشلەيدىكەنمىز، ئاتىدىكەنمىز، چاپىدىكەنمىز، كۆزلەيدىغىنىمىز شۇ بىرنەچچە تەڭگە پۇلمۇ؟ ئەگەر يېزىدا بارغىنىمىزدا دۈشمەنلىك قىلىپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساق، جادۇغا باسمىغان تەقدىردىمۇ، قارنىمىزنى يېرىپ، يۈرىكىمىزنى سۇغۇرۇۋالماي قويمايدۇ. بۇ چاقچاق گەپمۇ؟! بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە بىرەر ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالغانغا قارىغاندا، بىرەر توخۇنى بوغۇزلىساڭ شۇنىڭدىن نەپ تېگىدۇ... ياشىنىپ قالغان ئانامنى باقىمەن دېمىسەم باشتىلا تىكىۋېتەتتىم، مانا ئەمدى بۈگۈنكى كۈندە نېمە بولدى؟ ئالىقاندەك يېرىممۇ بولمىسا، ئىش ـ پىش قىلاي دېسەم نەدە ئىش بولسۇن؟ بىرەر يەرنى تېپىپ توپىسىنى توشۇپ، ئېتىزىنى ئوتاپ بېرەي دېسەم، مېنى

ئالىدىغان ئادەممۇ يوق... بۇ يىل ئانامىمۇ ئۇ دۇنياغا كەتتى! ئەمدى باشقىچىرەك بىر يول تۇتاي دېگەن خىيالغىمۇ كېلىۋىدىم، يالغۇزچىلىقتا زادىلا بىر قارارغا كېلەلمىدىم. ھوڭدىن توك چىققاندەك، مانا ئەمدى بۇ چاتاق چىقىپ تۇرۇپتۇ... — ئۇنىڭ توك مىجەزى، سەت، قوپال قامىتى ئاستىدىكى قەدىرلىك چىن دىيانىتى بېشىدىن ئۆتكەن ئۇرۇش - سوقۇش خاتىرىلىرى ۋە ئىككى كۆڭلىدىن بۇيانقى قانلىق جەڭ كەچۈرمىشلىرى بىلەن ئايان بولدى. سۆزلەۋاتقاندا ئۇنىڭ جاھىدەك كۆزلىرىدە ئېچىنىشلىق ياشمۇ پەيدا بولغاندەك بولدى.

دۇكاندا بولقا، بازغان ئاۋازى تولىمۇ ئاستا، توختاپ - توختاپ چىقىپ تۇراتتى. گويا بۇ يېڭى گەپ، غەلىتە ھېكايە ھەممە ئادەمنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشىنى ئاستىلىتىپ قويغان، ئۇلارنىڭ پىكىر - خىياللىرىنى باشقا بىر دۇنياغا جەلپ قىلىپ قويغان. كۆزەينەكلىك ئاقساقال قاراڭغۇدا ۋال - ۋۇل قىلىپ ئويناپ تۇرغان قىلىچىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندەك خىيالغا چۆمۈپ، گەپ - سۆز قىلماي ئولتۇراتتى.

گەپدان خوجايىننىڭ يۈرىكى ھازىرنىڭ غېمى ۋە كەلگۈسى ۋەھىمە بىلەن ئورنىدىن قوزغىلىپ، دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھوپقۇۋۇز داۋازىنىڭ گەپ - سۆزلىرى بىردەم جاۋابسىز قالدى.

ئاخىر، يەنە ھېلىقى كۆزەينەكلىك ئاقساقال سۆز قىلدى:

— غوجام، ئەقلىڭىزنى تېپىپسىز، كېتىڭ! ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماڭ ... قاچانىكى دانىش بولۇپ قالسام

سىزنى چوقۇم قارا قۇيۇن شاگىرت قىلىۋالىمەن.

شاكىچىك شاگىرت بالىنى ھېسابىقا ئالمىغاندا، بۇ دۇكاندىكى نىمكارلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى شەھەر كوچىلىرىدا، يېزا ـ كەنت بازارلىرىدا، خامانلاردا ئايدىڭدا «سۇ بويىدا» ھېكايىلىرىنى ئاڭلىغان، شۇ ھېكايىدە ئاڭلىغانلىرى يادىدا ئېنىق بار ئىدى. شۇڭا ئاقساقالنىڭ ھەزلە گېپىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىنى تەڭلا ئورۇق ئاقساقال بىلەن يۈزىنى دانىخورەك بېسىپ كەتكەن «ھوپقوۋۇز»غا تىكتى. ئەمما مەدداھ تەسۋىرلەپ سۆزلەپ بەرگەن جاھانكەزدى ۋۇيۇڭ، ئىككى تال سېكىلەك قويۇۋالغان لى كۈي ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بايانىقى غەمكىن چىرايلىرى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى.

— باركاللا ئۇستام، سادىغاڭ بولاي ...— «ھوپقوۋۇز» يامغۇرلۇقىنى سول قولتۇقىغا قىستۇردى، — نېسىپ قىلسا چوقۇم شۇنداق قىلىمەن ... قالتىس ئۇيقۇم كەلدى ... قىلىچنى ئەتەكېلىپ ئالاي ... كۆڭلۈم بەكمۇ پەرىشان تۇرىدۇ، ئۇيقۇم قېچىپ كەتسە ئىدارىگە قۇرتلىغىنىمدىن ئىچكىلى كېتىمەن ... — ئۇ غەمكىن ھالدا يامغۇرلۇقىنى يېپىندى ـ دە، خەير ـ خوشمۇ دېمەي، خۇددى بۆرىگە ئوخشاش ھاللاسلاپ چىقىپ كەتتى.

— ۋاي كەتتىڭىزمۇ؟ — خوجايىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىشىكنى ياپتى. دارازىنىڭ قارىسى ئاپئاق قار ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى.

ئەتىگەندە قاتتىق سوغۇق بولدى، قار يېغىشتىن توختاپ، كوچا يوللىرىدا ئىككى ئىلىك مۇزقاتقاندى.

دۇكاندا قىش كۈنلىرى ئەتىگەندە چوڭ ئىشلار قولغا ئېلىنمايتتى، ئېكەكدەيدىغان، رېمونت قىلىدىغان ئۇششاق ئىشلار قىلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاقساقال جۇ ئاكا ئەتە-گەندە دۇكانغا كەلمەيتتى، دۇكاننى نىمكار يىگىتلەر سورايتتى. خوجايىن ۋۇدايۇك كېچىچە خاتىرجەم كۆز يۇممىدى. «ھۇپىقوۋۇز» غەرق مەست ھالدا تاڭ سۈزۈلگەندە دەلدەڭلەپ كېلىپ جۇئاكا يېڭىباشتىن ئوتقا سېلىپ ئوبدان رېمونت قىلىپ بەرگەن قىلىچنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ۋۇدايۇك تېرە جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ دۇكانغا قايتىپ كېلىپ، ئارقا تەرەپتىكى ئۆينىڭ كېڭىدا يانپاشلاپ يېتىپ، چىلىمىنى ياندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كونا قىلىقىنى باشلىدى.

ۋۇدايۇك ياش ۋاقتىدا تاماكىنىمۇ ئاغزىغا يېقىن يولاتمىغانىدى. ئىش - ئوقىتى روناق تاپقاندىن كېيىن، ئەپيۇن چېكىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇ خۇمارنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئىش - ئوقىتىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان لەقۋالاردىن ئەمەس. ئۇ چىلىمنىڭ پىل - پىل يېنىپ تۇرغان يورۇقىدىمۇ ئىش - ئوقىتىنىڭ غېمىنى يەيدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر باشقىچە ئادىتى باركى، كەچقۇرۇنلۇق تاماقنى يەۋالغاندىن كېيىن ئەپيۇن چەكمەي ھېساب - كىتابنى قىلىدۇ. ئۇ كېچىدە ئەپيۇن چېكىپ، ئەتىگەندە كېچىكىپ تۇرسا قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا قاق سەھەردە بەھوزۇر چېكىۋېلىپ بىر كۈنگە بەرداشلىق بېرەتتى. ئىش - ئوقىتىگە دەخلى يەتكۈزمەيتتى.

مانا ھازىر روجەكلىرىگە گۈللۈك قەغەز چاپلانغان ئۆينىڭ كۆك خىش ياتقۇزۇلغان پەگاھىدا چوغدانىدا

ئوت ۋىلىلداپ تۇراتتى. ۋۇدايۇڭ مومغا ئوخشايدىغان ھېلىقى قارا بىر نەرسىنى ھىمىرىپ، بۇلغۇن تېرىسى كۆرپىسىدە يانپاشلاپ ياتماقتا. بۇ ئۆي ئۇنىڭ ئېسىل مېھمانلارنى كۈتىدىغان مېھمانخانىسى، ئارامگاھى. بۇ ئۆيگە خوتۇنىدىن، ئاقساقال جۇ ئاكىدىن باشقا ئادەم ئاسانلىقچە كىرەلمەيتتى. ئەسكەر دۇيجاڭلىرى، يېزا - كەنتلەردىكى خۇيجاڭلار، مەھەللە ياساۋۇل بەگلىرى بىرەر سودا ئىشى بىلەن كېلىپ قالسا بۇ ئۆي قاينايتتى.

ۋۇدايۇڭ كېچىدىكى ئۇيقۇسىزلىقنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن تازا قاتتىق بىر شوراپ چەكتى. لېكىن ئىككىنچى قېتىملىقى قولىغا ھىمىرىلگەن پېتى چاپلىشىۋېلىپ زادىلا ئەپلەشمىدى. چۈنكى پەرىشانلىقتا ھېلىقى ھوپقوۋۇز دارازا، ھېلىقى قارنى كەك يوغان قىلىچ ۋە شۇ قىلىچنىڭ ئەسلى ئىگىسى ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىۋالغانىدى.

«ھوپقوۋۇز»نىڭ بۈگۈن تاڭ سەھەردە قىلىچنى قولىغا ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ: «راسا قىزىيدىغان بولدى ... مەيداندا مېنىڭ پەيزىمنى كۆرىسىز ... جاڭگۈيدە ... ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ: سائەت ئوندىن ئىككى چارەك ئۆتكەندە! ...» دېگەن ئالىتاغىل گەپلىرى ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. ھوپقوۋۇز دارازا شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقان چېغىدا ئۆزىنى يوقاتقاندەك، قولىدىكى قىلىچنى ساراڭلارچە ئويناتقاندەك قىلغانىدى. ۋۇدايۇڭ تاكى شۇ دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ كەتكۈچە ئارقىسىدىن قاراپ قالغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ بېشىنى چىت ياستۇققا قويۇپ يانپاشلاپ يېتىپ، ھوپقوۋۇز دارازىنىڭ ئاۋازىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلىغاندەك بولدى.

«توغرا ... شۇ قىلىچنىڭ ئۆزى! ئاخشام بىر كۆرۈپلا تونۇغاندەك قىلدىم. تۆتىنچى ئاينىڭ بەشىنچى كۈنى سوقۇپ تەييارلاپ ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، ھازىر بىرىپىرىم يىل بولۇپ قالدى، شيۋي شەھىرىدىكى جاجازەي كەنتلىك بوۋاي بەردەم ئوغلى بىلەن كېلىپ ئېلىپ كەتكەن. شۇ سەكسەن دانىنىڭ ئىچىدە مۇشۇ بىرسىلا بۆلەكچە ئىدى ... دۇكان-دىكى ياش سويمىلار ئۇنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتتى بولغاي، نىمكار يىگىتلەرمۇ زەن قويماپتۇ. شۇ قىلىچنىڭ دۇمبىسىگە «شى» خېتى بىلەن تامغا بېسىلغان ... قارنى باشقىچىلا كەڭ، بىسىغا ئىككى قېتىم قۇيۇپ باغلانغان. ھېلىقى ناھايىتى نەپىس، يالتىراپ تۇرىدىغان مىس دەستىسىچۇ تېخى ... دەستىسى مىستىن بوۋدۇر چىقىرىپ ياسالغان. جاجازەيلىك بوۋاي ئىلگىرى مەنسەپدار بولغان بوۋىسىدىن تەۋەررۈك قالغان مىس داسنىڭ بىر بۇرجىكىنى سۇندۇرۇپ، ئوغلىمغا يىڭى دەستە قۇيۇپ بېرىڭ دەپ ئېلىپ كەلگەنىدى. شۇ بۇيرۇتمىنى مەن قوبۇل قىلغان. مىسنى جۇ ئاكا ئېرىتكەن ... جۇ ئاكىمۇ ئۇنتۇپ قالغان-مىدۇ؟ ھېلىمۇ ياخشى زېھنى جايىدا، ئاشۇ ئېسىل مىسنى رەڭگىدىن تونۇيالايدۇ ...»

بۇنىڭدىن بىر يېرىم يىل ئىلگىرىكى ئەھۋال ئۇنىڭ ئېسىگە چۈشتى، ئاق چاچ بوۋاي، ئۇنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ چامباشچىلىقنى ئۆگەنگەن يىگىرمە نەچچە ياشلىق ئوغلىمۇ كۆز ئالدىغا كەلدى. «پىژژژ!» چىراغنىڭ ئوتىغا ئېرىپ چۈشكەن قارا تامچە چىراغنى ئۆچۈرۈپ قويدى. ئۇ چىراغنى دەرھال يەنە ياندۇرۇپ، پولات چوكىنى يەنە مۇڭگۈز قۇتىغا تۇگۈردى.

«ئەسلىسەم، شەك يوق توغرا، دەستە ماميۇ گۈل شەكلىدە ياسالغان، ئۇ نۇسخىنى چۇ ئاكا دەپ بەرگەن ... ھەي...ي، شۇغىنىسى ئۆز ۋاقتىدا شۇ نۇسخىلىق دەستىنى سوققان ئادەم باشقا يەرگە كېتىپ قالدى - دە. ئۇ بولغان بولسا چوقۇم تونۇيتتى ... شۇنداق نەپىس دەستە بۇيرۇتىدىغان ئادەمدىن يەنە بىرسى چىقىشى ناتايىن ... شۇنداق ئادەم چىقارمۇ؟ بۈگۈن جازاغا تارتىلىدىغان ئون بەش ئادەمنىڭ ئىچىدە شۇ بوۋاينىڭ ئوغلى بار بولمىغىدى؟ ...» ۋۇدايۇڭنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە پۈتۈن ئەزايى بىردىنلا جۇغۇلداپ كەتتى، ئۇ تېرە جۇۋىسىنىڭ پەشلىرىنى تېرە كۆرپىگە ھىملاپ قىستۇردى.

ئۇ ھەممە خىياللىرى ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك چوڭقۇر بىر تىندى - دە، تېخى ئوبدان داغلانمىغان ئەپيۇننى قاتتىق بىر شوراپ چەكتى، شۇنىڭ بىلەن بىردەم يۆتەلدى. كېيىن غاڭزىنى بىر چەتكە ئېلىپ قويۇپ، بىر قولىدا پولات چوكىنى دەرمانسىز تۇتقىنىچە كۆزلىرىنى يۇمۇپ يەنە خىيالغا چۆمدى.

«ئۇ قىلىچنى شۇنىڭدىن باشقا ئادەم ئىشلىتەلمەيدۇ، بەك ئېغىر، تولىمۇ چىرايلىق. ئۇ باشقا ئادەمگە بەرگەنمىدۇيا؟ ئاڭلىشىمچە، ئۇنى سوقتۇرغاندىن بۇيان ئۆز يېنىدىن ئاجراتماپتىكەن ... قاراقچىلار بىلەن تالاي قېتىم ئېلىشقاندۇر ... بوۋايمۇ كارامەت ئادەم ئىكەن، يەر - سۇنى خەققە بېرىۋېتىپ، ئېگىزگە تۈك چىقمىغان نادان سويىملارغا قاراقچىلار بىلەن ئېلىشىمىز دەپ چامباشچىلىقنى ئۆگىتىش بىلەنلا مەشغۇل بولىدىكەن ... بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۇلارنىڭ يۇرتىدا ئوغرى - يالغان

چىقماپتۇ. ئۇ بەزىدە شەھەرگە كىرىپ قالسا «ئۈچ تىللىق نەيزە، دۇكىنى»، سوققان نەيزە، قىلىچ قالتىس يارايدۇ، دەپ ماختايدىكەن ... بۇ قېتىم قىلىچنى باشقا ئادەمگە بېرىپ تۇرغانمىدۇ؟ ياق، بەرمىدى! ئۇنداق ئىش يوق! ھەي مېنىڭ شۇ كالۋالىقىمنى! تۈنۈگۈن ئاخشام نېمىشقا ھېلىقى تۇتۇلغان ئادەملەرنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى ئوبـ دانىراق سوراپ باقمىدىم؟ ... قارا قورساق دارازىنىڭ بىلىشىمۇ ناتايىن ... ھەم يوغان، ھەم ئېغىر، بۇدۇر ـ بۇدۇر مىس دەستە ... شۇ قىلىچ ئىكەنلىكىدە شەك يوق. قولغا چۈشكەنلەرنىڭ قاتارىدا بوۋاينىڭ ئوغلى بولۇپ قالمىغىيدى؟ ...» ۋۇدايۇك كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، كاڭدىن دۈمىلاپ چۈشكىلى تاس قالدى. «ئۇنداق بولـ ماس. قىلىچىدىن ئايرىلىپ قالغان ئادەمنىڭ قولغاچۈشۈـ شى ناتايىن. ئۇ بالىمۇ بوش كەلمەيدۇ، بوشاڭ ئەمەس ...» شۇ خىياللار بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكى بىرئاز جايىغا چۈشتى. يېقى تۆگەپ قالاي دېگەن چىراغنىڭ غۇۋا ئوتىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە شولىسى جۇلا قىلىپ تۇرـ غاندەك كۆرۈندى.

«ئۇنىڭ قىلىچى ... مۇشۇ «ئۈچ تىللىق نەيزە دۇكىنى» دا سوقۇلغان ... بىسىمۇ شۇنداق شەمشەردەك ئۆتكۈر چىقىرىلىدى. ھوپۇقۇۋز دارازىنىڭ قاۋاندەك قولىدا ... چېپىلغان باشلار يەردە تاۋۇزدەك دومىلاپ، قانلار بۇلاقتەك بۇلدۇقلاپ ئاقىدىكەن ـ دە! ... مۇبادا ...» دەل شۇ چاغدا جوزا ئۈستىدىكى ياغاچ رامىغا ئېلىپ قويىغان يوغان ئىككى كۆزى بار قوڭغۇراقلىق سائەت «جاڭ ـ جاڭ ـ جاڭ» قىلىپ سوقۇشقا باشلىدى.

ۋۇدايۇڭ «مۇبادا» نىڭ ئاخىرىنى ئويلاشتىن كەچتى، خۇددى غايىبتىن كۈچ - قۇۋۋەت تاپقاندەك كاڭدىن سەكرەپ چۈشتى، قۇلىقىغا ئىشىنەلمەي يېقىن بېرىپ قارىدى: ئىككى كۆزلۈك مەخلۇقنىڭ كالتە يىڭنىسى دەل ئون ئىككىنى، ئۇزۇن يىڭنىسى تۆۋەندىكى ئالتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئىچ كىيىملىرىنىڭ بەدىنىگە مۇزدەك تېگىپ تۇرغانلىقىنى بىلدى.

— تاماق يەيلى، كېيىن قايتىشىمىزدا ئادەم ئۆلتۈرگەننى كۆرگەچ كېتەيلى ...

بۇ دۇكان ئۆيدىكى شاكىچىكىنىڭ شوخلۇق بىلەن توۋلىغان ئاۋازى ئىدى. ۋۇدايۇڭ ئورنىدا تۇرۇپ قالدى- دە، ئەپيۈن چىرىغىنى پۈۋلەپ ئۆچۈرۈۋېتىپ، ئارقا روجەكتىن بىرنېمىدەپ توۋلىدى، تاماق تەييارلاۋاتقان خوتۇنىنى چاقىردى بولغاي، خوتۇنىنىڭ جاۋابىغىمۇ قۇلاق سالماي قارا تاۋار بەلبېغىنى چىڭ باغلىغىنىچە دۇكان ئۆيدىن چۇراپ چىقتى، دۇكان ئۆيدە يەنە كىملەر بارلىقىنىمۇ كۆرمىدى.

ئادەتتە سارغۇچ تۇرىدىغان قۇملۇق ساي بىر كېچىدىلا تەپتەكشى ئاق ئەدىيال بىلەن ئورالغان. ئاسماندا قۇياش پارقىراپ تۇرماقتا، تاغ شامىلى دەريا بويىدىكى قارلارنى ئۇچۇرماقتا، قۇرۇپ قالغان قومۇشلار تەبىئىي قىش سازىنى چالماقتا. كۆزنى چاقنىتىدىغان بۇ يورۇقلۇق، يورۇقلۇقتا تۇرىدىغان بۇ كائىنات كەلگۈسى باھارنى تەبەسسۇم بىلەن كۈتمەكتە. بۇ ھالەتلەر گويا ئىنسانلارنىڭ راھەت - پاراغەت مەرىكىسى ئۆتكۈزۈشكە مۇشۇنداق ياخشى كۈننى تەييارلاپ بەرگەندەك

مەمنۇنلۇق ئىدى. لېكىن، ئەپسۇسكى، بۇگۈنكى مۇشۇنداق چىرايلىق قار بەرگىلىرى ئات تاقىلىرىنىڭ ۋە ئادەم ناھاللىرىنىڭ ئىگىز - پەس ئىزلىرى بىلەن بۇلغىنىشى مۇمكىن.

ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەر قاتار - قاتار ھالقا بولۇپ كەڭ بىر دائىرە ھاسىل قىلىپ تۇراتتى، دائىرىنىڭ سىرتىدا بولسا قىمىر - قىمىر ئادەم. يۇمشاق بويۇن ئۇستىدە قىمىرلاپ تۇرغان باشلار چېچەنلىكتىن ۋە كۈچ - قۇۋۋەتتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قارىمۇتۇق، سارغۇچ، قاراقىزىل چىرايلىرى، ئۇچلانغان، ئەگىلىك سۇرتۇلگەن مەگزىلىرى تۇرلۇك قىياپەتتە ئۇيان - بۇيان بولۇپ، ئالاق - جالاق كۆزلىرى بىلەن نىشانلانغان نەرسىلىرىنى ئىزدەيتتى. شۇ ئەسنادا ھىر - ھىر كۈلكىدىن پەيدا بولغان جېدەل - ماجىرا دەريا بويىدىكى قۇرۇق قومۇشتىن چىقىپ تۇرغان ئاھۇ ھەسرەتنى بېسىپ كەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھېلىقى دائىرە پەيدا قىلىپ تۇرغان ئادەم چەمبىرىكى ئىچىگە بىر توپ ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇلار كاتتا ۋە پەسلىكى بىلەن، غالىب ۋە مەغلۇبلۇقى بىلەن «خان قانۇنى» ۋە «مەھبۇس» لۇقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. بىرمۇنچە توپاقتەك قارام ئەسكەر ئون نەچچە سالپى - ساياق مەھبۇسنى ئالدىغا سېلىپ دۆشكەلەپ ھەيدەپ كەلدى. ئۇ مەھبۇسلارنىڭ بىر - ئىككىسى كۆكرىكىنى كېرىپ، ئوتلۇق كۆزلىرىنى مەغرۇر ھالدا ئەتىراپىدىكى ئاممىغا تىككىپ تۇردى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى خۇددى خەنجەردەك ئۆتكۇر ئىدى ئەتراپتىكى ئادەملەر ھەتتا ئاياغلىرىنىمۇ ئوڭشاپ

دەسسيەلمەيۋاتقان مەھبۇسلارغا قاراپ تۇردى. خەنجەردەك ئۆتكۈر كۆزدىن ھەممە ئادەم ئۆزىنى قاچۇردى.

يەنە ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى، چۈنكى ھەممە ئادەم ئالدىغا ئۆتۈپ قاراشقا تىرىشاتتى. ئەتراپتىكى ئادەملەرنىڭ ئاياغلىرى نەمخۇش يەرگە چوڭقۇر پېتىپ كىرىپ كەتتى. غەربىي تەرەپتىكى سېپىل تېمىدا ئېگىز يەرگە چىقىۋالغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ تۇرغان ئادەملەر تۆۋەندە قىستا - قىستاڭ قىلىشىپ جېدەللىشىۋاتقانلارنى كۆرۈپ، بالدۇرراق ئوبدان جاينى تۇتۇۋېلىشىڭ بولماسمىدى، دەپ مازاق قىلىشماقتا.

«ئۈچ تىللىق نەيزە دۇكىنى» نىڭ خوجايىنى ۋۇ جاڭگۇيدىمۇ جىۋىسىنى دولىسىغا قىيسايتىپ ئارتىۋالغان، يالاڭباش ھالدا ھېلىقى ئادەملەر توپى ئىچىدە بار ئىدى. ئۇنىڭدىن ئون نەچچە قەدەم نېرىراقتا جۇ ئاكىمۇ تۇراتتى. بۇلار بىر - بىرىگە كۆز يەتكۈزەلىسىمۇ قەدەملىرىنى يۆتكىيەلمەيتتى، گەپلىرىنىمۇ ئاڭلىيالمايتتى.

ۋۇ جاڭگۇيدە تۇرسىز كۆزلىرىنى قىلىچ تۇتۇپ تۇرغان توپاقتەك ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدىكى مەھبۇسلارغا تىكىپ سىنچىلاپ قارىدى، ئۇلاردىن بىرىنىمۇ تونۇيا كەلتۈرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى تىنىپ خۇشال بولۇپ تۇراتتى، ئاخىرىدا بىرسىنىڭ قىلىچى ۋال - ۋۇل قىلىپ قالدى، قارىسا بۇدۇر - بۇدۇر مانپۇ گۇل دەستىنىڭ قىلىچنى تۇتقان يالاڭتۆش جاللاتنىڭ يۈز - كۆزى مۇنچاق - مۇنچاق تەرگە چۆمۈپتۇ. ئەنە شۇ ... تونۇگۈن ئاخشام كۆزلىرىگە ياش ئالغان، بوگۇن تاڭ سەھەردە ئاغزى - بۇرنىدىن ھاراق پۇراپ تۇرغان «ھوپقوۋۇزنىڭ»

ئۆزى شۇ. سۇبھاناللا! ... قىلىچقا توغرىلىنىپ تۇرغان ئادەم ھېلىقى بوۋاينىڭ ئوغلى! ئەنە، قارىمۇتۇقلۇقى دەل ئۆزى شۇ. ئۇنىڭ بېشىمۇ مادارىدىن كەتكەن مەھبۇسلارغا ئوخشاش تۆۋەن سېلىنغان، كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچكەن.

ۋۇ جاڭگۇيدە ئادەملەر توپى ئىچىدە قىستىلىپ تۇرسىمۇ، ئاياغ بېسىپ تۇرغۇدەك دەرمانى قالمىدى، مۇزدەك بىر يەل مېڭىسىدىن يىلاندەك سىرغىپ كىندىكىگە ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى. سۇبھاناللا! ئۇ يەنە ھېلىقى قىلىچ كۆتۈرۈپ تۇرغان «ھوپقوۋۇز»غا قارىدى، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ قولىدىكى ۋال - ۋۇل قىلىپ پارقىراپ تۇرغان قىلىچقا كۆزىنى ئۇزمەي تىكىلدى، مەھبۇسقىمۇ، ئەتراپتىكى چىرايلارغىمۇ قارىمىدى.

— بىر، ئىككى، ئۈچ ... ئون بەش ... ئون بەش بىرنېمىسكەن! — ئەتراپتا تۇرغانلار ئىچىدىن كالپۇكلىرىنى قىزىل بويىۋالغان بىر سەتەڭنىڭ سانىغان ئاۋازى چىقتى.

ۋۇ جاڭگۇيدىدە قاراپ تۇرغۇدەك دەرمان قالمىغانىدى، قىستاپ تۇرغان توپنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كېتىشكىمۇ مۇمكىن بولمىدى. ئۇ يۇرتىنىڭ ئاقساقىلى بولغان بوۋاينىڭ ئوغلىنىڭ بېشىغا تەگلىنىپ تۇرغان قىلىچقا، شۇ ئوغۇلنىڭ قىلىچىغا قاراپ دېمىنى ئىچىگە تارتىپ تۇرۇپلا قالدى.

ئون نەچچە قەدەم نېرىراقتا تۇرغان جۇ ئاكىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا بولسىمۇ قاراش ئېسىگە كەلمىدى.

قانغا بويالغان باشلار كەينى - كەينىدىن قارغا دوملاپ چۈشتى. ۋۇدايۇڭنىڭ ئەس - ھوشى كەتتى، ھەتتا نەپەسلىرىمۇ قىسىلدى، گېلى قۇرىدى، كۆز ئالدى

قاراڭغۇلىشىپ، بىرمۇنچە كاللەك ـ كاللەك قارا ـ قۇرا گۆش قاردا بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ تۇرغاندەك كۆرۈندى، كۆزى ئىمىر ـ چىمىر بولدى، يۈرىكى سوقۇشتىن توختىغاندەك، پۈتۈن ئەزايى مۇزلاۋاتقاندەك بولدى.

— پاھ! شەمشەر ئىكەنغۇ! ... قالتىس ئۆتكۈر ئىكەن! ... — ئەتراپتىكىلەردىن بىرسى سۆزلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەملەر توپى يەنە بىر قېتىم ئۆرە ـ تۆپە بولدى. ۋۇدايۇڭنىڭ كۆزى ئون بەش ئادەمنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ قالدى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قىلىچى بىلەن چېپىلغان كاللىسى ئىككى غۇلاچ يىراقتا قاڭقىپ چۈشتى ... قىلىچنى تۇتقان ئادەمۇ قاتتىق كۈچىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلىچنىڭ تولىمۇ ئۆتكۈر بولغانلىقى ئۈچۈن كاللا بىلەن تەڭ دۈم يىقىلىپ ئورنىدىن تۇرالمىدى.

ۋۇدايۇڭ ئادەملەر توپى ئۆرە ـ تۆپە بولۇپ تۇرغاندا ئەسلى تۇرغان جايىدىن يۆتكەلدى ـ دە، قىستاڭچىلىق بوشىغاندا دەسسەپ تۇرالماي دەلدۈگۈنۈپ قالدى. دەل شۇ چاغدا سول تەرىپىدىن بىر قول چىقىپ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇۋالدى. ئۇ كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرغان ئاقساقال جۇ ئاكا ئىدى.

بۇلار زۇۋان سۈرۈشمىدى. جۇ ئاكىنىڭ كۆزى ۋۇدايۇڭنىڭ ئېچىپ قاراشقا كۆڭلى يار بەرمەيۋاتقان كۆزى بىلەن ئۇچراشتى، بۇلار زۇۋان سۈرمىسىمۇ ئەھۋالنى ئوبدان بىلىشەتتى.

1928 ـ يىل، يازە

# چۇنتاۋ

## شۆي دىشەن

### ياسىن سېيىت تەرجىمىسى

**شۆي دىشەن** (1893 — 1941) يەنە بىر ئىسمى شۆي ژەنكۇن، تەخەللۇسى لوخۇاشىك، تەيۋەندە تۇغۇلغان، دادىسى ۋەتەنپەرۋەر ئادەم. ئۇ 1917 - يىلى بېيجىڭ يەنجىڭ داشۆسىگە ئوقۇشقا كىرگەن، 1919 - يىلى «4 - ماي» ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان، 1921 - يىلى شىڭيەنبىڭدە جىڭ جىندو، ژەيىپ شاۋجۇنلەر بىلەن بىرلىكتە ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەمئىيىتىنى قۇرغان، 1922 - يىلى دەسلەپ ئامېرىكىغا، كېيىن ئەنگلىيىگە بېرىپ ئوقۇغان، 1927 - يىلى بېيجىڭغا قايتىپ كېلىپ يەنجىڭ داشۆسىدە ئوقۇتقۇچى بولغان، 1935 - يىلى شياڭگاڭ داشۆسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭخۇا ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر دۇشمەنگە قارشى بىرلەشمىسىنىڭ شياڭگاڭ شۆبىسىنى باشقۇرغان، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە پائال ئاۋاز قوشقان.

شۇي دىشەن «4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى
بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا قەدەم قويغان.
ئۇ ئەينى يىللاردا ئاياللار مەسىلىسىنى جەمئىيەتتىكى
گەۋدىلىك مەسىلە سۈپىتىدە تۇتۇپ، ئىلغار پىكىرلىك
ئادەملەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، ئايال-
لارنىڭ مۇھەببەت - نىكاھ، ئائىلە ھوقۇقى، ئىج-
تىمائىي ئورنى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن
ئاساستا مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان، شۇ ئارقىلىق فې-
ئوداللىق ئەخلاق قارىشىنى پىپەن قىلغان. ئۇنىڭ
بۇ ئىدىيىسى «ۋاپادار قۇش»، «سودىگەرنىڭ ئايا-
لى»، «پىداكارلىق» قاتارلىق تەسىرى بىر قەدەر
چوڭراق ھېكايىلىرىدە ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن.

شۇي دىشەن بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان
ھەم دىنىنى تەتقىق قىلغان يازغۇچى. ئۇ ئەسەرلى-
رىگە دىنىنىڭ تەسىرىنى سىڭدۈرگەن. شۇڭا يارات-
قان قەھرىمانلىرى ئېزىلىۋاتقان تۇرۇقلۇق يەنىلا
ئىتائەتمەن، قانائەتچان...

شۇي دىشەن «چۇنتاۋ» ھېكايىسىنى 1934 -
يىلى ئېلان قىلغان. ھېكايە ئېچىنىشلىق باشلىنىپ،
خۇشاللىق بىلەن تۈگەيدۇ. ئاق كۆڭۈل، قەيسەر ۋە
خۇش خۇي مىجەزلىك، تۆۋەن قاتلامدىكى ئەمگەكچى
ئايال چۇنتاۋنىڭ ئوبرازى ئادەمنى تەسىرلەندۈرى-
دۇ. يازغۇچى سەرگۈزەشتە خاراكتېرى كۈچلۈك
ھېكايىلەرنى يېزىشقا، ئەگرى - توقاي ۋەقەلىك
تەرەققىياتى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇ-
ئاللىقىنى يارىتىشقا ماھىر. (شۇي جىيىڭ)

بۇ يىل ياز ھاۋا بۆلەكچىلا ئىسسىپ كەتكەنىدى. كوچا چىراغلىرى يانغان بولسىمۇ، كوچىنىڭ بېشىدىكى قارىئۆرۈك سۈيى سېتىۋاتقان ئادەم ئىشنى يىغماي خۇددى نەغمە دېيىشنى چېلىپ ناخشا ئېيتىۋاتقان قىزدەك مىس قاچىسىنى ئوينىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىن كېرەكسىز قەغەز قاچىلانغان سېۋەت يۆدىگەن بىر ئايال ئۆتتى. چىرايىنى ئەسكى چىغ قالپىقى توسىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن قارىئۆرۈك سۈيى سېتىۋاتقان ئادەمگە سالام قىلغاندا سەدەپتەك ئاپئاق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇ ئۆشنىسىدىكى سېۋەتنىڭ ئېغىرلىقىدىن يايدەك ئېگىلىپ، قەدەملىرىنى ئاران ـ ئاران يۆتكەپ ھويلىسىنىڭ ئالدىغا باردى.

ئايال دەرۋازىدىن چاققانغىنا ھويلىغا كىردى. ئۇ مۇشۇ ھويلىدىكى ساق قالغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە تۇراتتى. ھويلا كاھىش پارچىلىرىغا تولغانىدى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا تەرخەمەك، كۆممىقوناق، دېرىزە تۈۋىگە بىرنەچچە تۈپ تۈن لەيلىسى تېرىغانىدى. بىر نەچچە تال چىرىگەن ياغاچ باراڭ ئاستىدا توغرىسىغا ياتاتتى. ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەندە ئۇنىڭ دەم ئالىدىغان ئېسىل جايى مۇشۇ بولسا كېرەك. ئايال ئىشىك ئالدىغا كېلىشىگە ئۆيدىن بىر ئەر ئالدىراش چىقىپ، ئايالنىڭ ئۆشنىسىدىن ئېغىر سېۋەتنى ئالدى.

— خوتۇن، بۈگۈن بەك كەچ قالدىڭىز.

ئايال بۇ گەپتىن ئەجەبلەنگەندەك قىياپەتتە ئەرگە قارىدى.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ خوتۇننى ئويلاۋېرىپ ساراڭ

بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ سىزگە دەپ قويـاي، مېنـى خوتۇن دىگۈچى بولماڭ.

ئايال ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ ئەسكى چىغ قالپىقىنى بېشىدىن ئالدى ـ دە، ئىشىكنىڭ كەينىگە ئېسىپ قويدى. ئىدىشتىن نەچچە چۆمۈچ سۇ ئېلىپ ئىچىپ، دېمىنى ئالالـماي ھاسىراپ كەتتى. ئايال باراڭنىڭ ئاستىدىكى سېۋەتنى بىر چەتكە ئىتتىرىـۋېتىپ، چىرىشكە باشلىغان ئىملارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى.

ھېلىقى ئەرنىڭ ئىسمى ليۇشاڭگاۋ ئىدى. ئايال ياش جەھەتتە ئەردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. قارىماققا ئوتتۇز ياشلارغا كىرگەندەك كۆرۈنەتتى. يەنە كېلىپ فامىلىسىمۇ ليۇ ئىدى. ئايالنىڭ ئىسمىنىڭ چۈنتاۋ ئىكەنـلىكىنى شاڭگاۋدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. قولۇم ـ قوشـنىلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ ئايالنى، كېرەكسىز قەغەز تېرىـدىغان ليۇ ھەدە، دەپ ئاتايتتى. چۈنكى بۇ ئايال كۈنـدۈزى ئەخلەتخانىمۇ ئەخلەتخانا يۈرەتتى، بەزىدە كېتىـۋېتىپ، كېرەكسىز قەغەزگە سەرەڭگە تېگىشمەن، دەپ توۋـلاپ قوياتتى، پېژغىرىدىم ئىسسىق ياكى قەھرىتان سوغۇق بولسۇن، ئەتىدىن كەچكىچە توپا ـ چاڭغا مىلىنىپ يۈرەتتى، لېكىن، پاكىزلىقنى ياخشى كۆرەتتى، قىش ـ ياز ئۆيگە كېلىپلا يۇيۇناتتى. سۇنى شاڭگاۋ تەييار قىلاتتى

شاڭگاۋ يېزىدا يۇقىرى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرـگەنىدى. تۆت يىل ئىلگىرى يۇرتىدا يېغىلىق يۈز بېرىپ، پۈتۈن ئائىلىسى قاچ ـ قاچتا تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەنـدى. شاڭگاۋ يولدا ئۆزىگە ئوخشاش مۇساپىر چۈنتاۋ بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، نەچچە يۈز چاقىرىم يولنى بىللە بېسىپ،

كېيىن يەنە ئايرىلىپ كەتكەن.

چۈنتاۋ باشقىلارغا ئەگىشىپ بېيجىڭغا كېلىدۇ. زۇڭيۇ كوچىسىدىكى بىر ئەجنەبىي ئايال بىرەر ساددا سەھرا قىزىنى «بالا باققۇچى» قىلىۋالماقچى بولىدۇ، بىرسى ئۇنىڭغا چۈنتاۋنى تونۇشتۇرىدۇ. ئايال خوجايىن چۈنتاۋنىڭ سۈرەتتەك چىرايلىقلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ. چۈنتاۋ خوجايىن ئايال ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ ھەممىسە كالا گۆشى، سارماي سۈركەپ موما يەيدىغانلىقىنى، سۈتلۈك چاي ئىچىدىغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ بۇ غەيرىي پۇراققا كۆنەلمەيدۇ. بىر كۈنى خوجايىن بالىلىرىنى سەنبىزى باغچىسىغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. چۈنتاۋ باغچىدىكى يولۋاس - بۆرىلەرنىڭ قەپەسلىرىدىن چىقىۋاتقان پۇراقنىڭ خوجايىن ئايالنىڭ ئۆيىدىكى پۇراققا ئوخشاپراق كېتىدىغانلىقىنى سېزىپ، كۆڭلى بەك بىئارام بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشلىگىنىگە ئىككى ئاي بولا - بولمايلا بوشىنىپ كېتىدۇ. ئۇ ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە ئىشلەپ باقىدۇ، لېكىن چاكارلىققا كۆنەلمەيدۇ، تىل - ھاقارەت ئاڭلاشنى خالىماي، ئۇ يەردىمۇ تېزلا چىقىپ كېتىدۇ. چۈنتاۋ تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقىدا كېرەكسىز قەغەزگە سەرەڭگە تېگىشىدىغان كەسىپنى تاللىۋالىدۇ. شۇنىڭدىن كىرگەن كىرىم بىلەن يالغۇز جېنىنى ئاران قامدايدۇ.

شاڭگاۋنىڭ چۈنتاۋدىن ئايرىلىپ كۆرگەن كۈنلىرى ناھايىتى ئاددى. ئۇ جۇجۇغا بېرىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى تاپالماي، بىر - ئىككى ئاغىنىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ يۇرتىدىن قېچىپ چىققانلىقىنى ئاڭلاپ

ئاغىنىلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئۇنى ئەپقالغۇسى كەلمەيدۇ.
شاڭگاۋ ناىئىلاج ئېقىپ بېيجىڭغا كېلىدۇ. باشقىلار ئۇنى
كوچىنىڭ بېشىدا قارىئۆرۈك سۇيى ساتىدىغان لاۋۋۇغا
تونۇشتۇرۇپ قويىدۇ. لاۋۋۇ ئىجارىگە ئالىدىغان بىرەرسى
كەلسە، باشقا يەردىن ئۆي تاپىدىغانلىقىنى ئېنىق دەپ
ھازىر تۇرۇۋاتقان مۇشۇ ۋەيرانە ھويلىنى ئۇنىڭغا بېرىپ
تۇرىدۇ. شاڭگاۋ لاۋۋۇنىڭ ھېسابات، سودا - سېتىق ئىش-
لىرىغا ياردەملىشىدۇ، باشقا ئىش قىلمايدۇ. ئۆيگە پۇل
تۆلىمەيدۇ، يېگۈر - يېتىم ئىشلىرىغا قاراشقىنىغا ھەق
ئالمايدۇ. ئىككى ۋاق تاماقنى بىكارغا يەيدۇ. چۈنتاۋ ئىش-
لىرى يۈرۈشۈپ ھاللىنىپ قالىدۇ. بۇرۇن ئولتۇرغان يەر-
دىكى قولۇم - قوشنىلىرى ئۇنىڭ ھويلا - ئارامغا قەغەز
دۆۋىلىشىگە يول قويمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىز ئۆي ئىز-
دەپ دېشىگمېنى ياقىلاپ ماڭىدۇ. بىر ھويلىنىڭ دەرۋازى-
سىنى قاقسا، ھويلىدىن لىيۇ شاڭگاۋ چىقىدۇ. چۈنتاۋ كۆپ
رەسمىيەت ئۆتىمەستىنلا لاۋۋۇنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئالىدۇ.
لىيۇ شاڭگاۋنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىۋالىدۇ. بۇ ئۈچ يىل-
نىڭ ئالدىدىكى ئىش. شاڭگاۋنىڭ ئاز - تولا خەت - سا-
ۋاتى بار ئىدى. چۈنتاۋ تېرىپ ياكى سەرەڭگىگە تېگىشىپ
ئەكەلگەن قەغەزلەرنىڭ ئىچىدىن رەسىم ياكى پالانى
گېنېرال، پالانى مىنىستىرنىڭ يازغان دۇيىلىيەنلىرى،
مەكتۇپلىرىگە ئوخشاش پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەر چىقىپ
قالاتتى. ئىككىسى ھەمكارلىشىۋىدى، ئىشلىرى تېخىمۇ
يۈرۈشۈپ كەتتى. شاڭگاۋ بەزىدە چۈنتاۋغا خەت ئۆگىتەتتى.
لېكىن بۇنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. چۈنكى شاڭ-
گاۋنىڭ ئۆزىمۇ كۆپ خەتلەرنى بىلمەيتتى. خەتنىڭ مەنى-

سىنى يېشىشتە تېخىمۇ بەك قىينىلاتتى.

ئۇلارنىڭ بىرگە تۇرۇپ كېلىۋاتقىنىغا بىر نەچچە يىل بولدى. تۇرمۇش ھالىتىدىن ئۇلارنى بىر - بىرىگە ئامراق ئەر - خوتۇن دېگەندىن كۆرە، ئادەتتىكى ئەر - خوتۇنلار دېگەن تۈزۈك ئىدى.

ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، چۈنتاۋ ئۆيگە كىردى، شاڭگاۋمۇ بىر چېلەك سۇنى كۆتۈرۈپ چۈنتاۋنىڭ كەينىدىن ماڭدى. شاڭگاۋ خۇشال ھالدا:

— خوتۇن، تېزرەك يۇيۇنۇڭ، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى. بۈگۈن كەچ ئوبدانراق بىر نەرسە قىلىپ يەيلى، سۈڭپىياز قوتۇرمىچى قىلىپ يەيلىمۇ؟ بوپتۇ دېسىڭىز، مەن چىقىپ سۈڭپىياز، زىماجىياڭ ئەكىرەي.

— خوتۇن، خوتۇن دەۋېرىدىكەنسىز، بۇنداق دېمە-سىڭىزچۇ؟! — دېدى چۈنتاۋ تېرىكىپ.

— ماقۇل دەڭ، ئەتە تيەنچاۋغا بېرىپ سىزگە چىڭ قالپاق ئەكېلىپ بېرىمەن. چىڭ قالپاق ئالمىسام بولمىدى دېمىگەنمىدىڭىز؟ — دېدى شاڭگاۋ ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا.

— ئاڭلىغۇم يوق.

شاڭگاۋ چۈنتاۋنىڭ سەل خاپا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ شۇئان:

— نېمە قىلىپ يەيمىز، دەڭە؟ — دېدى.

— نېمە يېگۈڭىز كەلسە، شۇنى قىلىپ بېرىمەن، ئەكىرمەمسىز؟

شاڭگاۋ كوچىدىن نەچچە باش سۈڭپىياز، بىر قاچا زىماجياڭ ئەكىرىپ تاشقىرىقى ئۆيدىكى جوزىغا قويدى. تاشقىرىقى ئۆي يورۇقراق ئىدى. چۈنتاۋ يۇيۇنۇپ تۇي

خېتىنى كۆتۈرۈپ، ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقتى.
— بۇ قايسى بەگ - غوجامنىڭ توي خېتىدۇ! بۇنى ھېلىقى ئېلىپساتار لاۋلىغا بەرمەيلى، بىرەرسىگە، بېيجىڭ مېھمانخانىسىغا ئاپىرىپ سېتىپ كەل دېسەك، جىقراق پۇلغا سېتىپ كېلىدۇ، — دېدى چۇنتاۋ.
— بۇ توي خېتى ئۆزىمىزنىڭ. بولمىسا سىز قانداقسىگە ماڭا خوتۇن بولالايسىز؟ بىر - ئىككى يىل خەت ئۆگەتسەم، ئىسمىڭىزنىمۇ ئوقۇيالمايسىزغۇ؟
— بۇنداق خەتلەرنى كىم تونۇيدۇ؟ مېنى تولا خوتۇن، خوتۇن دەۋەرمەڭ. ئاڭلىمايمەن. بۇ خەتنى كىم يازدى؟
— مەن يازدىم، ئەتىگەن ساقچىلار نوپۇس تەكشۈرۈپ كەلدى. ئۇلار مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە ھەربىي ھالەت كۈچەيتىلىدۇ. كىم قانچە جان بولسا، شۇنچە جان دەپ مەلۇم قىلىدۇ، دېدى. لاۋۋۇ، باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلۇش مەن دېسەك، بىز ئەر - خوتۇن دەپ ياز دېدى. ساقچىلارمۇ بىر ئەر، بىر ئايال، دەپ يازسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئەر - خوتۇن دەپ يازغۇزدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆتكەندە ساتمىغان مۇشۇ قۇرۇق توي خېتىگە، بىز ئەر - خوتۇن، قوي يىلى توي قىلغان، دەپ يازدىم.
— نېمە؟ قوي يىلى مەن سىزنى نەدە تونۇيمەن؟ مېنى تولا جىلى قىلماڭ. بىز تەگرىگە باش ئۇرمىساق، يا تۇتۇشۇپ ھاراق ئىچمىسەك، بىز ئەر - خوتۇن ئەمەس. -
چۇنتاۋ سەل نارازى بولغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئاھاڭى سىلىق ئىدى. ئۇ بايىقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، كۆك ئىشتان، ئاق كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. گىرىم قىلمىغان چىرايىدىن تەبىئىي گۈزەللىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ناۋادا

ياتىسق بولۇشنى خالىسا، ئوتتۇرىدا ماڭغان ئادەم ئۇنى، يىگىرمە ئۈچ - يىگىرمە تۆت ياشلىق تول چوكان، دەپ تونۇشتۇرۇپ خېلى كۆپ بىر نېمە ئۇندۇرۇۋالغان بولاتتى.

چۈنتاۋ كۈلۈپ تۇرۇپ قولىدىكى توي خېتىنى ھىمىرىپ چوكىدەك قىلىۋەتتى.

— مېنى بۇنداق جىلى قىلماڭ، نېمە ئۇ توي خېتى دېگەن؟ تامىقىمنى ئېيتەيلا، — دەپ توي خېتىنى ئوچاققا تاشلاپ خېمىر يۇغۇرۇشقا كىرىشتى.

— كۆيدۈرۈۋەتسىڭىز مەيلى. ساقچىلار بىزنى ئەر - خوتۇن، دەپ يېزىۋالدى. ھۆكۈمەت ئادىمى تەكشۈرۈپ كەلسە، توي خېتىمىزنى يېغىلىقتا قېچىپ يۈرۈپ يوقىتىپ قويدۇم دېمەمدىمەن؟ بۈگۈندىن تارتىپ سىزنى خوتۇنۇم دەيمەن، بۇنىڭغا لاۋۇ گۇۋاھ، ساقچىلارمۇ گۇۋاھ، خالىمىڭىز بوپتۇ. خوتۇنۇم دەۋېرىمەن. ھوي خوتۇن! ھوي خوتۇن! سىزگە ئەتە چىغ قالپاق ئېلىپ بېرىمەن. ئۆزۈككە كۈچۈم يەتمىگۈدەك

— يەنە خوتۇن دېسىڭىز، ئۆڭمەن جۇمۇ.

— قاردىغاندا يەنە شۇ لى ماۋنى ئويلاۋېتىپسىز، — دېدى شاڭگاۋ. ئۇنىڭ كەيپىياتى بايىقىدەك خۇشال ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بۇ گەپىنى چۈنتاۋغا ئاڭلىتىش خىيالى يوق ىدى. شۇنداقتىمۇ چۈنتاۋ ئاڭلاپ قالدى.

— ئۇنى ئويلاۋاتىدۇ دەمسىز؟ بىر كېچە ئەر - خوتۇن بولدۇق. ئايرىلىپ كەتكەن مۇشۇ تۆت - بەش يىلنىڭ بۇياقى خەت - خەۋىرى بولمىسا، ئۇنى ئويلاپ نېمە قىلاي؟! — چۈنتاۋ شۇنداق دېدى. ئۇ شاڭگاۋغا تويى بولغان كۈندىكى ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. چۈنتاۋنى

مەپە بىلەن كۆچۈرۈپ ئەكىرىپ، مېھمانلار ئەمدىلا ئولتۇرۇشقا ئالدى تەرەپتىكى ئىككى كەنتنىڭ ئادەملىرى ئەسكەرلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئاكوپ كولاشقا ئادەم تۇتۇپ يۈرگەنلىكىنى دەپ كېلىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ مېھمانلار قورقۇپ قاچىدۇ. تويى بولىۋاتقان يېڭى ئەر - خوتۇن — چۈنتاۋ بىلەن لى ماۋمۇ دەرھال نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قاچقانلارغا قوشۇلۇپ غەربكە قاچىدۇ. ئۇلار بىر كېچە - كۈندۈز بىللە يۈرىدۇ. ئەتىسى كەچتە ئالدى تەرەپتىكىلەر: «قاراقچىلار كەلدى! يوشۇرۇنۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىشىدۇ. ئادەملەر ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالىدۇ، ھېچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق. تاڭ ئاتقاندا ئون نەچچە ئادەمنىڭ ئىز - دېرىكى تېپىلمايدۇ. چۈنتاۋنىڭ ئېرىمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدى.

— مېنىڭچە ئۇ قاراقچىلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. يا بولمىسا ئۇنى ئاللىقاچان بىرسى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بولدىلا، ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشمايلى، — دېدى ئۇ يەنە.

چۈنتاۋ قۇتۇرماچنى پىشۇرۇپ جوزىغا ئەكەلدى. شاڭگاۋ قازاندىكى تەرخەمەك شورپىسىدىن ئۆزىگە بىر قاچا ئۇستى. ئۇلار گەپ - سۆز قىلىشماي تاماقنى يېيىشتى. تاماقتىن كېيىن باراڭنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى. سالقىن شامالدا پارقىراق قوڭغۇزلار خۇددى ئاققان يۇلتۇزلاردەك ئۇدۇل باراڭنىڭ ئۇستىگە چۈشەتتى. تۈن لەيلىسىنىڭ پۇرىقى ئاستا - ئاستا تارىلىپ ئەتراپتىكى سېسىقچىلىقنى بېسىپ كەتتى.

— تۈن لەيلىسىنىڭ پۇرىقى نېمىدېگەن پەيزى! — شاڭگاۋ شۇنداق دەپ تۈن لەيلىسىدىن بىر تال ئۈزۈپ

چۈنتاۋنىڭ چېچىغا قىستۇرۇپ قويدى.

— گۈلۈمنى ئۈزمەڭ. كەچتە چېچىغا گۈل قىستۇرۇ-ۋالىدىغان مەن بۈزۈق ئايال ئەمەس، — دېدى چۈنتاۋ. ئۇ چېچىدىن گۈلنى ئېلىپ پۇراپ لىمىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى.

— بۈگۈن ئەجەب كەچ قالدىڭىزغۇ؟ — سورىدى شاڭگاۋ چۈنتاۋدىن.

— ھەي! بۈگۈن ياخشى سودا قىلدىم. چۈشتىن كېيىن ئۆيگە كېتىۋاتاتتىم. كەينى دەرۋازىدىن چىقىۋاتسام، بىر ئەخلەتچى كېرەكسىز قەغەز قاچىلانغان بىر ھارۋىنى سۆرەپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ كېرەكسىز قەغەزلەرنى نەدىن ئەكەلدىڭ؟ دەپ سورىسام، ئۇ شېنۋۇمىن قورۇقى-دىكىلەر سۈپۈرۈپ يولغا چىقىرىپ قويۇپتۇ، دېدى. قارىسام ھارۋىدا قىزىل، سېرىق قەغەزلەر تۇرىدۇ. ساتامسەن دېسەم، ئالغۇڭ بولسا، ئازراق پۇل بېرىپ قاچىلىۋال دېدى. قاراڭ، — دېدى چۈنتاۋ دېرىزە تۈۋىدىكى سېۋەتنى كۆر-سىتىپ، — بىر كوي بېرىپ بىر سېۋەت قاچىلىدىم. دەسمايە چىقامدۇ - يوق، بىلمەيمەن. ئەتە قاراپ باقساق بىر گەپ بولىدۇ. خان سارىيىدىن چىققان نەرسىلەر پۇلغا يارايدۇ. مەكتەپ بىلەن چەت ئەل فىرمىلىرىدىن چىققان نەرسى-لەردىن قورقىمەن. ئېغىر ھەم سېسىق قەغەزلەر چىقىدۇ. پۇلغا يارىمايدۇ، ئادەمنىڭ جاپا تارتقىنى قالىدۇ... يېقىن-قى يىللاردىن بۇيان كىشىلەر نەرسىلەرنى ئەجنەبىيلەرنىڭ گېزىتى بىلەن ئورايدىغان بولۇپ قالدى. ئەجنەبىيچە گېزىت ئوقۇيدىغان ئاشۇ ئادەملەرنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى-نى بىلمىدىم. ئۇ گېزىتلەرنى كۆتۈرسە، بەك ئېغىر، ساتسا

ھېچقانچە پۇلغا ئالمىغان.

— ئەجنەبىيچە ئوقۇيدىغانلار كۆپەيگەنسېرى، كېيىن-چە ئەجنەبىيلەرنىڭ ئىشىنى قىلىمىز دەپ ھەممە ئادەم ئەجنەبىيلەرنىڭ گېزىتىنى ئوقۇيدىغان بولۇپ كېتىدۇ.

— ئۇلار ئەجنەبىيلەرنىڭ ئىشىنى قىلسا، بىز ئەج-نەبىيلەرنىڭ كېرەكسىز قەغەزلىرىنى يىغىمىز.

— كېيىن ھەممە ئادەم ئەجنەبىيلىشىپ كېتىدۇ. ئەجنەبىيلەرنىڭ رىكشىسىنى سۆرىسە، ئەجنەبىيلەرنىڭ ئېشىكىنى ھەيدىسە، كېيىن تۆگىسىنى يېتىلىسە، — دېدى شاڭگاۋ چۇنتاۋنى كۇلدۇرۇپ.

— باشقىلارنى دېمەي ئۆزىڭىزنى دەڭ. سىز باي بولسىڭىز، ئەجنەبىيلەرنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇغۇڭىز، ئەج-نەبىي خوتۇن ئالغۇڭىز كېلىدۇ.

— ياراتقان ئىگىسى بىلىدۇ. مەن ھەرگىز باي بو-لالمايمەن. باي بولغان ھالەتتىمۇ ئەجنەبىي خوتۇن ئال-مايمەن. باي بولسام، يۇرتۇمغا كېتىپ نەچچە مو يەر ئېلىپ سىز بىلەن دېھقانچىلىق قىلىمەن.

چۇنتاۋ يۇرتىدىن قېچىپ ئېرىدىن ئايرىلغاندىن بېرى يېزىنىڭ گېپىنى ئاڭلىسا، بەدىنى تىكەنلىشىپ كېتەتتى.

— يېزىغا كېتىمەن دەمسىز؟ يەرنى ئالا - ئالمايلا پۇل بىلەن ئۆزىڭىزمۇ ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتەرسىز، يېزىدا ئادەم ئاچ قالىدۇ، مەن ھەرگىز بارمايمەن.

— بىزنىڭ جىڭشىيەنگە كېتەيلى.

— مۇشۇ ئاي - مۇشۇ كۈنلەردە ھەممە يەردە قازان-نىڭ قۇلىقى تۆت. يېغىلىق بولمىسا، ئوغرى - يالغانىنىڭ دەستى؛ ئوغرى - يالغان بولمىسا، ياپونلارنىڭ دەستى.

يېزىغا بېرىشقا كىم يېتىنالايدۇ؟ يەنىلا شەھەردە كېرەك-
سىز قەغەز تەرگىنىمىز ئەۋزەل. بىزگە ھازىر بىر ياردەمچى
كەم. سىزنىڭ ئورنىڭىزدا ئەكەلگەن نەرسىلەرنى رەتلەي-
دىغان بىرەرسى بولساھ سىز كۈندۈزى يايمىچىلىق قىل-
سىڭىز، مېلىمىزنى باشقىلارغا ئەرزان بەرمەي ئۆزىمىز
ساتقان بولاتتۇق.

— يەنە ئۈچ يىل شاگىرت بولسام بولىدۇ. ئەرزان
ساتسام، خەقتىن كۆرمەي، ئۆزۈمنىڭ خاملىقىمدىن كۆرىمەن.
مۇشۇ نەچچە ئايدا جىق نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم. مار-
كىلارنىڭ قايسى پۇلغا يارايدۇ، قايسى پۇلغا يارىمايدۇ،
ھەر ھالدا بىلىۋالدىم. كاتتا ئەربابلارنىڭ مەكتۇپ، قول-
يازمىلىرىنىڭ قاندىقىنى خەق ئالىدۇ، قاندىقىنى ئالمايدۇ،
كۆزۈم يامان ئەمەس پىشىپ قالدى. ئىككى - ئۈچ كۈن-
نىڭ ئالدىدا ئاۋۇ قەغەز دۆۋىسىدىن كاڭ يۈۋېيىنىڭ بىر
پارچە خېتىنى تېپىۋالدىم. نەچچىگە ساتتىم بىلەمسىز؟ —
دېدى شاڭگاۋ خۇشال ھالدا باشمالتىقى بىلەن بىگىز
قولىنى كۆرسىتىپ، — سەككىزموغا ساتتىم!

— مۇنداق دەڭ! ناۋادا كېرەكسىز قەغەزلەرنىڭ
ئىچىدىن ھەر كۈنى سەككىز مولۇق نەرسە چىقسا بولمى-
دىمۇ، يېزىغا بېرىپ دېھقانچىلىق قىلىپ ئۆزىنى ئۆزى
قىيناپ نېمە كەپتۇ؟ چۈنتاۋنىڭ ئاۋازى كەچكۈزدە سايرى-
غان سوپىسوپىياڭنىڭ ئاۋازىدەك يېقىملىق ئىدى، — بۇ
بىر دۆۋە قەغەزنى ئاختۇرسىڭىز جىق نەرسىلەرنى تاپىسىز.
ئاڭلىسام ئەتە يەنە بىرمۇنچە كېرەكسىز قەغەزلەرنى ئا-
چىقىپ تاشلايدىكەن. ھېلىقى ئادەم ماڭا، ئەتىگەندە كېلىپ
ئارقا دەرۋازىدا ساقلاپ تۇر، دېدى. ئوردىدىكى نەرسىلەر-

نى ساندۇقلارغا قاچىلاپ جەنۇبقا يۆتكەۋاتقىلى ئىككى كۈن بوپتۇ. ئىسكىلاتتا تاشلىنىۋېتىلگەن كېرەكسىز قەغەزلەر تولا ئىكەن. قارىسام دوگخۇامېننىڭ سىرتىدىمۇ جىق تۇرۇدۇ. خالتىلارغا قاچىلاپ سىرتقا تاشلاۋاتىدۇ، ئەتە سىزمۇ بېرىپ ئۇقۇشۇڭ، — دېدى ئۇ يەنە.

ئۇلار پاراڭ بىلەن سائەتنىڭ ئوندىن ئېشىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى. چۈنتاۋ ئەسنىگەن پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۈگۈن بەك ھېرىپ كەتتىم، ياتايلى! — دېدى.

شاڭگاۋ چۈنتاۋنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىردى. دېرىزىنىڭ تۈۋىدە ئىككى - ئۈچ ئادەم پاتقۇدەك كاڭ بار ئىدى. خىرە چىراغ يورۇقىدا تامنىڭ بىر تەرىپىدىكى «سەككىز ئەۋلىيانىڭ قۇچقاچ قوغلىشى» دېگەن رەسىمنى، يەنە بىر تەرىپىدىكى تاماكا شىركىتىنىڭ «يەنىلا ئۇ ياخشى» دېگەن سۈرەتلىك ئېلاننى غۇۋا كۆرگىلى بولاتتى. چۈنتاۋ مۇشۇ چىرايى بىلەن ئەسكى چىغ قالپىقىنى ئېلىۋېتىپ، كىيىم-كېچەك دۇكانلىرىدىكى ئېسىل كىيىملەرنى ئەمەس، تيەنچاۋغا بېرىپ مودىدىن قالغان چىپاۋدىن بىرنى ئېلىپ كىيىپ ھەر قانداق چىملىقتا ئولتۇرسا «يەنىلا ئۇ ياخشى» دېگەن ئېلاندىكى مودېل قىزدىن قېلىشمايتتى. شاڭگاۋ ھەمىشە چېقىشىپ چۈنتاۋغا ئېلاندىكى ئاشۇ قىز سىزشۇ، دەيتتى.

چۈنتاۋ كاڭغا چىقتى. كىيىملىرىنى سېلىپ، كىرلىكنى تارتىپ يېپىنىپ، بىر چەتتە ياتتى. شاڭگاۋ ئادىتى بويىچە چۈنتاۋنىڭ بەل - پۇتلىرىنى ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. چۈنتاۋ ھەر كۈنى ئۆلگۈدەك ھېرىپ كېلىپ كەچتە قارا چىراغنىڭ

يورۇقىدا پۈت ـ قولىنى مۇشۇنداق سوزغىنىچە راھەتلىنىپ يېتىپ ھاردۇق ئالاتتى. ئۇ ئۇيقۇلۇق ھالدا پىچىرلاپ:
— شاڭگاۋ، سىزمۇ يېتىڭ، بولدى قىلىڭ، ئەتىگەن-لىككە يەنە سەھەر تۇرىدىغان گەپ،— دېدى.
چۈنتاۋ يېنىك پۈشۇلداپ ئۇخلاپ كەتتى، شاڭگاۋ چىراغنى ئۆچۈردى.
ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەن ھەر ئىككىسى دالىلىغىلى ئالدىراپ كەتكىنىدىن چىققان توخۇلاردەك ئۆز ئىشىغا كېتىشتى.
چۈشكە ئېتىلغان توپ ئاۋازى بېسىقىپ، شىشاخەي تەرەپتە داقا ـ دۇمباق ساداسى ياڭراپ كەتتى. چۈنتاۋ بىر سېۋەت قەغەزنى يۈدۈپ ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ كۆۋ-رۈك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ۋاقىتلىق بازار قىلغان كوچى-نىڭ بېشىغا كەلگەندە يول بويىدا بىرسىنىڭ: «چۈنتاۋ، چۈنتاۋ!» دەپ ئۆزىنى چاقىردۋاتقانلىقىنى بىردىنلا ئاڭلاپ قالدى.
چۈنتاۋنىڭ كىچىك ئىسمىنى ھەتتا شاڭگاۋمۇ يىل بويى كەمدىن ـ كەم تىلغا ئالاتتى. يېزىدىن قېچىپ چىققان تۆت ـ بەش يىلدىن بېرى ئۇنى ھېچكىم بۇن-داق چاقىرىپ باقمىغانىدى.
— چۈنتاۋ، چۈنتاۋ، مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟
چۈنتاۋ ئىختىيارسىز كەينىگە ئۆرۈلۈپ يول بويىدا ئولتۇرغان بىر تىلەمچىنى كۆردى. بۇ زەئىپ ئاۋاز تىلەم-چىنىڭ ساقال ـ بۇرۇت قاپلاپ كەتكەن ئاغزىدىن چىقى-ۋاتاتتى. پۇتى تىزىدىن بولمىغاچقا، ئۇ ئورنىدىن تۇرال-مايتتى. ئۇچىسىدا يىرتىق كۆلرەڭ ھەربىي چاپان بار

ئىدى. چاپانىنىڭ ئاق تۇگمىلىرىمۇ داتلىشىپ كەتكەن، پاگونىنىڭ ئاستىدىن مۇرىلىرى چىقىپ قالغان، ئىسكەتىنى يوقاتقان ھەربىي شەپكىسىنى قىڭغىر كىيىۋالغانىدى. شەپكىسىدە كاكارمۇ يوق ئىدى.

چۇنتاۋ ئۇنىدىمەستىن ئۇنىڭغا قارىدى.

— چۇنتاۋ، مەن لى ماۋ!

چۇنتاۋ ئىككى قەدەم ئالدىغا ماڭدى. تىلەمچىنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش يۈزىدىكى توپا - چاڭغا قوشۇلۇپ دىردىيىپ كەتكەن ساقال - بۇرۇتلىرىغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. چۇنتاۋنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ، تىلى گەپكە كەلمەي قالدى.

— لى ماۋ، بۇ يەردە تىلەمچىلىك قىلىۋاتامسەن؟ يۈزۈڭ نېمە بولدى؟— دېدى ئۇ ئاخىر.

— ھەي، سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا. سەن بۇ يەرگە قاچان كەلدىڭ؟ نېمە سېتىۋاتىسەن؟

— نېمە سېتىۋاتىسەن؟! كېرەكسىز قەغەز تېرىۋاتىمەن... ئۆيگە بېرىپ سۆزلىشەيلى.

چۇنتاۋ بىر رىكشا ياللاپ لى ماۋنى يۆلەپ رىكشىغا چىقاردى. سېۋىتىنى ئۇستىگە قويدى. ئۆزى كەينىدىن ئەگەشتى. دېشىنېيغا كەلگەندە رىكشىچى لى ماۋنى ھارۋىدىن چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇلار كوچىغا كىردى. لاۋۋۇ مىس قاچىسىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ، چۇنتاۋغا:

— لىۋ ھەدە، بۇگۈن بالدۇر قايتىپ كەپسىز، سودىڭىز ياخشىكەندە!— دېدى.

— بىر يۇرتلۇقۇم كەپتۇ،— دېدى چۇنتاۋ جاۋابەن. لى ماۋ ئېيىقتەك ئىككى قولى بىلەن يەرنى تىرەپ

ئالدىغا سىلجىپ ماڭاتتى. چۇنتاۋ يانچۇقىدىن ئاچقۇچىنى چىقىرىپ دەرۋازىنى ئاچتى ۋە لى ماۋنى ئۆيىگە باشلىدى. ئۇ شاگىراۋنىڭ بىر قۇر كىيىمىنى ئاچىقىپ، شاگىراۋغا ئوخشاش، قۇدۇقتىن ئىككى چېلەك سۇ تارتىپ داسقا قۇيۇپ لى ماۋنى يۇيۇنۇشقا بۇيرۇدى. لى ماۋ يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر داس سۇدا يۈزىنى يۇغۇزدى. ئاندىن لى ماۋنى يۆلەپ كاڭغا چىقىرىپ قويۇپ ئۆزى يۇيۇنغىلى تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

— چۇنتاۋ، ئۆيۈڭنى ئوبدان جۆندىۋاپسەن، يالغۇز تۇرامسەن؟

— يەنە بىر شېرىكىم بار، — دەپ جاۋاب بەردى چۇنتاۋ ئىككىلەنمەستىن.

— نېمە ئوقەت قىلىۋاتىسەن؟

— كېرەكسىز قەغەز تېرىمەن دىدىمغۇ؟

— كېرەكسىز قەغەز تېرىمەن؟ بىر كونىدە تەرگەن قەغىزىڭ نەچچىگە يارايدۇ؟

— ئاۋۋال مەندىن گەپ سورىماي، ئۆزۈڭنىڭ كەچۈرمىشلىرىڭنى دە.

چۇنتاۋ سۇنى تۆكۈۋېتىپ چېچىنى تارىغىنىچە ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ لى ماۋنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. لى ماۋ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەشكە باشلىدى.

— چۇنتاۋ، ھەي، سۆزلىگەنگە تۈگىمەيدۇ! ئازراق سۆزلەپ بېرەي، مېنى شۇكۈنى ئاخشىمى قاراقچىلار باغلاپ ئېلىپ ماڭدى. سەندىن ئايرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆچ بولۇپ كەتتىم. بىرسىنىڭ قولىدىن قورالنى تارتىۋېلىپ ئىككىسىنى ئۆلتۈردۈم - دە، جېنىمنىڭ بارىچە

قاچتىم. شېنياڭغا بارسام تەلىيىمگە چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا ئەسكەر ئېلىنىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەر بولدۇم. ئەسكەرلىكتە تۇرغان ئۈچ يىل جەريانىدا كۆرگەن-بىلگەنلەردىن يۇرتىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇردۇم. بېرىپ كەلگەنلەر ماڭا يېزىمىزنىڭ ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. يەر خېتىمىزنىڭ كىملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. قاچ-قاچتا يەر خېتىنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. شۇڭا نەچچە يىلدىن بېرى رۇخسەت سوراپ يۇرتىمىزغىمۇ بارمىدىم. ئەسكەرلىكتە رۇخسەت سورىسا، ئايدا بېرىدىغان ئۈچ-تۆت تەڭگىدىنمۇ قۇرۇق قالىدىغان گەپ.

مەن ئايلىق مائاشقا قاراپ، كۆرگەن كۈنۈمگە شۈكرى قىلىپ يۈرۈۋەردىم. ئەمەلدارلىق بىزدەكلەرگە نېسىپ بولمايدىكەن. مۇشۇنداق تارتقۇلۇقلارنى تارتىش پېشانەمگە پۈتۈلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئۆتكەن يىلنىڭ باشلىرى ئىدى. تۇەنجاڭ تۇيۇقسىز بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، تۆەندىكى ئەسكەرلەردىن كىم توققۇز پاي ئوقنى ئارقا-ئارقىدىن ئېتىپ ھەممىسىنى نىشانغا تەككۈزسە، شۇنىڭغا ھەر ئايدا ئىككى ئايلىق مائاش ھەم ئەمەل بېرىمەن، دېدى. ئەسكەرلەرنىڭ بىرەرسىمۇ توققۇز پاي ئوق ئېتىپ تۆتىنىمۇ نىشانغا تەگكۈزەلمىدى، تەگكۈزگەنلىرىمۇ بولمىدى. ئەمما ئاتقان ئوقلىرى دەل جايىغا تەگمىدى. مەن توققۇز پاي ئوقنىڭ ھەممىسىنى دەل جايىغا تەگكۈزدۈم. ئاخىرقى بىر تال ئوقنىمۇ ئېتىۋەتتىم. مەرگەنلىكىمنى كۆز-كۆز قىلىپ، قارىماي تۇرۇپ، ئېگىلىپ، يەرگە قاراپ، مىلتىقنى ئاچارامدىن چىقىرىپ ئاتتىم. ئاتقان ئوقلىرىم قايەاستىن دەل جايىغا

تەگدى. شۇ چاغدا خۇشاللىقىمدىن بېشىم كۆككە يەتكەن-
دى. تۇەنجاڭ مېنى ئالدىغا چاقىردى. مەن ئىچىمدە،
تۇەنجاڭ مېنى راسا ماختايدىغان بولدى، دەپ ئويلاپتىمەن.
ئۇ ھايۋاننىڭ يۈزسىزلىك قىلغىنىنى كىم بىلسۇن، ئۇ،
سەن قاراقچىكەنسەن، سېنى ئېتىۋېتىش كېرەك! قاراقچى
بولمىساڭ، ھەرگىز بۇنداق مەرگەن بولالمايسەن، دەپ
تۇرۇۋالدى. پەيجاڭ بىلەن دۈيجاڭ ئارىغا چۈشۈپ، ئەس-
كى ئادەم ئەمەسلىكىمگە كېپىل بولۇپ، مېنى ئاران تەستە
ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالدى. تۇەنجاڭ مېنى رەسمىي ئەس-
كەرلىكتىن ئېلىپ تاشلاپ، تۆۋەن دەرىجىلىك ئەسكەر
بولۇشۇمغىمۇ يول قويمىدى. ئۇ، مەن قول ئاستىمدىكى
ئەسكەرلەرنى رەنجىتمەيمەن دېيەلمەيمەن. ناۋادا ئالدىنقى
سەپتە جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتقاندا، ساڭا ئوخشاش
مەرگەن بىرەرسى كەينىمدىن كېلىپ ئېتىۋەتسە، بىكاردىن-
بىكار ئۆلۈپ كېتىمەن، دېدى. كۆپچىلىك ئارتۇق گەپ
قىلماي، ئەسكەرلىكتىن كېتىپ باشقا يول بىلەن تىرىك-
چىلىك قىل، دەپ ماڭا نەسىھەت قىلدى.

مەن ئەسكەرلىكتىن كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ياپونلار
شېنياڭنى بېسىۋالدى. ئاڭلىسام، ھېلىقى جۇۋاينىمەك
تۇەنجاڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ھەممىنىڭ ئالدىدا ياپونلارغا
تەسلىم بوپتۇ. بۇ ئىشنى ئاڭلاپ جان - ئىمانىم چىقىپ كەتتى.
ئاشۇ مۇناپىقنى تېپىش نىيىتىگە كەلدىم. كېيىن پىدائىيلار
قوشۇنىغا قاتناشتىم. خەيچېڭ ئەتراپىدا بىر نەچچە ئاي
جەڭ قىلدۇق. جەڭ قىلغاچ شەنخەيگۇەنگە چېكىندۇق.
ئالدىنقى ئايدا پېڭگۇنىڭ شەرقىي شىمالىدا جەڭ بولغان-
دى. مەن پوستتا تۇراتتىم. تۇيۇقسىز دۈشمەن كېلىپ

قىلىپ پۈتۈم يارىلاندى. ئۇ چاغدا ھەر ھالدا ماڭالايتتىم. قورام تاشنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇپ ئۇلارنىڭ بىر نەچچە-سىنى يەر چىشلەتتىم. كېيىن زادىلا چىداشلىق بېرەلمەي، قورالنى تاشلاپ ئېتىز ياقىسىدىكى چىغىر يولغا قاراپ ئۆمىلىدىم. بىر كۈن ساقلىدىم، ئىككى كۈن ساقلىدىم، قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ئادەملىرى كۆرۈنمىدى. يارام ئىششىپ يامانلاپ كەتكىلى تۇردى. ماڭالمىغاچقا، سۇسىز - تاماقسىز ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتتىم. تەلىيىمگە يولدىن بىر ھارۋا ئۆتۈپ قالدى، ھارۋىكەش مېنى ھارۋى-سىغا كۆتۈرۈپ سېلىپ ھەربىي دوختۇرخانىنىڭ چېدىرىغا ئەكەلدى. ئۇلار يارامغا قاراپمۇ قويماستىن ماشىنىغا چىقى-رىپ ئارقا سەپ دوختۇرخانىسىغا ئەۋەتتى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى. دوختۇر يارامنى كۆرۈپ، پۇتۇڭ سې-سىپ كېتىپتۇ، كېسىۋەتمىسەك بولمايدۇ، دېدى. دوختۇر-خانىدا بىر ئاي ياتتىم. يارام ساقايدى. لېكىن پۇتۇمدىن ئايرىلدىم. بۇ يەردە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم يوق، يا يۇر-تۇمغا كېتەلمىسەم، ـەتكەن تەقدىردىمۇ پۇتۇم بولمىسا قانداق دېھقانچىلىق قىلىمەن؟ دېگەنلەرنى خىيالىمدىن كەچۈرۈپ، مېنى ئېلىپ قالساڭلار، ئىش - كۈشۈڭلەرنى قىلىپ بەرسەم، دەپ دوختۇرغا يېلىندىم. دوختۇر، بىز سېنىڭ كېسىلىڭنى داۋالايمىز، سېنى ئېپقېلىش، ساڭا ئىش تېپىپ بېرىش بىلەن كارىمىز يوق. بۇ دوختۇرخانا، مې-يىپ ھەربىيلەر ساناتورىيىسى ئەمەس، دېدى. نائىلاج تىلەمچىلىك قىلدىم، مانا بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى. ئىككى كۈننىڭياقى، بۇنداق ئىتنىڭ كۈننى كۆرگۈچە، ئۆلۈپلاۋا-لايلا، دېگەن يەرگە كېلىپ قالدىم.

لى ماۋنىڭ گېپىنى پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقان چۈنتاۋ كۆزلىرىنىڭ قاچان ياشلانغانلىقىنى تۇيمىدى. ئۇ شۈك ئولتۇراتتى. لى ماۋ پېشانىسىدىكى تەرىنى ئالىقانلىرى بىلەن سۈرتۈپ سەل دېمىنى ئالدى.

— چۈنتاۋ، نەچچە يىلدىن بېرى نەلەردە يۈردۈڭ؟ بۇ كىچىك هويلا سەھرادىكى هويلىمىزدەك چوڭ ئەمەس بولسىمۇ، هەر هالدا بولىدىكەن. قارىغاندا جىق جاپا تارتمىغاندەك قىلىسەن.

— كىم جاپا تارتماپتۇ؟ جاپا تارتساممۇ، تىرمىشىپ تىرەپ تىرىكچىلىك قىلماي ئامال يوقكەن. كېيىنكى قەغەزگە سەرەڭگە تېگىشىپ جاھانسازلىق قىلىپ كېلىۋاتقىنىمغا نەچچە يىل بولدى. لىۋ فامىلىك بىر شېرىكىم بار. ئىككىمىز سېنىڭ - مېنىڭ دېيىشمەي ئاران - ئاران كۈن ئېلىپ كېلىۋاتىمىز.

— ئۇمۇ سېنىڭ بىلەن بىللە مۇشۇ ئۆيدە تۇرامدۇ؟

— هەئە، ئىككىمىز بىللە مۇشۇ كاڭدا ياتىمىز، — دېدى چۈنتاۋ بۇرۇنلا بىر قارارغا كېلىپ بولغاندەك چورتلا قىلىپ.

— ئۇنىڭ بىلەن توي قىلدىڭمۇ؟

— ياق، بىللە تۇرىمىز.

— ئەمىسە، سەن هېسابتا ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ؟

— مەن هېچكىمنىڭ خوتۇنى ئەمەس.

بۇ گەپ لى ماۋنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىغا تەگدى. ئۇ قىلىدىغان گېپىنى تاپالماي، خوتۇنىنىڭ چىرايىغا قاراشقا پېتىنالمىغاندەك يەردىن ئۈستۈن قارىماي ئولتۇراتتى.

— بۇنداق بولسا، خەقلەر مېنى، يۇمشاقباش، دەپ
مازاق قىلىدۇ، — دېدى ئۇ ئاخىر.
— يۇمشاقباش؟ — چۇنتاۋ ئۇنىڭ گېپىدىن سەل
رەنجىدى، لېكىن تەلەپپۇزى ئىلگىرىكىدەكلا سىلىق ئىدى.
— يۇمشاقباش بولۇپ قېلىشتىن پۇلى ھەم كۈچى
بارلارلا قورقىدۇ، ساڭا ئوخشاشلارنى كىم تونۇيدۇ؟ ئېغىنىڭ
بىلەن بېغىڭنىڭ تايىنى بولمىسا، يۇمشاقباش بولۇپ قېلىش-
قالماسلىق بىلەن نېمە چاتىقىڭ؟ ھازىر مەن ئۆز بەگ-
ئۆز خان. سېنىڭ شەنىڭگە داغ كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى
قىلىپ يۈرگىنىم يوق.
— مەيلى نېمىلا دېگەنبىلەن بىز يەنىلا ئەر-خوتۇن.
كونىلار، بىر كېچە ئەر-خوتۇن بولسا يۈز كۈنگىچە
مېھرى ئۈزۈلمەيدۇ، دەيدۇ...
— يۈز كۈنگىچە مېھرى ئۈزۈلمەيدۇ - ئۈزۈلمەيدۇ،
بىلەلمەيمەن، — دېدى چۇنتاۋ لى ماۋنىڭ گېپىنى ئارىلى-
ۋېتىپ، — يۈز كۈنگىچە مېھرى ئۈزۈلمەيدىغۇ دەيلى،
لېكىن شۇنداق كۈنلەردىن نەچچە ئونى ئۆتۈپ كەتتى.
تۆت - بەش يىلغىچىلىك بىر - بىرىمىزنىڭ ئىز - دې-
رىكىنى بىلمەي يۈردۇق. سەنمۇ مېنى مۇشۇ شەھەردە ئۇچ-
رىتىپ قالىمەن دەپ ئويلىمىغان بولغىيتتىڭ. بۇ شەھەردە
ئۆزۈم يالغۇز تىرىكچىلىك قىلمىسام، بىراۋنىڭ يارىدىمىگە
تايانمىسام بولمايدىكەن. نەچچە يىل بولدى، بىللە تۇرۇ-
ۋاتىمىز. ئۇنىڭغا قارىغاندا ساڭا بولغان مۇھەببىتىم خېلىلا
سۇس. دادامنىڭ ۋە سېنىڭ داداڭنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى
قىلىپ بۈگۈن سېنى ئۆيۈمگە باشلاپ كەلدىم. ئۇنىڭ
ئۈستىگە بىز بىر يۇرتلۇق. ناۋادا سەن مېنى خوتۇنۇم

دېسەڭ مەن بۇنى تەن ئالمايمەن. دەۋا قىلساڭ ئۇتۇپ چىقىشىڭ ناتايىن.

لى ماۋ بىر نەرسە ئالماقچى بولغاندەك يانچۇقىغا ئاپارغان قولىنى بىردىنلا تارتىۋېلىپ، كۆزلىرىنى چۇنتاۋغا تىككىنىچە بورىغا تايىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

لى ماۋ ئۈندىمەيتتى، چۇنتاۋ بولسا يىغلاۋاتاتتى. بۇ كۈن ئىككىلگەن چاغ ئىدى.

— خەير بوپتۇ، چۇنتاۋ، ئۆزۈڭ بىر نېمە دە، مەن بىر مېيىپ ئادەم، ماڭا خوتۇن بولامسەن دېسەڭمۇ، مەن سېنى باقالمايمەن، — لى ماۋ ئاخىر بىر ئېغىز دانا گەپ قىلدى.

— مېيىپكەن دەپ سېنى تاشلىۋەتمەيمەن. ئەمما شېرىككىمدىن ئايرىلىپ قېلىشقىمۇ چىدىمايمەن. ھەممىمىز بىللە تۇرايلى، بېقىۋاتىمەن دەپ بىر - بىرىمىزگە پەش قىلىدىغان ئىش بولمايدۇ، بولامدۇ؟— چۇنتاۋمۇ كۆڭلىدىكى گەپنى دېدى.

لى ماۋنىڭ قورسىقى كورۇلداپ كەتتى.

— توۋا، گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ، قورسىقىڭ بىلەنمۇ چاتىقىم بولماپتۇ! قورسىقىڭ ئېچىپ كەتكەندۇر تايىن.

— ئەكېلىۋەر، نېمە بولسا شۇنى يەيمەن. ئاخشامدىن تارتىپ مۇشۇ كەمگىچە ئاغزىمغا سۇدىن باشقا گىياھ چاغلىق نەرسە سالمىدىم.

— مەن چىقىپ يەيدىغان نەرسە ئەكىرەي،— دەپ چۇنتاۋ ئىشىكتىن چىقىشىغا شاڭگاۋ خۇشال ھالدا ھويلىغا كىردى. ئۇلار باراڭ ئاستىدا دۇقۇرۇشۇپ قالدى.

— نېمىگە شۇنچە خۇشال بوپكەتتىڭىز؟ بۈگۈن

ئەجەب بالدۇر كەپسىزغۇ؟
— بۈگۈن ئوبدان سودا قىلدىم! تۈنۈگۈن سىز ئەكەلگەن بىر سېۋەت قەغەزنى ئەتىگەن ئاختۇرسام، ئىچىدىن چاۋشيەن پادىشاھىنىڭ مىڭ سۇلالىسى پادىشاھىغا يازغان بىر بولاق مەكتۇپى چىقىپ قالدى. بىر پارچىسىنى ئاز دېگەندە ئەللىك كويچەنگە ساتقىلى بولىدىكەن. ھازىر قولىمىزدا ئون پارچە بار. قانچىلىك باھا قويىدۇ، قاراپ بېقىپ، ئاندىن ماۋۇ بىر نەچچە پارچىنى ساتاي، دەپ بايا بىر نەچچە پارچىنى ئېلىپساتارلارغا كۆرسەتتىم. بۇنىڭ ئىچىدە دۇەن رۇي قەسىرىدىكىلەرنىڭ مۆھرى بېسىلغان قەغەزدىن يەنە ئىككى پارچىسى بار ئىكەن. ئېلىپساتارلار، بۇ سۇڭ جەمەتىنىڭ ئىكەن، دېدى ۋە شۇئان ئاتمىش كوي باھا قويدى. ئەرزان سېتىپ قويۇشتىن قورقۇپ، سىزگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ياندۇرۇپ كەلدىم، قاراڭ... — ئۇ شۇنداق دەپ قولىدىكى كۆك بوپىنى يېشىپ مەكتۇپ بىلەن ئەسكى قەغەزلەرنى ئالدى، — ماۋۇ دۇەنىڭ قەسىرىدىكىلەرنىڭ مۆھرى، — دەپ قەغەزدىكى مۆھۈر ئىزىنى كۆرسەتتى.— مۇشۇ مۆھۈر بولمىسا بۇنىڭ بۇنچىلىك پۇلغا يارايدىغانلىقىنى ھەقىقەتەن بىلمەسكەنمەن، ئەجنەبىيلەرنىڭ قەغىزى، بولمىسا بۇنىڭدىن ئاق.
— سارايدىكى غوجىدار بەگلەرمۇ ماڭا ئوخشاش مال تونۇمايدىغان ئوخشىمامدۇ؟ — چۈنتاۋ شۇنداق دەپ قەغەزنى كۆردىيۇ، پۇلغا يارايدىغان يېرىنى بىلمىدى.
— مال تونۇمايدىغان؟ ناۋادا ئۇلار مال تونۇسا، بىزگە بۇ سودا چىقامتى؟— شاڭگاۋ چۈنتاۋنىڭ قولىدىن قەغەزنى ئېلىپ مەكتۇپلەر بىلەن قوشۇپ بوپىغا سالدى،— قاراڭ، خوتۇن...—

دېدى چۇنتاۋغا كۇلۇپ تۇرۇپ ئۇ يەنە.

چۇنتاۋ شاڭگاۋغا ئەپىندە بىر قاردۋېتىپ دېدى:

— سىزگە دەپ قويای، مېنى خوتۇن دېگۇچى بولماڭ.

شاڭگاۋ چۇنتاۋنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي تۇزلا:

— سىزمۇ بالدۇر قايتىپ كەپسىز، ئوقتىڭىز جايىدا بولسا كېرەك، — دېدى.

— ئەتىگەن بېرىپ يەنە تۇنۇگۇنكىدەك بىر سېۋەت قەغەز ئالدىم.

— بەك جىق دەۋاتىاتىڭىزغۇ؟

— ئۇلار قەغەزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەتىگەنلىك بازارغا ئاپىرىپ دېھقانلارغا سېتىۋېتىپتۇ! دېھقانلار خاسىڭ ئورايدىكەن.

— بوپتۇ، كېرەك يوق، ئىشقىلىپ بۇگۇن ئىشىمىز دەسلىپىدىلا خەيرلىك بولدى. بىرىنچى قېتىم ئوتتۇز نەچچە كويلۇق سودا قىپتۇق. قاراڭ، بىزنىڭ ئادەتتە چۇشتىن كېيىن ئۆيدە بولمىقىمىز تەس. شىشاخەيگە بېرىپ ئايلىنىپ، ھاۋا يەپ كەلسەك، قانداق؟

شاڭگاۋ تاشقىرىقى ئۆيگە كىرىپ بوپىدى جوزىغا قويدى، كەينىدىن چۇنتاۋمۇ ئۆيگە كىردى. ئۇ:

— بولمايدۇ، ئۆيگە ئادەم كەلدى، — دېگىنىچە ئىچكىركى ئۆينىڭ مىلەڭزىسىنى قايرىپ قېنى كىرىڭ، دېگەندەك شاڭگاۋغا قاراپ بېشىنى ئىشىتتى.

ئىچكىركى ئۆيگە شاڭگاۋ ئالدىدا، چۇنتاۋ كەينىدە كىردى.

— بۇ مېنىڭ ئېرىم، — دەپ چۇنتاۋ شاڭگاۋغا لى ماۋنى، — بۇ مېنىڭ شېرىكىم، — دەپ لى ماۋغا شاڭ-

گاۋنى تـونۇشتۇردى.
ئىككى ئەرنىڭ كۆزلىرى بىر - بىردىگە ئـۇچراشتى. ھەر ئىككىلىسى گەپ قىلمىدى. دېرىزىدىگە قـونغان ئىككى تال چىۋىندىنمۇ سادا چىقمايتتى. ئاردىنى بىر پەس جىمـ لىق باستى. ئىسمىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، قائىدە بويىچە:
— ئىسمىڭىز نېمە؟— دەپ سورىدى شاڭگاۋ لى ماۋدىن. ئاردا پاراڭ باشلاندى.
— مەن چىقىپ ئازراق يەيدىغان نەرسە ئەكىرەي،— دېدى چۇنتاۋ شاڭگاۋغا قاراپ،— سىزمۇ بىر نەرسە يېمـ گەنسىز؟ قوتۇرماچ ئەكىرەيمۇ؟
— مـەن تاماق يېدىم، سىز ئـۆيدە قېلىڭ، مـەن چىقاي.
چۇنتاۋ شاڭگاۋنى ئىتتىرىپ كاڭغا ئولتۇرغۇزۇپ:
— سىز مېھمان بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇڭ،— دېدىـ دە، شاڭگاۋغا قاراپ كۈلۈپ، ئۆزى چىقىپ كەتتى.
ئۆيدە ئىككى ئەر يالغۇز قالدى. بۇنداق ئـەھۋالدا ئادەم بىر كۆرۈشۈپلا يا بىر - بىرى بىلەن كونا تونۇشـ لاردەك بولۇپ كېتىدۇ ياكى ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش يۈز بېرىدۇ. ھېلىمۇ يـاخشى، ئـۇلار كـونا تونۇشلاردەك پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. لى ماۋنىڭ پۇتى يوق، ئولتۇرۇشالـ مايدۇ، دەپ كەتمەيلى، شاڭگاۋنىڭ تـۆت - بـەش يىل قەلەم تۇتقان ئادەم ئىكـەنلىكىنىمۇ ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويمايلى، لى ماۋ مۇشۇ بەستى بىلەن شـاڭگاۋنى ئاستىغا باستۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەلەيدۇ. قورال بولسا، تېخىمۇ ئاسان. بارمىقىنى مىدىرلىتىپ تەپكىنى بـاسسىلا، شاڭگاۋ ئۆزىنى ئۇ ئالەمدە كۆرىدۇ. لى ماۋ شاڭگاۋغا چۇنتاۋنىڭ دادىسـ

نىڭ يۈز مو يېرى بار پومېشچىك ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى. لى ماۋنىڭ دادىسى ئەسلىدە شۇلارنىڭ ئۆيىدە چاكارلىق ۋە ئېشەكچىلىك قىلىدىكەن. لى ماۋ ئاتقان ئوقى زايە كەتمەيدىغان مەرگەن بولغاچقا، چۇنتاۋنىڭ دادىسى ئۇنىڭ ئەسكەر بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، قىزىنى بېرىپ، جاڭزىدىكىلەرنى ھىمايە قىلىش ئىشىنى لى ماۋغا تاپشۇرىدىكەن. چۇنتاۋ بۇ گەپلەرنى شاڭگاۋغا دەپ بەرمىگەنىدى. شاڭگاۋ بايا چۇنتاۋغا دېگەن گەپلىرىنى يەنە بىرەر قۇر سۆزلەپ كېلىپ، ئاستا - ئاستا ھەر ئىككىلىسىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە تاقىلىدىغان مەسىلىگە كۆچتى.

— ئەر - خوتۇن ئىككىڭلار جەم بولدۇڭلار، مەن ئەلۋەتتە كېتىشىم كېرەك، — شاڭگاۋ بۇ گەپنى نارازى كەيپىياتتا دېدى.

— ياق، مەن ئۇنى ئۇزۇن يىل تاشلىۋەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېيىپ بولۇپ قالدىم. ئۆزۈمنىڭ ھاجىتىمدىن چىقالمىسام، ئۇنى قانداق باقىمەن؟ نەچچە يىل بىرگە تۇرۇپ ئايرىلىپ كەتسەڭلار قانداق بولىدۇ؟ مەن مېيىپلار ساناتورىيىسىگە كېتىمەن. مۇشۇ يەردە ساناتورىيە بار، دەپ ئاڭلىدىم. بىرەرى كېپىل بولسا ئالىدىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ شاڭگاۋ ھەيران بولدى. ئەسكەرلىكتە تۇرغان لى ماۋنىڭ بۇنچىلىك ھەرىكىتىنى ئۇ ئويلاپ باقمىغانىدى. شاڭگاۋ كۆڭلىدە خۇش بولسىمۇ، ئەمما ئاغزىدا «ياق» دەيتتى. بۇسپايىگەرچىلىك، بۇنى ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ.

— بۇنداق داۋلى ھېچ يەردە يوق، — دېدى شاڭگاۋ، — مەن خەقنىڭ خوتۇنىنى تارتىۋاپتۇ، دېگەن ئاتاقنى ئېلىش-

نى خالىمايمەن. خوتۇنىڭىزنىڭ باشقا بىرسى بىلەن بىللە تۇرۇشىغا سىزمۇ رازى بولمايسىز.

— مەن ئۇنى تالاق قىلىۋېتىمەن ياكى سىزگە تولۇمدىن تىلخەت بېرىمەن. قايسىنى توغرا تاپسىڭىز، شۇنى قىلىمەن،— دېدى لى ماۋ سەممىيەت بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

— تالاق؟ ئۇ ھېچقانداق گۇناھ قىلمىدى، تالاق قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ يۈزىنى تۆكمەك. ساتىمەن؟ مېنىڭدە پۇل نېمە قىلسۇن؟ پۇللىرىمنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ تۇرسا.

— پۇل ئالمايمەن.

— ئەمىسە نېمە ئالىسىز؟

— ھېچنېمە ئالمايمەن.

— تىلخەت يېزىشىڭىزنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟

— ئېغىزدىكى گەپ ئاساس بولالمايدۇ، كېيىن پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. گەپ يۈزدە ياخشى، ئۇسسۇل تۈزدە.

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە جۇنتاۋ ئۆيگە قوتۇرماچ كۆتۈرۈپ كىردى. ئىككىسىنىڭ ناھايىتى قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ جۇنتاۋنىڭ دىلى سۆيۈنۈپ كەتتى.

— يېقىندىن بۇيان يەنە بىرەر ياردەمچى بولغان بولسا، دەپ پاتلا - پاتلا ئويلايتتىم، بىلگەندەك لى ماۋ كەلدى. ئۇ ماڭالمايدۇ. لېكىن ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشقا، قەغەزلەرنى رەتلەشكە يارايدۇ. سىز سىرتقا چىقىپ سودا قىلىڭ. مەن يەنىلا قەغەز تىرىمەن. ئۈچىمىز بىرلىشىپ شىركەت قۇرىمىز،— جۇنتاۋنىڭ باشقىچە پىلانى بار ئىدى.

لى ماۋ، ئېلىڭلار، بېقىڭلار دېمەستىن خۇددى ئىچىرقاپ كەتكەن ئادەمدەك قوتۇرماچنى ئاغزىغا تىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا گەپ قىلىشقا ھەپسىلىسى يوق ئىدى.

— ئىككى ئەر، بىر ئايال، شىركەت قۇرامدۇق؟ دەسمايىنى سىز چىقىرىسىز؟ — دېدى شاڭگاۋ ئورۇنسىز گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ.

— قوشۇلامسىز؟ — چۇنتاۋ ئۇنىڭدىن سورىدى.

— ياق، ياق، مېنىڭ ھېچقانداق پىكرىم يوق، — شاڭگاۋ كۆڭلىدە باشقا گېپى بولسىمۇ، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرالمىدى.

— مەن نېمە قىلالايمەن؟ ئەتىدىن كەچكىچە ئۆيدە ئولتۇرۇپ سىلەرگە نېمە قىلىپ بېرىمەن؟ — دېدى لى ماۋمۇ ئىككى خىيال بولۇپ، لى ماۋ شاڭگاۋنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندى.

— ئالدىراپ كەتمەڭلار. مېنىڭ كۆڭلۈمدە سان بار.

شاڭگاۋ بۇ گەپنى ئاڭلاپ تىلىنى چىقىرىپ لېۋىنى يالاپ قويدى، كەينىدىن تۈكۈرۈكىنى يۇتۇۋەتتى. لى ماۋ تېخىچە قورساق تويغۇزۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ چۇنتاۋنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇراتتى.

كېرەكسىز قەغەزلەرنى تېرىش ئاياللارغا خاس ئىش بولسا كېرەك. چۇنتاۋ كۆڭلىدە لى ماۋنى ئۆيدە قالدۇرۇپ ئەسكى ماركا ۋە تاماكا قېپىدىكى كىچىك رەسىملەرنى پارلاشقا سالماقچى بولدى. قول بىلەن كۆز ساقلا بولسا، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولاتتى. چۇنتاۋ ھېسابلاپ باقتى. ناۋادا كېرەكسىز قەغەزلەرنىڭ ئىچىدىن ھەر كۈنى بىر يۈز ئون نەچچە پارچە كىچىك رەسىم پارلىسا،

لى ماۋنىڭ بىر ئايلىق تاماق پۇلى چىقاتتى. ياخشى ھەم ئاز ئۇچرايدىغان ماركىلاردىن ھەر كۈنى ئىككى - ئۈچنى پارلىسىمۇ مەيلى. بۇ شەھەردە بىر كۈندە بىر تۈمەن قاپ چەت ئەل ماركىسى سېتىلىدۇ. شۇنىڭ يۈزىدىن بىر قىسـ مىنى تېرىپ كېلىش چۈنتاۋ ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس. شاڭگاۋ مەشھۇر زاتلارنىڭ مەكتۇپلىرىنى ياكى جىغراق پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەرنى پارلىيالايدۇ. ئۇنىڭ ھازىر كۆزى پىشىپ قالدى، ئەمدى ئۆگەتمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنتاۋ ئۆزىنىڭ ئاشۇ جاپالىق ئىشىنى قىلىۋېرىدۇ. يامغۇر ياغسا ئامال يوق، بولمىسا، مەيلى بوران چىقسۇن ياكى ھاۋا تونۇردەك قىزىپ كەتسۇن، ئوخشاشلا قەغەز تەرگىلى چىقىـ دۇ. ھاۋا ئوسال كۈنلىرى تېخىمۇ شۇنداق. چۈنكى ئۇنـ داق كۈنلەردە قەغەز تېرىدىغانلارنىڭ بەزىلىرى چىقمايدۇ.

چۈنتاۋ دېرىزىدىن كۈنگە قاراپ سائەت تېخى ئىككى بولمىغانلىقىنى پەملەپ، تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ ئەسكى چىغ قالپىقىنى كىيدى ۋە ئىچكىرىكى ئۆيگە بېشىنى تىقىپ، شاڭگاۋغا:

— ئوردىدىن كېرەكسىز قەغەزلەرنى ئاچىقتىمۇ، يوق، بېرىپ قاراپ باقاي، سىز ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇڭ، كەچتە كەلگەندە مەسلىھەتلىشەرمىز، — دېدى.

كۈنلەر جىمجىت ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئىككى ئەر بىلەن بىر ئايال كاڭدا ياتسا بەكمۇ بىئەپ بولىدىكەن. كۆپ ئەرلىك تۈزۈمنى يەنىلا كەڭ يولغا قويۇش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. چۈنكى ئادەتتىكى كىشىلەر ئىپتىدائىي ھالەتتىكى ئەرلىك ھوقۇق بىلەن ئاتىلىق ھوقۇقىنىڭ ئاسا- رىتىدىن قۇتۇلالمايدىكەن. قائىدە - يوسۇن ۋە ئەخلاق

قارىشى مۇشۇنىڭدىن پەيدا بولىدىكەن. توغرىسىنى ئېيتقانـ
دا، باشقىلارغا تايىنىدىغان، باشقىلارنى تالان - تاراج
قىلىدىغانلار «ئاتالمىش» قائىدە - يوسۇنلارغا ئەمەل
قىلىدىكەن، چۈنتاۋغا ئوخشاش ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ
ياشايدىغانلار بۇنداق قائىدە - يوسۇنلارغا ئانچە ئېتىبار
قىلىپ كەتمەيدىكەن. ئۇ بىرسىنىڭ خوتۇنى ياكى خېنىمى
ئەمەس. ئۇ تانسا ئوينىغىلى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىـ
نىڭ بىناسىغا بارمايدۇ. تەنتەنىلىك مۇراسىملاردا رىياسەتـ
چى بولىدىغان پۇرسەت ئۇنىڭغا نېسىپ بولمايدۇ. ئۇنىڭ
قىلىۋاتقان ئىشىنى تەنقىدلەيدىغان، سۈرۈشتە قىلىدىغان
ئادەم يوق. بولغان تەقدىردىمۇ چۈنتاۋ بۇنىڭ دەردىنى تارتمىدى.
چۈنتاۋنى ساقچىلارلا نازارەت قىلىدۇ. ساقچىلارغا تاقابىل
تۇرماق ئاسان. ئىككى ئەرگىچۇ؟ شاڭگاۋ ئاز - تولا
ئوقۇغان، ئۆلىمالارنىڭ تەلىماتىدىن ھەر ھالدا خەۋەردار.
نام ۋە ئاتاق قارىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇمۇ چۈنتاۋغا
ئوخشاش. بىللە تۇرغاندىن تارتىپ ئۇ چۈنتاۋغا يۆلىنىپ
تىرىكچىلىك قىلىپ كەلدى ھەم چۈنتاۋنىڭ سىزغان سىـ
زىقىدىن چىقمىدى. چۈنتاۋ ئۇنىڭغا تارلىق قىلماسلىقنى
تەۋسىيە قىلىۋېدى، ئۇ تارلىق قىلىشنى كۆڭلىدىن پۈتۈنـ
لەي چىقىرىۋەتتى. لى ماۋچۇ؟ ئۇ چۈنتاۋ بىلەن شاڭگاۋـ
نىڭ ئۇنى ئۆيىدە تۇرغۇزغىنىغا، تۇغقان قاتارىدا مۇئاـ
مىلە قىلغىنىغا خۇش بولسا بولىدۇ. ئەسكەرلىكتە تۇرۇپ
خوتۇنىدىن ئايرىلىپ كېتىدىغان ئىشلار سامانىدەك. شۇنـ
داقتىمۇ لى ماۋ يۈزى تۆكۈلۈپ كېتىشتىن قورقىدۇ.

شاڭگاۋ تارلىق قىلمىسىمۇ، لى ماۋ ئىككىسىنىڭ
ئوتتۇرىسىدا باشقا پاراكەندىچىلىكلەر پات - پات يۈز

بېرىپ تۇراتتى.

يازنىڭ ئىسسىقى تېخى يانمىدى. چۈنتاۋ بىلەن شاڭگاۋ تاڭشەنگە ياكى بېيدەيخېگە بارىدىغان ئىمكانىيەتتىن مەھرۇم ئىدى. ئۇلار ھەر كۈنى سىرتقا چىقىپ قورساقنىڭ غېمىنى قىلمىسا بولمايتتى. لى ماۋ ئۆيدە قالاتتى. ئۇ ئىشقا يېڭى كىرىشكەچكە، ئېيتاڭ ياكى تيەنىنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان قەغەزلەر قايىسى، ئېپقالىدىغانلىرى قايىسى، بۇلارنى يەنىلا شاڭگاۋ كېلىپ ئايرىپ بېرەتتى

چۈنتاۋ قايتىپ كەلگەندە يۈيۈنىدىغان سۇنى شاڭگاۋ تەييارلايتتى. چۈنتاۋ بىر كۈنى ناھايىتى كەچ كەلدى. تاشقىرىقى ئۆيدىلا بۇرنىغا ئىسرىقدانىنىڭ ھىدى پۇرىدى. ئۇ باراڭنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان شاڭگاۋغا:

— ئىسرىقدانىنى بولۇشىغا يېقىپ، ئۆيگە ئوت قويۇپ بېرىسلەر جۇمۇ!— دەپ ۋارقىرىدى.

شاڭگاۋ جاۋاب بەرگۈچە، لى ماۋ:

— بۇ پاشىلارنى ئۆلتۈرىدىغان ئەمەس، بەدبوي پۇراقلارنى يوقىتىدىغان ئىسرىق، شاڭگاۋغا دەپ، مەن ياقتۇردۇم. بۈگۈن كېچە تالادا ياتايمىكىن، ئۆي بەك ئىسسىق، بىر كاڭدا ئۈچ ئادەم ياتسا، ئوبدان ئۇخلىغىلى بولمايدىكەن،— دەپ جاۋاب بەردى.

— ۋوي، جوزىدىكى ماۋۇ يەنە كىمنىڭ توي خېتى؟— دەپ چۈنتاۋ توي خېتىنى قولىغا ئالدى.

— بۈگۈن ئىككىمىز شۇ مەسىلىھەتكە كەلدۇق. سىز شاڭگاۋنىڭ ئەمرىگە ئۆتتىڭىز. ئۇ مېنىڭ شاڭگاۋغا يېزىپ بەرگەن تىلخېتىم،— دېگەن ئاۋاز ئىچكىرىكى ئۆيدىكى

كاك تەرەپتىن چىقتى.
— ھە، سىلەر تېخى ئۆزۈڭلارچە مېنىڭ غېمىمنى يەپ كېتىپسىلەر - دە! مەن ھەرگىز سىلەرنىڭ رايىڭلارغا باقمايمەن، — چۈنتاۋ تۇي خېتىنى كۆتۈرۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرگەن پېتى،— بۇ مەسلىھەتنى سەن كۆرسەتتىڭ- مۇ ياكى ئۇ؟— دەپ لى ماۋدىن سورىدى.
— ئىككىمىزنىڭ مەسلىھەتى. بولمىسا ماڭمۇ ئۇنىڭ- غىمۇ تەس.
— يەنىلا شۇ گەپكەندە، ئىككىڭلاردىن قايسىڭلار بولسۇن، مەن بىلەن ئەر - خوتۇن بولىدىغان ئىشنى ئويلىماڭلار بولامدۇ؟
چۈنتاۋ زەردى بىلەن تۇي خېتىنى يىرتىپ ئۇششاق قىلىۋەتتى.
— مېنى نەچچىگە ساتتىڭ؟
— سىزگە بەخت تىلەپ ئۇن نەچچە كوي يېزىپ قويدۇم، خوتۇننى خەققە بىكارغا بېرىۋەتسە، ئۇيات بولىدىكەن.
— خوتۇنۇڭنى ساتساڭ ئۇيات بولمامدىكەن؟— چۈنتاۋ شاڭگاۋنىڭ ئالدىغا بېرىپ دېدى،— سىز پېتىلىنىپ قالدىڭىز، ھازىر خوتۇن ئالالايسىز. يەنە ئازراق پېتىلىنىپ قالسىڭىز...
— بۇنداق دېمەك، بۇنداق دېمەك،— دېدى شاڭگاۋ چۈنتاۋنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ،— چۈنتاۋ، سىز ئۇقمايسىز. ئىككى كۈندىن بۇيان كەسىپداشلىرىم مېنى مازاق قىلىپ...
— نېمىدەپ مازاق قىلدى؟
— مېنى مازاق قىلىپ...— شاڭگاۋ دېيىشكە پېتى-

نالمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مۇستەقىل قارىشى يوق ئىدى. چۈنتاۋ نېمە قىل دېسە، شۇنى قىلاتتى. بۇنىڭ قانداق كۆچ ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، چۈنتاۋ يوق يەردە ئۇ، مۇنداق قىلسا، مەن دېگەن بويىچە بولسا، دەپ ئويلىغىنى بىلەن، چۈنتاۋنى كۆرگەن ھامان خۇددى خانىش سىشىنى كۆرگەندەك، ھەممە ئىشتا چۈنتاۋنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايتتى.

— ھىم، خەت - ساۋاتىڭىز بار تۇرۇپ، خەقلەرنىڭ تىللىشىدىن، مازاق قىلىشىدىن قورققىنىڭىز قىزىق.

قەدىمدىن تارتىپ خەلقنى ھەقىقىي ئىدارە قىلىپ كېلىۋاتقان نەرسە - ئەۋلىيالارنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرى ئەمەس، بەلكى قامچا بىلەن تىل - ھاقارەت ئوخشايدۇ. قائىدە - يوسۇن ئۇرۇش - تىللاش ئارقىلىق ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئىشتا چۈنتاۋ «ئۇرسا سەنمۇ ئۇر، تىللىسا سەنمۇ تىللا» دېگەندەك پوزىتسىيىدە ئىدى. ئۇ ئاجىز ئەمەس، خەقنى بوزەك قىلمايدۇ، خەققىمۇ بوزەك بولمايدۇ. ئۇنىڭ شاڭگاۋغا تەنبىھ بېرىپ دېگەن گەپلىرىدىن بۇنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

— خەق سىزنى مازاق قىلسا، نېمىشقا ئەدەبلەپ قويمايسىز؟ نېمىدىن قورقىسىز؟ بىزنىڭ ئىشىمىزغا ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ.

شاڭگاۋ گەپ قىلالمىدى.

— بۇ گەپلەرنى ئىككىنچى تىلغا ئالماڭ. ئۇچىمىز مۇشۇنداق ئۆتسەك، ياخشى ئەمەسمۇ؟

ئۆيدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. تاماقتىن كېيىن شاڭگاۋ بىلەن چۈنتاۋ ئىككىسى بۇرۇنقىدەك باراڭ ئاستىدا

ئولتۇردى. بۇگۈن ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىمۇ قولاشمايتتى، تىجارەت توغرۇلۇق گەپ - سۆزمۇ بولۇنمىدى.

لى ماۋ چۇنتاۋنى ئۆيگە چاقىرىپ، شاگىراۋغا تېگىش توغرۇلۇق نەسىھەت قىلىپ، ئەرلەرنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشى كېرەكلىكىنى، ھېچكىمنىڭ يۇمشاقباش بولغۇسى كەلمەيدىغانلىقىنى، باشقىلارنىڭ خوتۇننى تارتىۋېلىشىنىڭ شەرمەندە ئىش ئىكەنلىكىنى دېدى. ئۇ يانچۇقىدىن ئۆكۈپ كەتكەن توي خېتىنى ئېلىپ چۇنتاۋغا بەردى ۋە:

— بۇ بىزنىڭ توي خېتىمىز. ھېلىقى ئاخشىمى قاچقان چاغدا بۇت تەكچىسىدىن ئېلىپ قوينۇمغا سېلىۋالغانىدىم. ساڭا بېرىۋېتەي. بىز ئەمدى ئەر - خوتۇن ئەمەس، — دېدى.

چۇنتاۋ توي خېتىنى قولىغا ئېلىپ گەپ قىلماستىن ئەسكى بورىغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز بۇ مېيىپ ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ:

— لى ماۋ، مەن بۇنى ئالمايمەن، سېنىڭ يېنىڭدا تۇرسۇن. مەن يەنىلا سېنىڭ خوتۇنۇڭ. بىر كېچە ئەر-خوتۇن بولسا، يۈز كۈنگىچە مېھرى ئۈزۈلمەيدۇ. مەن بۇنداق ئىپلاس ئىشنى قىلمايمەن. سېنىڭ ماڭالمايدىغانلىقىڭنى، ئىش قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇپ ۋاپاسىزلىق قىلسام، قارا يۈز بولۇپ كەتمەمدىمەن؟— دەپ توي خېتىنى كاڭغا تاشلاپ قويدى.

لى ماۋ چۇنتاۋنىڭ گېپىدىن قاتتىق تەسىرلەندى ۋە پەس ئاۋازدا:

— قارىسام، سەن ئۇنى قەۋەتلا ياقتۇرۇپ قاپسەن. يەنىلا شۇنىڭ بىلەن ئۆتكىنىڭ ياخشى. قولۇڭلارغا ئاز -

تولا پۇل كىرسە، مېنى يۇرتقا ئەۋەتىۋېتەرسىلەر ياكى مېيىپلار ساناتورىيىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويارسىلەر.

— ساڭا ئوچۇقىنى دەي، — دېدى چۇنتاۋ ئاۋازىنى تېخىمۇ پەسەيتىپ، — بىزنىڭ ئەر - خوتۇندەك ئۆتۈپ كېلىۋاتقىنىمىزغا بىر نەچچە يىل بولدى. ئىشلىرىمىز كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشۈپ روناق تېپىۋاتىمىز. ئۇ كېتىپ قالسا، مەن چىدىمايمەن. شاڭگاۋنىڭ قانداق پىلانلىرى بار، چاقىرىپ بىللە مەسلىھەتلىشەيلى.

— شاڭگاۋ، شاڭگاۋ، — دەپ توۋلىدى لى ماۋ دېرىزىدىن. لېكىن جاۋاب چىقمىدى. چۇنتاۋ ھويلىغا چىقىپ قارىسا، شاڭگاۋ كۆرۈنمەيتتى. بۇ شاڭگاۋنىڭ كەچتە تۈنجى قېتىم سىرتقا چىقىشى ئىدى. چۇنتاۋ بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ:

— ئۇنى تېپىپ كېلەي، — دەپ توۋلىغان پېتى چىقىپ كەتتى.

چۇنتاۋ شاڭگاۋنىڭ باشقا يەرگە بارالمايدىغانلىقىنى پەملىدى. ئۇ كوچىنىڭ ئاغزىدىكى لاۋۋۇدىن سورۇشتە قىلدى. لاۋۋۇ ئۇنىڭغا شاڭگاۋنىڭ كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە قاراپ ماڭغانلىقىنى دېدى. چۇنتاۋ شاڭگاۋ ھەر كۈنى بېرىپ سودا قىلىدىغان يەرگە باردى. ئۇ يەردىمۇ يوق ئىدى. ھازىر ئادەملەر ناھايىتى ئاسان يوقاپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. كۆزىدىن سەل نېرى بولۇپ كەتكەن ئادەمنى چەكسىز قاراڭغۇلۇق يۇتۇپ كېتەتتى. چۇنتاۋ كېچە سائەت بىر بولاي دېگەندە سولاشقان پېتى يېنىپ كەلدى. چىراغ ئۆچۈك ئىدى.

— ئوخلاپ قالدىڭىزمۇ؟ شاڭگاۋ تېخىچە كەلمىدىمۇ؟ —

چۇنتاۋ شۇنداق دېگىنىچە، ئۆيگە كىرىپ چىراغنى ياقتى-دە، كاڭغا قاراپ، لى ماۋنىڭ ئۆزىنى ئېسىۋالغانلىقىنى كۆردى. بوينىدىكىسى ئۆزىنىڭ تاسمىسى ئىدى. چۇنتاۋنى شۇئان سۇر بېسىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ دەرھال كاڭغا چىقىپ لى ماۋنى ئېسىلىۋالغان يېرىدىن ئېلىپ ياتقۇزدى. ھېلىمۇ چۇنتاۋ ۋاقتىدا كەلگەنىدى. ئۇ قولۇم-قوشنىلىرىنى چاقىرماي، ئاستا ئۇۋۇلاپ يۈرۈپ لى ماۋنى ھوشىغا كەلتۈردى.

باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىۋېتىش مەردلەرگىلا خاس روھ. ناۋادا لى ماۋنىڭ ئىككى پۇتى ساق بولسا، ھەرگىز بۇ يولنى تاللىمىغان بولاتتى. ئۇ ئىككى-ئۈچ كۈندىن بېرى ئۆلتۈرسا - قوپسا ئۆزىدە ھېچقانداق ئۈمىد يوقلۇقىنى ھېس قىلىدىغان، چۇنتاۋنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ياخشىسى ئۆلۈۋېلىش كېرەكلىكىنى ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. چۇنتاۋنىڭ ئۇنىڭغا مۇھەببىتى بولمىغان بىلەن، لېكىن مېھرى بار ئىدى. چۇنتاۋ لى ماۋغا جىق سۆزلەپ تاڭ ئاتقۇچە تەسەللى بەردى. لى ماۋ ئۇخلاپ قالدى. چۇنتاۋ كاڭدىن چۈشۈپ پۈتۈنلەي كۆيۈپ بولالمىغان قىزىل قەغەزنى كۆردى. بۇ لى ماۋ بەرگەن ھېلىقى توي خېتى ئىدى. چۇنتاۋ توي خېتىگە قارىغىنىچە خىيالغا كەتتى.

چۇنتاۋ شۇ كۈنى سىرتقا چىقمىدى. كەچتە لى ماۋغا ھەمراھ بولۇپ كاڭدا ئولتۇردى.

— نېمىگە يىغلايسەن؟ — دەپ سورىدى چۇنتاۋ لى ماۋنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ئىسسىق ياشنى كۆرۈپ.

— مەن ساڭا يۈز كېلـەلمەيمەن. نېمە قىلغىلىمۇ كەلگەندىمەن؟

— سېنىڭ كەلگىنىڭدىن ھېچكىم رەنجىمەيدۇ.

— شاڭگاۋ كەتتى، مېنىڭ بولسا ئىككى پۇتۇم يوق...

— سەن بۇنداق ئويلاردا بولما، مېنىڭچە ئۇ كېلىدۇ. چوقۇم كېلىدۇ.

چۈنتاۋ ئـەتىسىمۇ سىرتقا چىقمىدى. چۈنتاۋ سـەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، بـاراڭدىكى تـەرخەمەكتىن ئىككى تال ئۈزۈپ كىرىپ سەي قىلدى، ئـالدىراپ - تېنەپ، يوغان قوتۇرماچتىن بىرنى پىشۇرۇپ ئەكىردى. ئىككىسى ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىشتى.

چۈنتاۋ ئاۋۋالقىدەك، ئەسكى چىغ قـالپىقىنى كىيىپ، سېۋەتنى ئۆشىنىسگە ئارتتى.

— بۈگۈن كەيپىڭ تـازا جايىدا ئـەمەس، بـولدى چىقما! — دەپ توۋلىدى لى ماۋ چۈنتاۋغا ئىچكىرىكى ئۆيـدە ئولتۇرۇپ.

— ئۆيدە ئـولتۇرسام، ئىچىم تىتىلداپ كېتىدىكەن.

ئۇ ئاستا مېڭىپ ھويلىدىن چىقتى. ئۇ ئىشلەپ ئۆگـىنىپ قالغان، كۆڭلى غـەش بـولسىمۇ، يەنىلا ئىشلەيدۇ. جۇڭگو ئاياللىرى تۇرمۇشقىلا ئېتىبار بېرىپ، مـۇھەببەتكە ئېتىبار بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ. تـۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتىغا دىققەت قىلغىنى بىلەن مۇھەببەتنىڭ تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ بۇرۇختۇم كۆڭۈللىرىنى داۋالغۇتۇۋېتىدىكەن. تەبىئىيكى مۇـھەببەت — تۇيغۇ، تـۇرمۇش بولسا مـاھىيەتلىك نـەرسە. ئەتىدىـن كەچكىچە كىمخاب چېدىردا يېتىپ ياكى خىلـۋەت ئـورمانلىقتا سـۆزلىنىدىـغان مـۇھەببەت داۋلىلىرىمۇ

بىلىم سۆيىتىدە «خانىش» ياكى «پىرىزدېنت» ئاملىق پاراخوتتا توشۇپ كېلىنگەن. چۈنتاۋ ئىشقى - مۇھەببەت ئېقىمىغا ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنلەرگىمۇ، ئاللىقاندان ئەجنەبىي سۆپەتلەرگىمۇ مەنسۇپ ئەمەس، مۇھەببەت - پۇھەببەت دېگەنلەر ئۇنىڭغا يات، ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلى چۈشىنىكسىز ئويلار بىلەن غەش.

بىر - بىرىگە ئۇتىشىپ كەتكەن ئۇزۇن كوچىلار. بۇ دەردمەن ئايال توپا - چاڭغا تولغان، كۆز يەتمەيدى-دىغان ئۇزۇن كوچىلارنى ئارىلاپ يۈرمەكتە. بەزىدە، كېرەكسىز قەغەزگە سەرەڭگە تېگىشىمەن، دەپ ۋارقىراپ قويىدۇ. بەزىدە يول بويىدا دۆۋىلىنىپ تۇرغان ئىگىسىز كونا گېزىتلەرنى تەرمەيدۇ، بەزىدە ئىككى تال سەرەڭگە بېرىشىنىڭ ئورنىغا، بەش تال سەرەڭگە بېرىۋېتىدۇ. ئۇ بىر كۈننى گاراڭ ھالدا ئۆتكۈزۈپ، ئاسماندا تىنىمسىز قاقىل-دىشىپ ئۇچۇپ، بۇلاپ يەپ جان ساقلاپ كېلىۋاتقان قار-غىلارغا ئەگىشىپ ئاستا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. قارىسا دەرۋازىدا يېڭى چاپلانغان نوپۇس تىزىملىكى تۇراتتى. تىزىملىككە، ئائىلە باشلىقى ليۇشاڭگاۋنىڭ ئايالى — ليۇ چۈنتاۋ، دەپ يېزىلغانىدى. بۇنى كۆرۈپ چۈنتاۋنىڭ تېخىمۇ سەپراسى ئۆرلىدى.

چۈنتاۋ ھويلىغا كىرىشىگە ئالدىغا شاڭگاۋ چىقتى. چۈنتاۋ چەكچەيگىنىچە:

— قايتىپ كەلدىڭىز...— دەپلا يىغلىۋەتتى.

— مەن سىزدىن ئايرىلالمىغۇدەكمەن. مەن ياشاش يولىنى سىزنىڭ ياردىمىڭىز ئارقىلىق تاپقان. مېنىڭ يار-دىمىمگە موھتاج ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن. سىزگە ۋاپاسىز-

لىق قىلسام بولمايدۇ.
شاڭگاۋ ئىككى كۈندىن بۇيان نەگە بېرىشنى بىلمەي كوچىدا يۈردى. يول ماڭسا پۇتىغا ئېغىر تۆمۈر زەنجىر چېتىلغاندەك، زەنجىرنىڭ بىر ئۇچىنى چۇنتاۋ تۇتۇپ تۇرغاندەك ھېس قىلاتتى. نەگىلا بارسا «يەنىلا ئۇ ياخشى» دېگەن ئېلانلار كۆزىگە چېلىقىپ كۆڭلىنى تولىمۇ پاراكەندە قىلىۋەتكەنىدى. ھەتتا ئۇ قورسىقىنىڭ ئاچقىنىنىمۇ بىلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.
— شاڭگاۋ ئىككىمىز كېلىشتۇق، ئۇ ئائىلە باشلىقى، مەن سىلەر بىلەن بىرگە تۇرىمەن.
شاڭگاۋ ئادىتى بويىچە چۇنتاۋنىڭ ئۆشنىسىدىن سېۋەتنى ئالدى. چۇنتاۋنىڭ يۈزىدىكى ياشلارنى ئېرتتى.
— ناۋادا سەھراغا كەتسەك، ئۇ ئائىلە باشلىقى بولىدۇ. مەن سىلەر بىلەن بىللە تۇرىمەن. سىز بىزنىڭ خوتۇنىمىز، — دېدى ئۇ.
چۇنتاۋ گەپ قىلماستىن ئۆيگە كىرىپ كىيىملىرىنى سالدى - دە، كۈندىكىدەك يۇيۇندى.
باراڭنىڭ ئاستىدا تىجارەت پارىڭى يەنە باشلاندى. ئۇلار ئوردىدىن چىققان ھېلىقى قەغەزلەرنى سېتىۋەتكەندىن كېيىن، شاڭگاۋنىڭ بازاردا يايمىچىلىق قىلىشى ياكى چوڭراق بىر ئېغىز ئۆي تاپسا بىر يەردىن كۆچۈپ كېتىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى.
ئۆينى قارا چىراغ غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. باراڭدىن ئۇچۇپ كىرگەن قارا چېكەتكە چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى. لى ماۋ ئالىقاچان ئۇخلاپ كەتكەنىدى.
— بىزمۇ ياتايلى، — دېدى چۇنتاۋ.

— سىز يېتىۋېرىڭ، مەن سەل تۇرۇپ پۇتلىرىڭىزنى ئۇۋۇلاپ قويىمەن.

— كېرىكى يوق. بۈگۈن جىق يول ماڭمىدىم. ئەتىگەنرەك تۇرۇڭ. ئەتىكى سودىنى ئۇنتۇپ قالماڭ. بىر نەچچە كۈن بولدى، سودا قىلمىدۇق.

— بايا سىزگە كۆرسىتىمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئۆيگە كەلسەم، سىز يوق. ئالايىتەن تيەنچاۋغا بېرىپ، سىزگە يېڭى چىغ قالپاق ئەكەلدىم، قارىڭا! — شاڭگاۋ قاراڭغۇدا چىغ قالپاقنى ئېلىپ چوڭتاۋغا بەرمەكچى بولدى.

— قاراڭغۇدا قانداق كۆرىمەن، ئەتە كەيسەملا بولمامدىمۇ؟

هويلا جىمجىت ئىدى. هاۋادىن گۈپۈلدەپ تۈن لەيلىسىنىڭ پۇرىقىلا كېلەتتى. ئۆيدىن ئەرنىڭ: «خوتۇن» دېگەن گېپىگە ئايالنىڭ: «ئاڭلىغۇم يوق، مەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز ئەمەس» دېگەن جاۋابىنى غۇۋا ئاڭلىغىلى بولاتتى.

# تۇيۇق يول

## گومورو

### ياسىن سېيىت تەرجىمىسى

گومورو (1892 — 1978) ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق مەدەنىيەت جەڭچىسى، ئۇ سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ لېشەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، 1914 - يىلى ياپونىيىگە ئوقۇشقا بارغان، دوختۇرلۇق كەسپىدە ئوقۇۋېتىپ ئەدەبىياتقا قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان، «4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. گومورونىڭ تۇنجى ئەسىرى «ئايال ئىلاھ» (1921 - يىل) جاھانگىرلىككە ھەم فېئوداليزىمغا قارشى كۈچلۈك ئىنقىلابىي روھقا ۋە روشەن رومانتىزملىق ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئېلىمىز ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. شۇنداقلا غايەت زور تەسىر قوزغىغان شېئىرلار توپلىمى. گومورونىڭ بۇ شېئىرلار توپلىمى مەزمۇنىنىڭ ھەم شەكلىنىڭ يېڭىلىقى بىلەن جۇڭگو ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدە يېڭى سەھىپە ئاچتى. گومورو 1921 - يىلى يۇي دافۇ، چېڭ فاڭۋۇ قاتارلىقلار بىلەن بىللە ياپونىيىدە

ئىجادىيەت جەمئىيىتى قۇرۇپ، ئەدەبىياتتا ئۆزىنىڭ «روھىي دۇنياسى» نى ئىپادىلەشكە سادىق بولۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇ «30 – ماي» ھەرىكىتىنىڭ ئالدى – كەينىدە ماركسىزمنى بىر قەدەر سىستېمىلىق ئىگىلەپ، سىياسىي جەھەتتە ئىنقىلابنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1926 – يىلى گۇاڭدۇڭ داشۆسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ئۇزۇن ئۆتمەي شىمالغا يۈرۈش قىلىش سېپىگە ئاتلانغان. 1927 – يىلى «12 – ئاپرېل» نىڭ ئالدى – كەينىدە جياڭ جېيشىنىڭ ئاسىيلىق قىلمىشىنى ماقالە يېزىپ ئەيىبلىگەن. ھەمدە «1 – ئاۋغۇست» نەنچاڭ قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. 1928 – يىلدىن تارتىپ ياپونىيىدە ئون يىل سەرگەردان تۇرمۇش كەچۈرگەن، ياپونىيىگە ئوقۇشقا بارغان ياشلارنىڭ ۋە ۋەتەندىكىلەرنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات – سەنئەت پائالىيەتلىرىنى پائال قوللىغان. گومورو ياپونغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ھەم دېموكراتىيىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتىگە ئىشتىراك قىلغان، «چۈيۈەن»، «خۇفۇ» قاتارلىق نۇرغۇن تارىخىي دراممىلارنى ھەم شېئىرلارنى يېزىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋەتەن ساتقۇچ تەسلىمچىلىك سىياسىتىنى چوڭقۇر پاش قىلغان. ئۇنىڭ يەنە «مۇنار» (ھېكايە-دراممىلار توپلىمى، 1926 – يىل) «غازاڭ» (1926 – يىل) «ئۈپۈق سىزىقى ئاستىدا»، «زەيتۇن دەرىخى»

(ھېكايە — نەسىرلەر توپلىمى، 1928 - يىل) قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ بار. ئازادلىقتىن كېيىن «يېڭى جۇڭگوغا مەدھىيە»، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن»، «چاڭچۇن توپلاملىرى» قاتارلىق يالقۇنلۇق شېئىرلار بىلەن مەشھۇر تارىخىي دراما «سەي ۋىنجىي»غا ئوخشاش درامىلارنى يازغان. ئۇ دەسلەپكى چاغلاردا يازغان ھېكايىلىرىدە باشقا يازغۇچىلارغا ئوخشاش ئاساسەن ئۆزىنى باش قەھرىمان قىلىپ تەسۋىرلىگەن. تارىخىي نەرسىلەرنى ھەم ئۆزىنى ۋەقەلىككە كىرگۈزۈپ يېزىش — گومورو ھېكايىلىرىدىكى سۈژېتنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. مۇھەببەت، نامراتلىق ۋە سەرگەردانلىق مەزمۇن قىلىنغان دەسلەپكى ھېكايىلىرىدە ئۇ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى يېزىش ئارقىلىق كونا جەمئىيەتنى شىددەت بىلەن سۆككەن.

«تۇيۇق يول» يازغۇچىنىڭ 1924 - يىلى يازغان «سەرگەردانلىق تىرىلوگىيىسى» نىڭ بىرىنچىسى. (بۇ ھېكايە «زەيتۇن دەرىخى»گە كىرگۈزۈلگەن) يازغۇچى ئەسەردە جەمئىيەت بىلەن كېلىشەلمەيدىغان بىر ئىلغار زىيالىينىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسىنى تەسۋىرلەپ، ئاسارەتلىك كونا تۈزۈمنى سۆككەن. «غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان، ئەمەلگە ئاشقان غايىنى غايە دېگىلى بولمايدىغان» ئەھۋال ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. باش قەھرىماننىڭ بەختسىزلىكى — كونا جۇڭگودىكى غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ساپ ۋىجدانلىق زىيالىيلار

تەقدىرىنىڭ ئىخچام تەسۋىرى. ئەسەر بەلگىلىك
دەرىجىدە تىپىكلىككە ئىگە. (شۆي جىيىڭ)

ئۇنىڭ كۆڭلىنى قانداقتۇر بىرخىل پەرىشانلىق چىرمىۋالغانىدى. ئۇمېھمانخانىغا سولىشىپ قايتىپ كەلدى. ئادەتتە تېتىك چامداپ كېلىدىغان بۇ ئادەم بۇگۇن ئەتىگەن نېمە ئۈچۈندۇر ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە يېقىنلىشىپ قالغان چاغدا قەدەملىرىنى يۆتكىيەلمەي قالدى. ئۇ ئىشىكنىڭ ھالقىسىنى تۇتقان پېتى بىردەم ئىككىلىنىپ تۇردى – دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ تار كوچىدىن يۇگۇرگەن پېتى چىقىپ كەتتى.

جىڭئەنسى يولىدىكى دەل – دەرەخلەر يوپۇرماق تاشلاپ يالىڭاچلىنىپ قالغانىدى. كېسەل تەگكەندەك سارغايغان قۇياش نۇرلىرىنى تۇپتۇز كەتكەن يوللارغا، ھەشەمەتلىك ئېگىز – پەس بىنالارغا سېپەتتى. ئۇ قالپىقىنى قولىغا ئېلىپ يالىڭاچ دەل – دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا كېتىۋاتاتتى. ئارىلاپ – ئارىلاپ چىقىۋاتقان سوغۇق شىمال شامىلى ئۇنىڭ سول تەرىپىدىكى چاچلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئوڭ تەرىپىگە ياتقۇزۇۋەتكەنىدى. ئۇ قانغا تولغان كۆزلىرىنى ئالدى تەرەپكە تىكتى. ئاۋات بازارلار، قىزىل خىشتىن سېلىنىپ چەكلىرى گەجلەنگەن كۆركەم بىنالار ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى. بۇ مەنزىرىلەر ئادەتتىمۇ ئۇنىڭغا قانددىن ھاسىل بولغان ئېقىمدەك تۇيۇلۇپ يۈرىكىنى ئۆرتەيتتى. بۈگۈنمۇ خۇددى شۇنداق بولدى. ئۇ ئۇدۇلىغا قاراپ تۇتاش كەتكەن غۇۋا بوشلۇقنى كۆردى. بۇ بوشلۇقنىڭ ئۇ تەرىپىدە يالغۇز بىر پاراخوت قان دولقۇنلاۋاتقان خۇاڭخەي دېڭىزىدا لەيلەپ يۈرەتتى.

— ئاھ، ئۇلار شۇتاپتا پاراخوتنىڭ يۇملاق دېرىزىسـ
دىن ماڭا قاراۋاتىدۇ.

ئۇ ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دەپ، كۆزلىرىگە لىققىدە
ياش ئالدى - دە، ئۈن سېلىپ يىغلىۋېتەيلا دەپ قالدى.

ئاشۇ پاراخوتتا ئۇنىڭ تېخى ئوتتۇز ياشقا كىرمىـ
گەن ئايالى بىلەن گۆدەك ئۈچ بالىسى بار ئىدى. ئۇلار
بۈگۈن ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن ئەللىك مىنۇت ئۆتـ
كەندە شاڭخەيدىن يۈرۈپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ ئايالى ياپونىيىلىك بىر پوپنىڭ قىزى ئىـ
دى، ئۇلار يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا توي قىلغانىدى. شۇ
سەۋەبتىن مەكتەپ ئۇنىڭغا چارىمۇ كۆرگەنىدى. ئۇ شۇ چاغدا
ياپونىيىدە مېدىتسىنا شۆبىۋەنىدە ئوقۇيتتى. ئايالى يەتتە
يىل ئۇنىڭ بىلەن تەڭ جاپاتارتتى، ئۈچ بالىلىق بولدى.
ئۇنىڭغىچە ئۇمۇ مەكتەپ پۈتتۈردى. ئۇلار بۇلتۇر تۆتىنچى
ئايدا شاڭخەيگە كەلگەنىدى. ئايالى خىيالىدا يولدىشى
جەمئىيەتكە چىقىپ ئىشلىسە، موھتاجلىقتىن قۇتۇلارمىز
دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك چىقـ
مىدى، يولدىشى ئون يىل ئۆگەنگەن دوختۇرلۇق كەسپىنى
تىنچ ئوكيانىنىڭ ئۇ قېتىغا چۆرۈپ تاشلىدى. پات - پات
ئىشلىتىپ تۇرمىغاچقا، تىڭشىغۇچنىڭ رېزىنكىسىمۇ ئېتىلىپ
قېلىپ ھاۋا ئۆتۈشمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. شاڭخەيدىـ
كى ئەل - ئاغىنىلىرى بىرلىشىپ ئامبولاتورىيە ئاچايلى،
دېسە، ئىشەنچىم يوق، دەپ ئۇنىمىدى. سىچۈەننىڭ S شەھـ
رىدىكى قىزىل كرېست جەمئىيىتىگە قاراشلىق بىر دوخـ
تۇرخانا ئۇنى دوختۇرخانا باشلىقلىقىغا تەكلىپ قىلىۋىدى،
جاۋاب بەرمەي تۇرۇۋېلىپ رەت قىلىۋەتتى. ئۇ ئوقۇغۇچىـ

لىق دەۋرىدە ئەدەبىياتقا قاتتىق ئىشتىياق باغلىغان ئادەم ئىدى. شائىرخەيگە كەلگەندىن كېيىن ئۆزىگە ئوخشاش مەسلەكتىكى بىرنەچچە يۈرادەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەدەبىياتقا ئائىت ئىككى خىل ژۇرنال چىقاردى. ئۇ مۇشۇنىڭ بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ، بىلىپ - بىلمەي جەمئىيەتكە يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات بىر پۇلغا يارىمايدىغان جۇڭگودا ئۇنىڭ ماددىي هاياتى خۇددى تاشلىققا چۈشكەن ئۇرۇقتەك چېچەكلەپ مېۋە بەرمىدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە ھۆكۈمەت بەرگەن ئون نەچچە كوي راسخوت بىلەن ئائىلىسىنى ئاران قامداپ كەلگەنىدى. جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن مۇشۇ ئازغىنا ياردەم پۇلىدىنمۇ قۇرۇق قالدى. ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئەنئەنە يولىدىكى تارىخوچىغا ئورۇنلاشتى. ئۇ بۇ كۆلپەتلەرگە پىسەنت قىلمىغىنى بىلەن، ئايالى چوغقا دەسسىۋالغاندەك قاتتىق بىئارام بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئوغۇللىرى كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك ۋە ئوقۇش راسخوتىنىڭ غېمىنى يەپ، ھەتتا كېچىلىرىمۇ تۈزۈك ئۇخلىمايتتى. شۇڭا ئايالى پات - پاتلا، نېمىشقا دوختۇرلۇقنى قىلمايسىز، دەپ ئۇنىڭ بىلەن گەپ تەگكۈزۈپ قالاتتى.

— دوختۇرلۇق قىلمايسىز؟ دوختۇرلۇق قىلىپ نېمە قىلىدۇ؟ ناۋادا ئىككى يىل كەم ئوقۇغان بولسام ئادەم ئالدايدىغان ماھارەتنى ئۆگىنىۋالغان بولار ئىدىم. سىفىلىس كېسىلىگە ئالتە يۈز ئالتىنى، بەزگەككە سىنخونا كېسىلاتاسىنى، بوغما كېسىلىگە قان زەردابى ئوكۇلىنى، پارازىت قۇرت خاراكتېرلىك قان تولغاققا ئىنومىتىسىننى، جىددىي

خاراكتېرلىك رېماتىزىمغا سۇلفات كىسلاتاسىنى بويرۇيدۇ ... كېسەلگە تېز ئۈنۈم بېرىدىغان بۇنداق دورىلارنى خاتالاشماستىن ساناپ بېرەلەيمەن. بۇ دورىلارنى ئىشلىتىشنى شاگخەيدىكى ئىتتىنىڭ قۇرتىدەك جىق خوشامەتچى تىرىكتاپلارنىڭ قايسىبىرى بىلمەيدۇ! مەن دوختۇرلۇق قىلسامۇ ـ قىلمىسامۇ بەربىر ئەمەسمۇ؟ ... دوختۇرلۇق قىلىپ نېمە قىلىدۇ! بايلارنى داۋالاپ قويسام، ئۇلار يوقسۇللارنى بىرنەچچە كۈن ئارتۇق ئېزىدۇ. يوقسۇللارنى داۋالاپ قويسام، ئۇلار بايلارغا بىرنەچچە كۈن ئارتۇق ئېزىلىدۇ. مۇشۇنداق تۇرسا، دوختۇرلۇق قىلىپ نېمە قىلىمەن! ئۆلۈشكە رازىمەنكى، پۇلنى دەپ، پۇقرالارنى بۇنداق قاقتى ـ سوقتى قىلمايمەن!

دوختۇرلۇق قىلىپ نېمە قىلىمەن! پارازىت قۇرتلارنى، مىكروبلارنى ئۆلتۈرگىلى بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇنداق نەرسىلەرنى يېتىشتۈرۈۋاتقان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى يوقاتقىلى بولامدۇ؟ ئىككى قاچا ئارتۇق تاماق يەۋالغان بايلارغا ئاشقازان تالقىنى تەگشەپ بېرىش، ماشىنىنىڭ ئاستىدا قالغان يوقسۇلنىڭ پۇتىنى كېسىۋېتىش، مىڭلىغان ـ مىليونلىغان قېرىنداشلىرىمىزنى قىرغان ئالۋاستىلارنىڭ يارىلىرىغا مەلھەم سۈرۈپ، داكا تېڭىش ... ھەرقانچە ھۈنىرى بولسىمۇ ھازىر دوختۇرلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى مۇشۇ! مۇشۇنى مېھرىبانلىق، ئىنسانپەرۋەرلىك دېگىلى بولامدۇ؟ پۇلغا بېرىلىپ كەتمەسلىك كېرەك. مېنىڭ بۇنداق ئىشلارنى قىلغۇم يوق!...

ئۇ ھەر قېتىم تېرىككەن چاغدا ئايالىغا مۇشۇنداق جاۋاب بېرەتتى.

— ھازىر زامان شۇنداق تۇرسا، زامانغا باقماي ئامال يوق، — دەيتتى ئايالى ئۇنىڭغا.

— ئۇنىڭدىن كۆرە بۇلاڭچى بولغان ياخشى. بۇلاڭچىلارنىڭ ھەرھالدا ۋىجدانى بار، ئۇلار بايلارنىلا بۇلايدۇ، — دەيتتى ئۇ.

ئايالى بالىلىرىنىڭ ئوقۇشى ئۈستىدە توختالسا ئۇ ھازىرقى مائارىپ تۈزۈمىنى، كاپىتال تۈزۈمى ئاستىدىكى مائارىپنى تىللاپ بىر پەس قايناپ سۆزلەپ كېتەتتى.

ئايالى نائىلاج شاڭخەيدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر يىلغا يېقىن تۇرۇپ، موھتاجلىقتىن قۇتۇلالمىدى. ئاخىر بولماي ئۈچ بالىسىنى ئېلىپ ياپونىيىگە كەتمەكچى بولدى. ئايالى ئۇنىڭغا، ياپونىيىگە بېرىپ بىرنەچچە ئاي ئاكۇشېرلىقنى ئۆگىنىپ، شاڭخەيگە يېنىپ كېلىپ ئانچە - مۇنچە ئىش قىلسا، تۇرمۇشنى قامداپ كەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بالىلىرىنى شاڭخەيگە قويۇپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىماي، مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، ئېلىپ كېتىمەن، دەپ تۇرىۋالدى. ئۇ گېپىنى ئۆتكۈزەلمەي، ئاخىر ئايالىنى ئۆزىنىڭ ياپونىيىگە ماڭىدىغان بىر دوستىنى ساقلاشقا ئاران كۆندۈردى. بالا - چاقىلىرى ئۇنىڭ ئاشۇ دوستى بىلەن بۈگۈن يولغا چىقماقچى بولغانىدى.

ئۇ پاراخوت بېلىتى ئېلىش، يول تەييارلىقى قىلىش بىلەن تۈنۈگۈن بىركۈن ئاۋارە بولدى. ئاخشام يۈك - تاقلارنى تېڭىپ كېچىچە كىرپىك قاقمىدى. بۈگۈن ئەتىگەن بەش يېرىمدا ئىككى ئات ھارۋىسىنى ياللاپ بالا - چاقىلىرىنى يۈك - تاقلىرى بىلەن خۇيشەن پىرىستانىغا ئەكەلدى، ئۆيدىن چىققان چاغدا كوچا چىراغلىرى

تېخى ئۆچمىگەنىدى. ئۇيقۇغا چۆمگەن شاخخەي شەھىرى غۇۋا چۈش كۆرۈپ ياتاتتى. ھارۋا خۇاڭپۇجىياڭ بويىغا كەلگەندە شەرقتىن ئاستا ـ ئاستا سۇبھى كۆتۈرۈلدى. رەھىمسىز قۇياش كىشىلەرنىڭ جۇدالىق كۆز ياشلىرىغا قارىماي ئۆزىنىڭ مۇساپىسىنى يەنە باشلىۋەتتى. باللار دەرياـدىكى پاراخوتنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا ۋارقىرىشىپ كېتىشتى. ئارال دۆلىتىدە تۇغۇلغان بۇ باللار سۇ بىلەن پاراخوتنى كۆرسە خۇشاللىقنى باسالماي قىلىشاتتى.

— ئاۋۇ پاراخوتلار نەگە بارىدۇ؟

— بەزىلىرى ياڭزىجياڭ دەرياسىغا، بەزىلىرى چەت ئەلگە بارىدۇ.

—ئۇ، بىز ئاۋۇ باغچىغا بارغان. ياپونىيىگە بارىدىغان پاراخوت نەدە؟

— يىراقتا، خۇيشەن پىرىستانىغا بېرىپ يەنە ئازراق ماڭىمىز.

ئۇ شۇتاپتا چوڭ ئوغلىنىڭ گېپىگە جاۋاب بېرەلمەي قالدى. ئاتى. ئەمىدى ئۆزە تۇرغان ئىككىنچى ئوغلى:

— مەن ياپونىيىگە بارمايمەن، دادام بىلەن شاخخەيدە قالىمەن، — دېدى.

— ئوغلۇم، ياپونىيىگە بارساڭ قۇلۇلە قېپىنى جىق تېرىسەن، ئۇ تەرەپتىكى دېڭىز بويىدا قۇلۇلە قېپى تولا. مەن ئۆزۈن ئۆتمەي سىلەرنى ئالغىلى بارىمەن.

— ئوھھوي، قۇلۇلە قېپى تېرەمدىمەن، قۇلۇلە قاپىلىرى جىق يىغىلىپ كەتكەندۇر ھەقچان.

ئۇ يول بويى ئوغۇللىرى بىلەن پاراڭلىشىپ كېتىۋاتقىنى بىلەن كۆڭلى بەك پاراكەندە ئىدى. ياش بىر ئايال

نى ئۈچ بالا، ئۇنىڭدىن باشقا بىرمۇنچە يۈك - تاق بىلەن يولغا سېلىپ قويسا، يولدا كۆتۈلمىگەن ئىشلار چىقمايدۇ، دەپ كىم كېسىپ ئېيتالايدۇ؟ تۆنۈگۈن بېلەتكە بارغاندا بېلەت ئېلىۋاتقانلارمۇ ھەيران قىلىشقانىدى. ئۇ ئىچىدە، باشقىلار ھەيران قالغان يەردە، مەن ئەر ھەم دادا تۇرۇقلۇق قانداقمۇ ئەنسىرىمەي تۇرالايمەن؟ ئۇلارنى ئۆزۈم ئاپىرىپ قويۇشۇم كېرەك. ئاپىرىپ قويمىسام زادى بولمايدۇ. شاڭخەيدىن جاڭيىغا بارىدىغان پاراخوتنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك كايۇتىسىغا ئون نەچچە كويلۇق بېلەت ئالىمەن، يولغا بىر نەچچە كۈن كەتسە، بېرىپ - كېلىش ئۈچۈن ناھايىتى ئوتتۇز - قىرىق كوي خەجلىگۈدەكمەن. ئۇلارنى ئۆزۈم ئاپىرىپ قويۇشۇم كېرەك. پاراخوتقا چىقىپ بېلەت ئالاي. شۇنداق قىلاي ... دەيتتىيۇ، بۇرادەرلىرى بىلەن بىرلىكتە چىقىرىۋاتقان ژۇرناللارنى ئويلاپ تۇرۇپ قالاتتى. ھەر سانلىق ژۇرنالغا ئەسەر يازمىسام بولمايدۇ. مەن كېتىپ قالسام بۇرادەرلىرىم قىيىنىلىپ قالامدۇ؟ ماڭا كەتكەن ئاشۇ ئوتتۇز - قىرىق كوينى بالا - چاقىلىرىم ياپونىيىدە ھەپتە - ئون كۈن خىراجەت قىلىدۇ. ياپونىيىدە ئادەم جۇڭگودىكىدەك يول جاپاسى تارتىپ كەتمەيدۇ، كۆتۈلمىگەن ئىشمۇ يۈز بەرمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە پاراخوتتا T ئەپەندى بار. ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىدۇ. مەن بارماي. ھەي، بارمىساممۇ بولىدىكەن ... ئۇ بۇ ئىشلارنى كۆڭلىدىن قايتا-قايتا ئۆتكۈزدى، تۇرۇپ بارىدىغان، تۇرۇپ يول جاپاسىنى ئويلاپ بارمايدىغان بولۇپ قالاتتى، ئەننەن يولىدىن خۇيشەن پىرىستانىغا يېتىپ كەلگۈچە كۆڭلى تۇختىتالمىدى. ئايالى يېنىدا يېشىغا توشمىغان

بالىسنى كۆتۈرۈپ ئۈندىمەي ئولتۇراتتى. بالىسى ئات
ھارۋىسىنىڭ چايقىلىشىدىن دەسلەپ چۆچۈدى، لېكىن كۆپ
ئۆتمەي ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدا خۇددى بۆشۈكتە ياتقاندەك
تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى.

ئارىدىن بىر سائەتتىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتتى،
ھارۋا خۇيشەن پرىستانىغا كەلدى. ھەيۋەتلىك چوڭ پاراخوت
تۇمان قاپلىغان خۇاڭپۇجياڭ دەرياسىنىڭ بويىدا تۇراتتى،
پاراخوتنىڭ قۇيرۇقىدىكى «جاڭيىڭۋەن» دېگەن خەت كۆز-
گە چېلىقاتتى. پرىستاندا ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەت-
تى. قول قوشتۇرۇپ بىر چەتتە تۇرغان كىراكەشلەردىن
باشقا يولۇچىلارنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ھېلىقى دوستى-
مۇ كەلمىگەنىدى. ئۇ پاراخوتقا چىقىپ كايوتىنى كۆرگەندىن
كېيىن بېرىش - بارماسلىق توغرۇلۇق يەنە ئىككى خىيال
بولۇپ قالدى. خۇشاللىقىدا قىن - قىنىغا پاتماي قىلىش-
قان بالىلار كايوتىنىڭ تېمىغا ئېسىلىپ دېرىزىدىن سوغاقار-
شاتتى. ئايالى ئۆز قولى بىلەن بالىلىرىغا توقۇپ بەرگەن
تىۋىتلىق كىيىم - كېچەكلەرنى تامدىكى قوزۇققا ئېسىپ قو-
يۇپ ئالالمايۋاتاتتى. بالىلىرىنىڭ ئەڭ كىچىكى گويا ئۆزى
بىلەن خوشلىشىۋاتقاندەك قوللىرىنى ئالدىغا سۇنۇپ، ئالى-
قانلىرىنى يۇمۇپ - ئېچىپ، مېنى كۆتۈر دېگەندەك گۈگ-
راپ ئۇنىڭغا تەلپۈنەتتى. ئۇ بالىسىنى قولىغا ئېلىۋېدى. بالى-
سى ئۇنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ تېپىرلاپ كەتتى.

— ياپونىيىدە ئۆي بەك سوغۇق بولىدۇ، كۆمۈرنىڭ
كۆزىگە قاراپ ئولتۇرماي، جىقراق قالاڭ، — ئۇ ئايالىغا
شۇنداق دېدى.

ئايالى خۇددى ئۆز - ئۆزىگە، بۇ قېتىممۇ ياپونىيى-

گە بارسام، كىر يۇيۇپ، تاماق ئېتىپ قوللىرىم يەنە يېرىلىپ كېتىدىغان بولدى، دەۋاتقاندەك قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇراتتى.

— بۇ قېتىم بېرىپ، قانداقلا بولسۇن بىر خىزمەتكار باللاڭ، ئېيىغا ئون كوي بېرىپ بىرەرسى ياللىغىلى بولار؟

— ياللىغىلى بولىدۇ، — ئايالنىڭ كۆز چاناقلىرى سەل قىزاردى، — ئاڭلىسام، يەر تەۋرەشتىن كېيىن، توكيودىكى ئايال ئىشچىلار ھەق ئالمايدىكەن، تاماقى بىلەن ياتىدىغان يەربولسىلا ئۆزى ئىزدەپ كېلىدىكەن. لېكىن فۇگاڭدا ئۇنداق ئەمەسكەن. ئىش ھەققىدىن باشقا تامىقىنى بېرىپ، ئۆيدە تۇرغۇزىدىغان گەپكەن. بۇنىڭغا يىگىرمە كوي يەتمەس.

— مەن شاڭخەيدە ئامال بار ئازراق پۇل تېپىپ...— ئۇ گېپىنىڭ ئايىغىنى چىقارماستىن، قىلغان گېپىدىن گۇمانلىنىپ قالدى. پۇل تېپىپ؟ ئۇ پۇلنى قانداق تاپىدۇ؟ يازغان ئەسىرىنى سېتىپمۇ ياكى ۋىۋىسكا ئېسىپ دوختۇرلۇق قىلىپمۇ ياكى شاڭخەيدىكى zigoma① تەشكىلاتىغا كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلىپمۇ؟...

— فۇگاڭدا بىر مۇنچە دوستلىرىم بار، شۇلاردىن قەرزئېلىپ ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتۈپ تۇرارمەن. مەنمۇ سەيلى ـ ساياھەتكە كېتىۋاتقىنىم يوق. ھەرھالدا ئىش تېپىپ ئىشلەيمەن.

— ئۈچ بالىنى تاشلاپ قويۇپ قانداق ئىشلەيسىز؟

— كىچىكىنى ھاپاش قىلىمەن، چوڭلىرى دېڭىز بويىدا ئويناۋېرىدۇ. ئۇيەر شاڭخەيدىن كۆپ ياخشى...

① ئامېرىكا شەھەرلىرىدىكى ئوكچەكلەر ، ەشكىلاتى.

ئۆزىتىپ چىققانلارنى پاراخوتتىن چۈشۈپ كېتىشكە
ئۈندەپ بىرىنچى گۈدۈك چېلىندى. ئايالى بويىنىنى سوزدى.
ئۇ كۆز يېشىنى يۇتۇپ ئايالىنى ئۇزاق سۆيدى. باللىرى-
نىمۇ بىر - بىرلەپ سۆيۈپ قويدى. قولىدىكى باللىسىنى
ئايالىغا بەردى. لېكىن ھېلىقى T ئەپەندى ھېلىغىچە يوق
ئىدى. ئۇ سەل دەرگۇمان بولۇپ قالدى. ئۇخلاپ قالغان-
مىدۇ ياكى باشقا بىركۈنى ماڭىدىغان بولۇپ قالغانمىدۇ؟
ئۇنىڭ بىلەن ماڭىدىغان ۋاقتىنى ئېنىق كېلىشىپ قويمى-
غىنىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇ كايوتىدىن چىقىپ سىرتقا
قارىدى.

ئۇ T ئەپەندىنىڭ بېلىتىنى تۇنۇگۈن ئېلىپ قوي-
غانىدى. بېلەت ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇ بىر تۇرۇپ T ئەپەن-
دى تېزرەك كەلسىكەن، دەپ يولغا قارايتتى. يەنە بىر
تۇرۇپ ئۇ كەلمىسە، مۇشۇ بېلەت بىلەن بالا- چاقىلىرىمنى ئاپى-
رىپ قوياي، دەپ ئويلايتتى. قىرغاقتا ئۇزىتىپ چىققان-
لار سانجاق - سانجاق تۇرۇپ كەتكەنىدى. بۇلارنىڭ بەزى-
لىرى باش كىيىملىرىنى ۋە بەزىلىرى ئاپئاق قولياغلىق-
لىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتاتتى. ئۇ يىراق - يىراقلارغا قارى-
دى. بىر پەيتتۇن كېلىپ پىرىستان دەرۋازىسى ئالدىدا توخ-
تىدى. بەللى، ياخشى بولدى! ياخشى بولدى! T ئەپەن-
دى كەلدى! پەيتتۇندىن دەرۋەقە T ئەپەندى چۈشتى. ئۇ
T ئەپەندىنى باشلاپ بېرىپ بالا - چاقىلىرىغا تونۇشتۇ-
رۇپ قويدى. پاراخوت ئىككىنچى قېتىم گۈدۈك چالدى.
مەن قانداق قىلىمەن؟ بېرىپ بېلەت ئالايمۇ ياكى پارا-
خوتتىن چۈشۈپ كېتەيمۇ؟ ئۇيەنلا ئىككىلىنىپ تۇراتتى.
ئايالى ئۇنىڭغا ئاخىرقى قېتىم:

— بىز كەتتۇق. سىزنىڭمۇ يۈكىڭىز يېنىكلەپ قالدى. ئەمدى كۆڭۈل قويۇپ كۆپرەك ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىڭ. ياخشىسى رومان يېزىڭ. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىن ھەرگىز ئەنسىرىمەڭ. نەچچە ئايدىن كېيىن قايتىپ كېلىمىز. نۇرۇزگۈلى ئېچىلغان چاغدا، نۇرۇز گۈلى كۆرگىلى ياپونىيىگە كېلىپ دەم ئېلىپ كېتىڭ، — دېدى.

ئايالىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى بىردىنلا يورۇپ كەتتى. ئۇلار يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا مۇھەببەتلىشىپ يۈرۈۋاتقان دەسلەپكى چاغلاردىكى يېقىملىق ئاۋاز، مۇزىكا ئاۋازى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا يەنە ياڭرىدى. ئۇ كۆڭلىدىكى ھاياجاننى باسالماي ئىچىدە، ئاھ، رەھمەت سىزگە! رەھمەت سىزگە! سىز مېنىڭ ئايالىم، سىز مېنىڭ Beatrice! سىز مېنىڭ Beatrice! سىز مېنىڭ! رومان؟ شۇنداق، ياخشىسى رومان يازىمەن. دانتې ئايالىغا ئاتاپ «ئىلاھ كومېدىيىسى»نى يازغان. مەنمۇ چوقۇم رومان يېزىپ سىزنى خاتىرىلەيمەن. مەڭگۈ ئۆلمەس قىلىۋېتىمەن. ئاھ، Ava Maria!، Maria! ①، ئۆلمەس ئايال!... ئۇ شۇنداق دەپ، شاڭخەيدە قالماقچى بولدى. ۋە T ئەپەندى بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلىشىپ، بالا - چاقىلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ كايۇتىدىن چىقىپ كەتتى. ئايالى ئۇزىتىپ چىقىشقا تەمشىلىۋېدى، باللار يىغلاپ كەتمىسۇن، دەپ ئۇنىمىدى.

پاراخوت بىرنەچچە قېتىم گۈدۈك چالغاندىن كېيىن خۇاڭپۇجياڭ دەرياسىنىڭ سۈيىنى داۋالغۇتۇپ ئاستا - ئاس-

① «نۇسرەت ئاتا قىلغايسەن، بۇۋى مەريەم ئانا» دېگەن مەنىدە. بۇ كاتولىكلارنىڭ بۇۋى مەريەمگە سېغىنغاندا قىلىدىغان دۇئاسى. بۇيەردە ئۇ ئايالىنى بۇۋى مەريەم سۈپىتىدە كۆرۈۋاتىدۇ.

تا قايرىلىپ قىرغاقتىن ئايرىلدى. ئۇ T ئەپەندىگە قارىسى بارا - بارا كۆزدىن يىتكۈچە قاراپ تۇرۇپ كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتتا پىرىستاندىن چىقىپ كەتتى، ئاھ، رومان يازىمەن، رومان! مۇشۇ بىر - ئىككى ئاي ئىچىدە يېزىپ پۈتتۈرىمەن، روماننىڭ ئىسمىنى تېپىپ قويدۇم. «مۇقەددەس نۇر» دېسەم بولىدۇ. يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە قاشلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر «خىل مۇقەددەس» نۇر چاقنىغان ئەمەسمىدى؟ ئاھ، ئاشۇ نۇرلار، ئاشۇ نۇرلار! بايا قاشلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاشۇنداق نۇر يەنە «لىپ» قىلىپ چاقناپ ئۆتۈپ كەتتىمۇ؟ Ava Maria، Ava Maria... ئۆلمەس ئايال! ... Beatrice... «مۇقەددەس نۇر» ... ئۇ ئىچىدە شۇنداق دېگەن پېتى ئۇدۇل بېرىپ ترامۋايغا چىقتى، ئالقىنىغا ئارانچە سۆيۈپ قويۇپ قولىنى خۇاڭپۇجياڭ دەرياسىغا قاراپ پۇلاڭلاتتى.

ترامۋايدا ئۇزۇن ئولتۇرغاچقا ئۇنىڭ ھاياجىنى ئاستا - ئاستا بېسىلىپ، ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئويلىشىغا پۇرسەت چىقتى. ئۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى، ئۆگىنىش نەتىجىسىنى ئويلىدى. ئاھ، مېنىڭ تۇرمۇش ئېقىم بەك ساددىكەن. غايە ئەمەلگە ئاشمايدىغان، ئەمەلگە ئاشقان غايىنى غايە دېگىلى بولمايدىغان بىۋاپا زاماندا تۇرمۇش غېمىدىن قۇتۇلالماي، ئېسىل چاغلارنى قولدىن بېرىپ قويۇپتىمەن. مەن مۇشۇ ئون يىل ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگۈدەك نېمە قىلدىم؟ دوختۇرلۇقتىن گەپ ئاچماي، بىردەملىك ئىلھام بىلەن ئاز - تولا شېئىر يېزىپتىمەن. ئۇنى قانداقمۇ شېئىر دېگىلى بولسۇن؟ ئۆز ماھارى-

تىمنى قايسى جەھەتتىن كۆڭۈل سۆيۈنگۈدەك جارى قىلـ
دۇرالىدىم؟ يازغان ئەسەرلىرىمنىڭ قايسىسى بىرسىدىن
رازى بولغۇدەك قانائەتلىنىپ باقتىم؟ ئاھ، نېمىدېگەن
خىجالەتچىلىك بۇ، نېمىدېگەن خىجالەتچىلىك بۇ! دېمىسـ
مۇ راست ئەمەسمۇ! ئۆزۈمنى دانتې بىلەن تەڭ ئورۇنغـا
قويدۇم! دانتې بىلەن تەڭ ئورۇنغا! پوچىلىق قىپتىمەن!
سەتلىشىپتىمەن! ئاھ، مەن ... ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ يۈلـ
تۈزلۈق ئاسماندىن قاراڭغۇ ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك
بولدى. ئايالىنىڭ ئۈمىدى ئۇنىڭغا ئېغىر يۈكتەك تۇيۇلۇپ
كېتىۋاتاتتى. ئايالىنىڭ موقەددەس ئارزۇسى ئالدىدا ئۇ ئۆزىـ
نى جىڭۋېينىڭ ئاغزىدىكى شېغىل تاش قاتارىدا كۆرـ
مەكتە ئىدى.①

بېشى ئېغىرلاشقانسېرى ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرى ئۆرـ
تىلەتتى، تىرامۋايدا باشقا ئادەم بولمىسا ئۇ بېشىنى چاڭـ
گاللاپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ تاشلىغان بولار ئىدى. نەچـ
چە يىلدىن بۇيان ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرىنى ئەسلەپ
قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇلـ
لانغاندىن بېرى چەت ئەللىك مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ

---

① «دېڭىز ـ ئىزھلار قورئى» نىڭ «شىمالى تاغ قورئى» سىدا، فاجىيۇ
دېگەن جايدىكى بىر تاغدا جىڭۋېي دەپ ئاتىلىدىغان بىر قۇش بارئىكەن. ئۇ
ھەمىشە گىياھ ۋە شېغىل تاشلارنى چىشلەپ ئەكېلىپ دۇڭخەي دېڭىزىنى تىندۇرىدىكەن،
دەپ يېزىلغان. «ئاجايىپ ئىشلار» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ. يەن پادىشا-
ھىنىڭ قىزى دۇڭخەي دېڭىزىغا غەرق بولۇپ، جىڭۋېي قۇشقا ئايلىنىپتۇ. ئۇ شىشەن
تېغىدىن گىياھ تاشلارنى ئەكېلىپ، دۇڭخەي دېڭىزىنى تىندۇرۇپتۇ. «مەۋجۇداتلار
تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن. يەن پادىشاھىنىڭ قىزى دۇڭخەي دېڭىزىغا غەرق
بولۇپ، جىڭۋېي قۇشىغا ئايلىنىپ، دېڭىز قارلىغىچى بىلەن جۈپلەشكەن، ئىككى بالا-
پان چىقارغان. چىشىسى جىڭۋېي، ئەركىكى دېڭىز قارلىغىچى، دەپ ئاتالغان.

ئەسەرلىرىنى قانچە كۆپ كۆرگەنسېرى ئۆزىنىڭ يەنىلا خام ئىكەنلىكىنى شۇنچىلىك روشەن ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى تولىمۇ ئاددىيدەك، ئىپادىلەش كۈچى بەكمۇ ئاجىزدەك تۇيۇلاتتى. خاملىقىنى ھېس قىلغانسېرى بىئارام بولاتتى، بىئارام بولغانسېرى ئۆزىنى چاكىنىدا سېزەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىجادىيەتتىن كۆڭلى سوۋۇپ كېتىۋاتاتتى، يازغان نەرسىلىرىنىڭ زادى قانچىلىك قىممىتى بار؟ يۈزە يېزىلغان ئوبزورلار، تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەر، بۇ قانچىلىك ئىش! بۇ زادى قانچىلىك ئىش! ماڭا ھېسداشلىق قىلىدىغانلارمۇ، سەندە تالانت بار دەيدۇ، تىللايدىغانلارمۇ مېنى، سەندە تالانت بار، دەپ تۇرۇپ تىللايدۇ، مەندىكى ئاشۇ تالانت قېنى؟ مەن بەك خىجىل! راست، مەن بەك خىجىل! مەن تېخى ئۇيالماستىن مەنمەنلىك قىلىمەن. ئاھ، مەن ھەتتا ئامراق ئايالىمنى، ئالتۇندەك بالىلىرىمنى باقالماي، جىنىڭلارنى جان ئېتىڭلار، دەپ يولغا سېلىپ قويدۇم. مەن قايسى يۈزۈم بىلەن ئۆزۈمنى ۋە باشقىلارنى ئالداپ يۈرىمەن، ئۆزۈمنى قانداقمۇ ئادەم دەپ سانايمەن! نومۇس! نومۇس! چاكىنىلارغا خاس نومۇس، چاكىنىلارغا خاس دەرد — ئەلەم! ... ئۇ شۇلارنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ John Davidson ① نىڭ بىر كۇپلېت شېئىرىنى ئەسلىدى. بۇ بىر كۇپلېت شېئىرنى نامرات بىر مۇزىكانت ئاچلىقتا ئۆلگەن سۆيۈملۈك ئايالىنىڭ بىر تېرە — بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان مۇردىسىنى كۆتۈرۈپ ھەسرەت بىلەن ئوقۇغان. مەزمۇنى مۇنداق:

① XXI ئەسىردە شوتلاندىيىدە ئۆتكەن شائىر ھەم دراماتورگە.

تەپچىرەپ چۈشتۇق بىز ئۇنتۇش ئىچىگە،
پەرۋىشكە چىللىدى ئۆزگە بىر دىيار.
تۈگىدى ئەسەر ۋە خوتۇن بۇ ئوغلۇم،
كىم دەيدۇ مەۋجۇت دەپ بىر پەرۋەردىگار.

ئۇ بۇ شېئىرنى ترامۋاينىڭ رېتىمىغا تەڭكەش قىلىپ ئىچىدە ئوقۇدى. ئۇنىڭغا بۇ بىر كۇپلېت شېئىر خۇددى ئىچىدىن تەبىئىي چىقىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. لېكىن ئۇ مۇشۇ مۇزىكانتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى سەممىيلىكنىڭ ئۆزىدە يوق ئىكەنلىكىنى ئويلىدى. مۇزىكانت ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى خاتىرىلەپ كۆرۈش ئۈچۈن ئەسىرىنى قالدۇرۇپ ئالەمدىن كەتتى. ئۇنىڭ ئادەملەردىن، تەڭرىدىن ئاغرىنىشقا ھەققى بار. لېكىن بىزنىڭ بۇ قەھرىمانىمىزنىڭ ئادەملەردىن، ھەممە نەرسىدىن ئاغرىنىشقا نېمە ھەققى بار؟ ئۇ ئايالىنى ئۆزى يولغا سېلىپ قويغان تۇرۇقلۇق، نېمىشقا تەڭرىدىن، ئادەملەردىن ئاغرىنىدۇ! مۇزىكانتنىڭ ئايالىنىڭ موردىسىنى كۆتۈرۈپ يىغلىغىنى چىنلىق. جۇدالىق ئەلىمىگە چىدىماي ئايالى بىلەن بىللە ئالەمدىن كېتىپ قالغىنىمۇ چىنلىق. لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى ۋە ئايالى باشقا - باشقا تەرەپكە — ئايالى شەرققە، ئۆزى غەربكە كەتتى. ئايالى ئازاب دېڭىزىدا سەرسان بولۇپ يۈرسە، ئۇ چامىسى يەتمەيدىغان ئىشقا بىھۇدە ئۇرۇنۇپ شاڭخەيدە قالدىغۇ؟ ئۇ شۇ تاپتا بالا - چاقىلىرىنى ئاپىرىپ قويمىغىنىغا يەنە پۇشايمان قىلدى، نېمىشقا پاراخوتتا بىلەت ئالمىغاندىمەن؟ نېمىشقا ئۇلار بىلەن بىللە بېرىپ جاپانى تەڭ تارتمايمەن. ئاھ، مەن شەخسىيەتچى چاكىنا ئادەمكەنمەن! مەسئۇلىيەت-

چانلىق قارىشى ئاجىز سولتەككەنمەن! ...

ئۇنىڭ كۆڭلىنى قانداقتۇر بىرخىل پەرىشانلىق چىرمىۋالغانىدى. تىراموۋاي ئۇنى قايناق ئەجنەبىيلەر مەيدانىدىن ئېلىپ ئۆتتى. ئۇ ئۆزىنى مۇزدەك قەبرىدە ياتقاندەك ھېس قىلاتتى، مېھمانخانىغىمۇ سالپىيىپ قايتىپ كەلدى. مېھمانخانا ئۇنىڭغا ئادەم يوق شەھەردەك، ئۆلۈمدىنمۇ دەھشەتلىك بىر نەرسە يوشۇرۇنۇپ ياتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ تار كوچىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، جىڭئەنسى يولىدىكى يالىڭاچ دەل - دەرەخلەر ئارىسىدا كېتىۋاتاتتى. قانغا تولغان كۆزلىرى ھېلىمۇ ئالدى تەرەپكە تىكىلگەنىدى. كوچىلاردىكى ماشىنىلارنىڭ سىگنال ئاۋازلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى خىيالىي كۆلەڭگىلەرنى يوقىتالمىدى. ئۇ ساڭجۇ داچىسىنىڭ دوقمۇشىدا ئۆرە تۇرۇپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بەلگە چىراغقا قارىدى. سەيلىگە چىققان چاغلاردا بالىلىرى مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئاشۇ چىراغقا زەن سېلىپ قاراپ تۇرۇشقا ئامراق ئىدى. ئۇ بىردەم تۇرۇپ «شىمۇ» كوچىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، جەنۇبقا بۇرۇلۇپ يەنە «فۇشى» كوچىسىغا كەلدى. «شىنجى» داشۆسىنىڭ يېنىغا كەلگەندە يەنە تۇرۇپ قالدى. بۇلتۇر ياز چىقىپ كۈز كىرگەن چاغ ئىدى. بىركۈنى زاۋال مەھەلدە ئۇ ئىككى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ھاۋا يېگەچ مۇشۇ يەرگە كېلىشىگە چىنار دەرىخىدىن بىر قۇشقاچ تۇيۇقسىز چۈشۈپ كېتىدۇ، ئىككى بالىسى يۈگۈرۈپ بېرىپ قۇشقاچنى تۇتۇۋالىدۇ. شۇ چاغدا يازغان شېئىرى ھازىر ئۇنىڭ كاللىسىغا كەلدى.

ئىلمەكتەك ئەگىلگەن ئالتۇن ھىلال ئاي،
سامانىڭ قەھرىدە نۇر چاچار تەنھا.
يېتىلگەن پېتىمچە ئىككى بالامنى،
خىيابان تېگىدە كېزىمەن ئاستا.

سەگىتىپ تۇرسىمۇ كۆزنىڭ سەلكىنى،
سىلىكىپ قالماقتا زوق - شوقۇم پۈتۈن.
يېلىنجاپ تۇرىدۇ يىراق تاملاردا
ئاخشامقى ھال شەپەق گوياكى تۈتۈن.

ئۆۋىسىز بىر قۇشقاچ دەرەخ شېخىدىن
پۇررىدە ئۇچتى - دە يىقىلدى يەرگە.
قولىنى كەرگەنچە قوغلايدۇ ئۇنى
جۇپ ئوغۇل يۈگرىشىپ قىلىپ تەنتەنە.

نالە - زار قىلماقتا بالاپان شۇتاپ،
پالاقلاپ قاچىدۇ يەرئۈزرە ھەريان.
چەكتى ئۇ دىلىمنىڭ نازۇك تارىنى
ئاھ ئۇردۇم ئىچىمدە ۋە چەكتىم پىغان.

ئارزۇلۇق ۋە يۇمران ئەي ئوغۇللىرىم،
بىزمۇ ھەم ئاشۇنداق، بۇبىزگە تىمسال.
بىزمۇ ھەم مەھرۇم بىز ئاشيانىمىزدىن،
يات يۇرتتا سەرسان بىز غېرىب ۋە قاقشال.

بۇ مۇدھىش، رەھىمسىز، دەھشەتلىك ئاچۇن،
ھەرگىزمۇ بولالماس بىزلەرگە ماكان.

خەقلەرنىڭ ئۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن
ئېپ كەتسەك بولاركىن بۇ باشنى قايان؟

ھاياتنىڭ تەمىنى بىلمەيدۇ تېخى،
بۇ نادان باللار بۇ بىر جۈپ ئوغلان.
شادلىنىپ بىر خىلدا كۈلمەكتە ئۇلار
پەرۋايى پەلەكتە قوغلاپ بالاپان.

ئۆگىنىپ مەنمۇ ھەم ئوغۇللىرىمدىن
بىردەمگە مەيلىلا ھەممىنى ئۇنتاي.
چىرىلداپ ھارمايسەن، ئەي، سەن تومۇزغا،
نېمشقا نالىلەر قىلىسەن تىنماي؟

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ شېئىرىنى دەرەخكە يۆلىنىپ ئوقۇدى. ھازىرقى ئېچىنىشلىق يالغۇزلۇقتىن باللىرى بىلەن جەم بولۇپ نامراتلىقتا ئۆتكەن ئاشۇ كۈنلەرنىڭ كۆپ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ياش ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن خۇددى ۋولقاندەك ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. دۇنيادا ئۇ يەككە ـ يېگانە يالغۇز قالغاندەك، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىۋاتقاندەك قاتتىق غېرىبسىنىپ كەتتى. بېيجىڭ ۋە شاڭخەينىڭ گېزىتلىرىدىكى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىنغان نۇرغۇن ماقالىلەر، ئوبزورچىلارنىڭ زەھەرخەندە گەپلىرى شۇ زامات ئۇنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولدى. ئالدىدىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتكەن ماشىنىنىڭ چاقلىرىدا يېقىملىق تەبەسسۇم ئەكس ئەتتى. ئۇ ئۆزىنى شاڭخەي كوچىسىدا ماشىنىنىڭ ئاستىدا قېلىپ

قانلىرى ھەريانغا ئاققان، ئۈچەي - باغرى چۇۋۇلغان،
كۆزلىرى ئورنىدىن چاچراپ چىقىپ كەتكەن، مېڭىسىنىڭ
قېتىقى كۆرۈنۈپ قالغان ھالەتتە كۆردى. مۇشۇمۇ ياخشى-
كەن. ئۇچاغدا ئىچى تار ئادەملەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ تاما-
شا كۆرىدۇ. مەن تۇرمۇشنىڭ تەشۋىشىدىن قۇتۇلۇپ ئەبە-
دىي ئۇيقۇغا كېتىمەن ... بالا - چاقىلىرىم دەرد - ئە-
لەم تارتىپ نېمە بولۇپ كېتەر؟ دوستلىرىمچۇ تېخى، ئۇلار
ئۈمىدسىزلىنىپ نېمە بولۇپ كېتەر؟ ئايالىم يوق بولۇپ
قالماي دەپ، بالىلىرىمنى ئېلىپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ رومان
يېزىشىمنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەسەرلىرىمنى ھەرھەپتىلىك ژۇر-
نالدىن كۆرۈشكە ئوزۇققا تەشنا بولغان قوش بالىسىدەك
تەشنا بولىدۇ. بۇ مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان چاغمۇ؟ ئاھ! نېمە-
دېگەن پاجىئەبۇ! نېمىدېگەن پاجىئە بۇ! ئون يىلنىڭ ئالدى-
دا مەن تىرىك موردامنى ئېلىپ ياپونىيىگە بارغانىدىم. ئايا-
لىم مېنىڭ تىرىك موردامغا يېڭىباشتىن ھاياتلىق بەر-
گەنىدى. مەن مۇشۇ بىرنەچچە يىلنى مەنىسىز ئۆتكۈزۈۋەت-
مىدىم. مېنىڭ ھاياتىمنىڭ پارتلاتقۇچ بومبىسىنىڭ مەنى-
سىز پارتلايدىغان چېغى بۇ ئەمەس. ئاھ، بالا - چاقىلى-
رىم خۇاڭخەي دېڭىزىدىن ئۆتۈپ كەتكەندۇر. قايتاي، قاي-
تىپ كېتىپ مۇشۇ بىر - ئىككى ئايغىچىلىك «مۇقەددەس
نۇر» نى يېزىپ چىقاي ... ئۇ مۇشۇلارنىلا ئويلايتتى.
ئۇ قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكىدى. ئۆزىنىڭ كونىچە
توي ئازابىدىن قېچىپ ياپونىيىگە قانداق بېرىپ قالغان-
لىقى، ئۆزىنى قانداق تاشلىۋەتكەنلىكى، ئايالى بىلەن
قانداق مۇھەببەتلەشكەنلىكى، ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق
مەدەت بەرگەنلىكى ... ئاشۇ ئون يىللىق ئەسلىمىلەر ئۇنى

مېھمانخانىغا ئېلىپ كەلدى. زالدىكى تام سائەتنىڭ سترېلـ
كىسى بىردىن ئۈتكەنىدى. بىر قېرى موماي ئۇنىڭدىن
تاماق يەيدىغان - يېمەيدىغانلىقىنى سورىدى، ئۇ، ياق،
دېگىنىچە ئۇستىنىكى قەۋەتكە ئالدىراش چىقىپ كەتتى. ئىشىك
نى ئېچىپ ئۈيگە كىردى. قورۇقدىلىپ قالغان ئۆي
ئۇنىڭ كۆزىگە ناھايىتى سوغۇق كۆرۈندى. ئۇ ئەندىكىپ كېتىپ
ئۈينىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ تۇردى. ئۆيدىكى نەرسىلەرنى
كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلدى. قوڭۇر سىرلانغان ئىككى كارىۋات
نىڭ بىرسى بوش تۇراتتى، يەنە بىرسىدە ئۆزىنىڭ يوت
قان - كۆرپىلىرى بارئىدى. ئۇ بىر دەم ئۆرە تۇردى،
خۇددى بىرسى ئىتتىرىۋېتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويغاندەك يېزىق
ئۇستىلىنىڭ يېنىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا بېرىپ
ئولتۇرۇپ قالدى. ئادەمنى بۇرۇختۇم قىلىۋېتىدىغان ئېغىر
ئىچ پۇشۇقىنى يەنىلا يېزىقچىلىق بىلەن يېڭىش كېرەك.
ئۇ ئۇستەلنىڭ تارتمىسىنى ئاچتى، قولىغا باللىرى كۆرىدى
غان رەسىملىك ژۇرنالنىڭ بىر نەچچە بېتى چىقتى. يەنە
پۈتى سۇنۇپ كەتكەن بىر-ئىككى ئويۇنچۇق چىقتى. بۇ
نەرسىلەرئۇنىڭغا تۇتىيادەك تۇيۇلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ
تال چىۋىقتىن توقۇلغان ساندۇقنى ئېچىپ، ئايالى ئادەتتە
كېيىپ يۈرىدىغان ئىزمىلىق پاختىلىق چاپاننى كۆرۈپ
قالدى، چاپاننى قۇچاقلاپ ئۇزاق سۆيدى. چاپان
دىن كېلىۋاتقان بىلىنەر-بىلىنمەس خۇش پۇراقتىن ئۇ
يوشۇرۇن ئازابنى سەزدى. ئۇ ئويۇنچۇق بىلەن رەسىم
لىك ژۇرنالنى ساندۇققا سالدى - دە، جايىغا بېرىپ ئول
تۇردى. ئالدىغا ماقالە قەغەزلىرىنى يېيىپ، قەغەزگە «مۇقەد
دەس نۇر» دېگەن خەتنى يېزىپ، قەلەمى توختاپ قالدى.

قانداق باشلىسام بولار؟ تارىخچىلارنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە يىل - ئايدىن باشلايمۇ ياكى دراماتورگلارنىڭ ئۇسلۇبى، بويىچە ئاۋۋال دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىدىن باشلايمۇ؟ باشتىن تەرتىپ بىلەن بايان قىلايمۇ ياكى تۈز بايان قىلايمۇ؟ بىر نۇقتىدىن تەسۋىرلەيمۇ ياكى كۆپ نۇقتىدىن تەسۋىرلەيمۇ؟ بىرىنچى شەخسنىڭ تىلىدىن يازايمۇ ياكى ئۈچىنچى شەخسنىڭ تىلىدىن يازايمۇ؟ ئون يىللىق تۇرمۇشنىڭ قەيىرىدىن باشلاي؟...ئۇنىڭ كاللىسى تۇرۇپلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئۇ تۈنۈگۈن بىركېچە ئۇخلىمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىسالدىلىقتا ئېلىشىپ كەتكەن كاللىسى خۇددى بۇتخانىدىكى تاش چىراغدەك ئازراقمۇ نۇر بېرەلمەيدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى ناھايىتى تۇيغۇن ئىدى. قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئۇنىڭغا ئايالىنىڭ ئاياغ تىۋىشىدەك، باشقا بالىلارنىڭ يىغىسى بالىلىرىنىڭ يىغىسىدەك تۇيۇلۇپ كېتەتتى. ئايالى قېنى؟ بالىلىرىچۇ؟ ئۇلار خۇاڭخەي دېڭىزىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئاھ، ئۇلار خۇاڭخەي دېڭىزىدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئەتە تىنچ - ئامان فۇگاڭغا بارسىكەن، يولدا بىرەر خېيىم - خەتەر چىقمىسىكەن، ئۇ ئىچىدە شۇنداق تىلەپ قەلەمنى ئۈستەلگە قويدى، ھەي، بۈگۈن كاللام ئەجەب ئىشلىمەي كەتتىتا! دەپ پەلتۇسىنى سېلىپ كارىۋاتقا بېرىپ ياتتى ... ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى، گۈدۈك ئاۋازى، پاراخوتنىڭ قوزغالغان چاغدىكى ئاۋازى ... ھېلىھەم ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭرايتتى. ئېسانى كۆتۈرگەن بۈۋى مەريەم، سۇنۇق لوڭقىنى كۆتۈرگەن ئانا - بالا، خۇاڭخەي دېڭىزى، قۇاۇلە قېپى، ئۈۋىسىدىن ئايرىلغان قۇشقاچ،

Beatrice، پاختىلىق چاپان، مۇقەددەس نۇر، مۇقەددەس نۇر، مۇقەددەس نۇر...

سوغۇق چىراغ نۇرى چۆلدەرەپ قالغان ئۆيىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئىككى كۈندىن بۇيان چارچاپ كەتكەن روھ ئۆزىنىڭ رولىنى ئاستا - ئاستا يوقاتماقتا ئىدى.

# كىچىكىپ ئېچىلغان گۈيخۇا گۈلى

## يۈي دافۇ

### ياسىن سېيىت تەرجىمىسى

يۈي دافۇ (1896 – 1945) جېجياڭ فۇياڭلىق. ئۇ 1911 – يىلى ياپونىيىگە بېرىپ ئوقۇغان، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى 1921 – يىلى توكيودا باشلىغان.

يۈي دافۇ ئەدەبىيات جەھەتتە بىلىمى بىر قەدەر يۇقىرى، ھېكايە، نەسىر ۋە كونىچە شەكىلدىكى شېئىر ئىجادىيىتىدە چوڭراق مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يازغۇچى. لېكىن ئىدىيىسى بىلەن ئىجادىيىتى ناھايىتى زىددىيەتلىك، مۈرەككەپ ھالەتلەر تولا. ئۇ كونا دۇنيادىن يۈز ئۆرۈپ، يورۇقلۇققا، ئىنقىلابقا ئىنتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىچكى دۇنياسىدا ئىزدىنىش باسقۇچىدا كۆپرەك تۇرۇپ قېلىپ ھەقىقىي كەلگۈسىنى كۆرەلمەي، يالغۇزسىراپ، ئۈمىدسىزلىنىپ، بوشىشىپ كەتكەن. بۇ خىل زىددىيەت «4 – ماي» مەزگىلىدىكى كونا جەمئىيەتتىن نارازى بولغان، لېكىن چىقىش يولى تاپالمىغان زىيالىيلارنىڭ ئاجىزلىقىنى، تۇراقسىزلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

يۇي دافۇ كۆپ ئەسەرلىرىدە روھىي دۇنياسى كېسەللىك
ھالىتىدە تۇرغان ياشلارنىڭكى مەيۇسلۇك ۋە غۇۋالىقـ
نى ئەكس ئەتتۇرگەن.

يۇي دافۇ 1922 – يىلى ياپونىيىدىن
ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ «ئىجادىيەت ھەيئىتى» گېزىتـ
تى»، «ئىجادىيەت پەسىللىك ژۇرنىلى» نىڭ
تەھرىرى، ئىجادىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئەزاـ
سى بولغان.

ئۇ 1926 – يىلى بارلىقىنى ئىنقىلابقا بېغـ
ىشلاش قىزغىنلىقى بىلەن گۇاڭجۇغا بېرىپ، گۇاڭـ
دۇڭ داشۆسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ئەپسۇسكى
ناھايىتى تېزلا ئۈمىدسىزلىنىپ، شاڭخەيگە يېنىپ كەلـ
گەن، 1927 – يىلى ئىجادىيەت جەمئىيىتىدىن چېكىنـ
گەن، 1928 – يىلى لۇشۈن ئەپەندى بىلەن بىرـ
لىشىپ «ئېقىم» ئايلىق ژۇرنىلى چىقارغان، 1930 –
يىلى ئەركىنلىك ھەرىكىتى بۈيۈك ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسـ
لىق قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان، شۇيىلى
«سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى» غا كىرگەن، 1933 –
يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاق تېررورلۇقى
ئاستىدا خاڭجۇدا تەركىدۇنيا بولۇپ ياشىغان. رېـ
ئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشتەك بۇ خىل خاھىش
ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. «كېـ
چىكىپ ئېچىلغان گۈيخۇا گۈلى» دەل شۇچاغدا
يېزىلغان. بۇ ئەسەردە تەركىدۇنيالىق گۈزەللەشتۈرۈلـ
گەن، مەدھىيىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بەدىئىي جەھەتتە
ناھايىتى تاۋلانغان. تەبىئەت مەنزىرىسى بىلەن

پېرسوناژنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى يۇغۇرۇلۇپ، مۇكەممەل بىرىكىپ كەتكەن، ئەسەرنىڭ تىلى ئېقىن سۇدەك راۋان ھەم چۈشىنىشلىك.

ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى يۈي دافۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئويغاتقان. ئۇ گومورونىڭ تەكلىپ قىلىشى ئارقىلىق شۇ چاغدىكى سىياسىي - تەشۋىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، 1938 - يىلى سىنگاپورغا بېرىپ، شۇيەردىكى مۇھاجىرلار ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە قاتناشقان، 1942 - يىلى سوماترا ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىنىپ، 1945 - يىلى 9 - ئايدا ياپون جاسۇسلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. (**ياڭ شۇيى**)

بۇرادەر × ×

خېتىم تۇيۇقسىز قولىڭىزغا تەگكەندە، تاڭ قالارسىز ياكى خەت يازغان ئادەمنىڭ قايسى ۋېن ئىكەنلىكىنى شۇزامات ئېسىڭىزگە ئالالمايدىغانسىز. لېكىن ئوبدانراق ئويلىنىڭ، سىز ئەمەل تۇتۇۋاتقان ئادەممۇ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھال - كۈنىڭىزنىڭ مېنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ياخشى بولۇشىمۇ ناتايىن. شۇڭا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بۇ ئىشلارنى تىلغا ئالمىسام بولاتتى. چۈنكى بۇنداق ئىشلار سىز بىلەن بىزدىن باشقا ئېسىلزادە ياكى ھال - كۈنى گۈلدەك ئۆتۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئىككى ھەپتە ئىلگىرى تويلۇق كىيىم - كېچەك ۋە ئۆي جاھازلىرى ئالغىلى تاغدىن چۈشتۈم. شەھەرگە كىرمىگىنىمگە ئۇزۇن يىل-

لار بوپتىكەن. شەھەردىكى يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ خۇددى دۇنياغا قايتا كەلگەندەك بولدۇم. بىر كىتابخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، سىزنىڭ تەرجىمىھالىڭىز توغرۇلۇق يېزىلغان ئوبزور خاراكتېرلىك بىر نەچچە كىتابچىنى كۆرۈپ قالدىم، كىتابخانىغا كىرىپ سوراپ، ئەسەرلىرىڭىزنىڭ توققۇز - ئون پارچىگە يەتكەنلىكىنى بىلدىم. سىزنىڭ ۋە سىزگە ئائىت كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېلىپ، ئۆيگە كېلىپ ئوقۇدۇم، كۆرمىگىلى ئون نەچچە يىل بولغان، كۆڭۈلگە كەتمەيدىغان چىرايىڭىزنى يېڭىباشتىن كۆرگەندەك، يېقىملىق ئاۋازىڭىزنى قايتا ئاڭلىغاندەك بولدۇم. مەن ئۆزۈمنى باسالماي ئەسەرلىرىڭىزنى ئىككىنچى قېتىم يەنە بىر ئوقۇپ چىقتىم. ئوقۇغانسېرى سىز بىلەن بىرقېتىم بولسىمۇ خەت - ئالاقە قىلىش، شۇ ئارقىلىق يۈز كۆرۈشۈش ئويىغا كەلدىم. نۇرغۇن يىل گېزىت كۆرمەي، دۇنيادىن بىخەۋەر ئۆتۈپ، قولۇمغا زادىلا قەلەم ئېلىپ باقمىغاچقا، نەچچە نۆۋەت خەت يېزىش نىيىتىگە كەلگەن بولساممۇ، لېكىن بۇ ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پېتىنالمىغانىدىم. مانا ئەمدى پۇرسەت كەلدى. تويۇمنىڭ پۈتۈن تەييارلىقى پۈتتى. ياشىنىپ قالغان ئاپام ئەتە ئەتىگەندە يەنە شەھەرگە كىرمەكچى بولۇپ بالدۇرلا يېتىۋالدى، تۇل قالغان بىچارە سىڭلىم كۈندۈزى بەك ھېرىپ كەتكەچكە، شۇتاپتا ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كەتتى. كۆڭلۈمدە پەيدا بولغىنىغا يىگىرمە ئايدىن ئاشقان بۇ ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇزۇن يىل ئىشلەتمەي توپا بېسىپ كەتكەن قەلەمنى قولۇمغا ئېلىپ، جىم ئولتۇرۇپ خەت يېزىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتىم.

مەن يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە گەپنى نەدىن

باشلاشنى بىلمەي قېلىۋاتىمەن. سىز بىلەن ئايرىلىپ، خەت ـ ئالاقە قىلىشماي، ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى. ئەسىرىڭىزنى ئوقۇغاندىن كېيىن كۆڭلۈمدە شۇ قەدەر مۇرەككەپ ھېس ـ تۇيغۇلار قوزغالدى. سىز بىلەن خەت يۈزى ئارقىلىق دېيىشىدىغان گەپ ـ سۆزلەر كاللامغا كىرىۋېلىپ ھېچ ئارامىمنى قويمىدى. بۇ گەپ ـ سۆزلەر يىگىرمە تۆت تارىختەك ئۇنداق كۆپ، قالايمىقان بولمىسىمۇ، لېكىن پارتلاش ئالدىدا تۇرغان يانارتاغنىڭ ھارارىتىدەك قىزىق ھەم كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالدىم.

خاڭجۇ دېڭىز قىرغىقىدا ئايرىلغىنىمىزدىن بۇيان، ئارىدىن ئالاھەزەل ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى. قىش كۈنلىرىنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر ئەتىگەنلىكى، سوغۇق شامالدا ئۆزىڭىز يالغۇز مېنى توكيوغا ماڭىدىغان ماشىنىغا سېلىپ قويغان چاغدىكى ھالىتىڭىز ھېلىمۇ ئېسىمدە. ھېلىقى «جەنۇبقا ئۇچۇش» ئەسىرىڭىزدىكى باش قەھرىمان مەن شۇمۇ؟ شۇ يىلىدىن تارتىپ كۆكرەك بوشلۇقى كېسىلىنىڭ دەردىدە سىز بىلەن بىرەر قېتىم يۈز كۆرۈشەلمەي ياكى خەت ـ ئالاقە قىلىشالمايلا ۋەتەنگە قايتتىم. يېرىم يولدا ئوقۇشتىن چېكىندىم. ھاياتتىن ئۈمىد قالمىغان چاغدا، جاھانسازلىق قىلمىدىغانغا، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلىق بولمىدىغانغا نەدە چولا؟ شۇ چاغلاردىكى ياشلارغا خاس جاسارىتىمنى، بۈيۈك ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمنى سىز بىلەتتىڭىز. پاراللېل سىنىپتا ئوقۇيدىغان بىر يۇرتلۇق ساۋاقداشلاردىن ئىككىمىزنىڭلا باردى ـ كەلدىمىز قويۇق ئىدى، بىر مېھمانخانىدا ياتقان ۋاقتىمىزمۇ ئۇزۇن ئىدى. كەلگۈسىدە

ئىنسانىيەتكە ۋە دۆلەتكە كۆپرەك تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن ئۆگىنىشكە ئۆزىڭىزنى بەك ئۇرۇپ كەتمەي، سالامەتلىكىڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ، دەپ نەسىھەت قىلىدىغان ئادەممۇ سىز ئىدىڭىز. مەيىن شاماللىق، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى سىزدىن باشقا ھېچكىم مېنى دومۇچۇەنشاڭجىنىنىڭ بېشىدىكى باغچىغا ۋە ۋۇساڭيېغا ئوخشاش يېقىن ئەتراپتىكى يەرلەرگە ھاۋا يېگىلى باشلاپ بارمايتتى. ئالىي مەكتەپتە كۆڭۈللۈك ئۆتكەن ئاشۇ نەچچە يىللىق تۇرمۇش شۇتاپتا كۆزۈمنى يۇمساملا كۆڭۈل ئېكرانىمدا روشەن ئايان بولىدۇ. سىزنىڭ دەسلەپكى چاغلاردا يازغان نۇرغۇن ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇپ ئەسلىمىلىرىم تېخىمۇ يېڭىلاندى. ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇغانسېرى مەندە سىز بىلەن بىرقېتىم بولسىمۇ خەت - ئالاقە قىلىش ئارزۇسى باشقىچىلا كۈچەيدى. بۇنىڭغا دەل ئۆتكەن ئاشۇ ئىشلارنى ئەسلەش سەۋەب بولدى. مەن ئىنىكىمىز بىللە باشتىن كەچۈرگەن ئۇ ئىشلارنى يازغان ھالەتتىمۇ، سىزدەك ياخشى يازالمايمەن، يازمىساممۇ، سىزمۇ ئۇنىداق ئاسان ئۇنتۇپ كەتمەيسىز. شۇڭا بۇ توغرۇلۇق كۆپ سۆزلىمەيمەن. مەن شۇ يىلى قىشتا قايتىپ كېلىپ تاغلىق كەنتىمىزدە داۋالىنىش بىلەن ئۆتكەن ئون نەچچە يىللىق تۇرمۇش ئەھۋالىمنى سىزگە تەپسىلىي دوكلات قىلماقچىمەن.

شۇ يىلى قىشتا قان تۈكۈرۈپ، سوغۇقتىن قېچىپ سىز بىلەن خاڭجۇغا باردىم. ئويلىمىغاندا ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ھېلىقى قىز بىلەن تېپىشىپ قالدىم — ئىسمى جىن سازىغۇ دەيمەن؟ ئىسمىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قاراڭ — ئۆزگىنىمۇ ھەم ئۆزىنىمۇ نابۇت قىلىدىغان بۇ مۇھەببەت بىلەن قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈمگە ئىش تېپىۋالدىم. سىزمېنى

توكيوغا يولغا سېلىپ قويغاندىن كېيىن مەن توكيودا ھەپتە - ئون كۈن تۇرۇپ ۋەتەنگە قايتتىم. بىز شەھەردىن يىگىرمە نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى ۋېنجيا كەنتىدە تۇراتتۇق. بۇنى سىز بىلىسىز، مەن ئۆيگە كەلدىم. ئۆزۈمنىڭ كېسىلىمدىن ئۈنچىۋالا قورقۇپ كەتمەيتتىم. لېكىن ئۇ ئون نەچچە يىل تۇل ئولتۇرغان ئاپام قان ئارىلاش تۈكۈركىنى، زەپىرەڭدەك چىرايىمنى، ئورۇقلاپ يىگىلەپ قالغان قامىتىمنى كۆرۈپ ئولتۇرالماي قالدى. چۈنكى داداممۇ مۇشۇ كېسەل بىلەن ناھايىتى ياش ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. ئاپام بۇتقا باش ئۇرۇپ، ئۈسۈملۈك دورىلارنى تېرىپ، دوختۇر چاقىرىپ، تەرەپكە چاپتى. ھەتتا كېيىنكى كۈنلەردە گېلىمدىن ئادەتتىكى تاماقلارمۇ ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالدى. بېشىدىكى ئاق چاچلىرى ماڭا كۈنسايىن كۆپىيىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مەنچۇ! مەن مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدىم. ئوقۇشتىن يېرىم يولدا توختاپ قالدىم. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرۈمدىن چوڭ ئۈمىد كۈتۈپ كەتمەيتتىم. شۇڭا ئۆزۈمنى ئاپامنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردۇم. بالىلىق قەرزىمنى ئادا قىلالمىساممۇ، ئەمما ئاپامنىڭ سىزىقىدىن چىقمىدىم. ئۆيگە قايتىپ كەلگەن دەسلەپكى يىلدا بوسۇغا ئاتلاپ تالا - تۈزگە چىقمىدىم. رەڭگى ھەرخىل، شەكلى غەلىتە، پۇرىقى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان يەرلىك دورىلارنى جىق ئىچىپ كەتتىم. شۇنىسى قىزىق، ساقىيىشىمدىن ئۈمىدىمنى ئۈزگەن بۇ ئەجەللىك كېسەل ۋەتەنگە قايتىپ ئىككىنچى يىلى باھاردا تەڭرىنىڭ قودرىتى بىلەن بارا - بارا ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئاخشىمى

قىزىمايدىغان، مۇزدەك تەرلىمەيدىغان، قان ئارىلاش تۈكۈرمەيدىغان بولدۇم. ئاپامنىڭ خۇشاللىقىنى بىر دې-مەڭ، دورامنى قاينىتىپ، يامىقىمنى ياماپ، ھالىمدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان ھېلىقى سىڭلىمنىڭمۇ باھاردەك ئېچىلىپ كەتكەن چىرايىدا غەم بۇلۇتلىرى تارقاپ، كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان كۈلكە ئەكس ئەتتى، ياز كىرگەندە دورا ئىچىش-تىن قۇتۇلدۇم. كەيپىياتىم ياخشى بولۇپ قالغان چاغلاردا ئاپام، سىڭلىم ئۈچىمىز تاغنىڭ ئالدى - كەينى-دىكى چايزارلىقتىن چاي، ئېتىزلىقتىن ئوتياش ئۈزەتتۇق. مەن ئۇلارغا ئاز - تولا ئىشلىشىپ بېرەتتىم. شۇيىلى — مەن قايتىپ كەلگەنگە ئۈچ يىل بولغان يىلى—كۈزدە ئائى-لىمىزدە خۇشاللىق ھەم قايغۇلۇق — گەرچە قايغۇلۇق دې-يىلىسىمۇ ئەمەلىيەتتە خۇشال بولىدىغان تراگكومېدىيە ئى-دى — ئىككى ئىش تەڭلا يۈز بەردى. بۇنىڭ بىرىنچىسى، سىڭلىم ياتلىق بولدى؛ ئىككىنچىسى، شەھەردىكى بىر ئائىلە بىلەن پۈتۈشكەن توي ئىشى بىكار قىلىندى، سىڭ-لىم شۇيىلى ئون توققۇز ياشقا كىرگەنىدى. بىزگە كۈيئو-غۇل بولغۇچى تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى باي ئائىلىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇلار ئەلچى ئەۋەتكەندە، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىمىز ئوقۇمۇشلۇق ئۆتكەن بولغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇ-مۇشلۇق ئائىلە بىلەن قۇدا بولماقچى ئىكەنلىكىنى بىل-دۈرگەنىدى. چاي ئىچۈرۈلۈپ ئارىدىن تۆت - بەش يىل ئۆتۈپ كەتتى. دەسلەپتە ئاپام سىڭلىمنى كىچىك دەپ ئۇنىمىغان، كېيىن مەن كېسەل بولۇپ قايتىپ كەلدىم، بۇ ئىشمۇ ئىككى - ئۈچ يىل كەينىگە سۈرۈلدى. مەنمۇ ھەر ھالدا ساقايدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىڭلىمنىڭمۇ ياتلىق

بولىدىغان مەزگىلى بولۇپ قالغانىدى. قۇدا بولغۇچىلار
كېلىپ گەپ قىلىشۇردى، ئاپامۇ ماقۇل بولدى، شۇنداق
قىلىپ سىڭلىمنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى بىر ھېسابتا ھەل بول-
دى. مېنىڭ توي ئىشىمغا كەلسەك، دادام تۈگەپ كېتىشتىن
بىر يىل ئاۋۋال شەھەردىكى مەرتىۋىلىك يەرلىك بىر ئائى-
لە بىلەن قۇدا بولۇشقانىدى. شۇچاغلاردا مەن ناھايىتى
كىچىك ئىدىم. ھەرھالدا قولىمىز خېلى ئۇزۇن ئىدى.
يەنە كېلىپ مەن ئۆينىڭ چوڭى ئىدىم، ئۆيدىكىلەرنىڭ
مېنى ئوقۇتۇپ، يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىقىشى ئېنىق،
شۇڭا ماڭا دېيىشكەن قىزنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بۇ ئىشقا ماقۇل
بولۇشقانىدى. ھازىرقى قاراش بىلەن قارىغاندا، بۇ توي
ئىشنى جان چىقىپ كەتسىمۇ چوقۇم قىلىشىمىز كېرەك
ئىدى. خاڭجۇلۇقلارنىڭ قائىدە - يوسۇنىدا، نامراتلارنىڭ
قىزلىرى نامراتلارنىڭ بالىلىرىغىلا لايىق بولاتتى. يېزى-
لىق قىزلارنىڭ شەھەرلىكلەرگە ياتلىق بولۇشى نورمال
ئىش. شەھەرلىك نازىنىن خېنىملار بولسا ياتلىق بولۇپ
يېزىغا بارغىلى ئۇنىمايتتى. شۇ چاغدىكى بۇ تويلىشىش
باشتىلا سەل توغرا قىلىنمىغانىدى. كۆپ ئۆتمەي دادام
ئالەمدىن ئۆتتى، دادامنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىپ كۆپ چى-
قىمدار بولدۇق. يىللار كەينى - كەينىدىن ئۆتىۋەردى،
ئانا - بالا ئۈچىمىز ئۆيدە بىكار يەپ ياتتۇق، ئورۇق -
تۇغقانلىرىمىز بىزنى تول خوتۇن - يېتىم ئوغۇل دېمەي،
ئارىلاپ - ئارىلاپ، ئانچە - مۇنچە ئېزەتتى. ئاپام ساددا
ئايال ئىدى، چايىزارلىق بىلەن ئېتىزنى ساتىدىغان چاغ-
دا، بازار باھاسىنى بىلمەي، جەمەتىمىزدىكىلەرنىڭ قاق-
تى - سوقتى قىلىشىغا ئۇچراپ كەتتى. مانا مۇشۇنداق

تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەن ھۆكۈمەت راسخوتى
بىلەن ياپونىيىگە ئوقۇشقا بارىدىغان ئاشۇ يىلى، ۋېنجيا
كەنتىدە ئەۋلادتىن ئەۋلاد ئوقۇمۇشلۇق، دەپ ئاتىلىپ
كەلگەن بۇ ئائىلە ئازغىنا چايزارلىق ۋە بىرنەچچە پارچە
قاقاس يەرگە قاراپ قالغانىدى. مەن چەتكە ئوقۇشقا چىقىـ
دىغان چاغدا، بىزگە قۇدابولغۇچىلار بىر چەتتە قاراپ
تۇرماي ماڭا ئازراق يول راسخوتى بەردى. كېيىن قىشـ
لىق ھەم يازلىق تەتىللەردە قايتىپ كەلگەن مەزگىلـ
لەردە ئۇلار تويىنى قىلىۋەتسەك، دەپ ئارىغا كىشى قويدى.
ئەمما مەن ھېلىقى ئەجەللىك كېسەلگە گىرىپتار بولدۇم،
ئوقۇشۇممۇ يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قالدى. ئارىدىن ئىكـ
كى - ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئوتـ
تۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەت تەبىئىي ھالدا ئۈزۈلدى. شۇيىل
كەچكۈزدە، سىڭلىم ياتلىق بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، كېلىن
تەرەپتىن بۇرۇن ئوتتۇرىدا ماڭغان ئەلچى كېلىپ ئاپامغا،
سىلەرنىڭ چوڭ بەگزادەڭلەر ئاغرىقكەن، بۇ چاغدا توي
قىلىش تازا مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىن بو-
لىدىغان بالا ئۆمۈرۋايەت توي قىلماسلىق نىيىتىگە كەپتۇ.
شۇڭا بۇ توي توختىمىنى بىكارقىلىۋەتسەك، دېگىنىچە بوپىـ
دىن چاي ئىچۈرگەنىدە ئاپارغان ياقۇت - زۇننارنى، قىزىل -
يېشىل باغاقلارنى چىقىرىپ، ئاپامغا بەردى. ساددا ھەم
ياۋاش ئاپام قولىدىن چوڭ ئىش كەلمىسىمۇ ناھايىتى
نومۇسچان ئايال ئىدى. ئەلچىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ،
داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى.
ھېلىمۇ ياخشى ئاپامنىڭ يېنىدا مەن بار ئىكەنمەن. ئاپامـ
غا كۆپ تەسەللى بەردىم. ئاپام كۆز ياشلىرىنى يۇتۇپ،

كېلىن تەرەپنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرىنى ۋە سەككىز خەتلىك باغاقلىرىنى ئەلچىگە قايتۇرۇپ بەردى. ئەلچى كەتكەندىن كېيىن تاغىنىڭ كەينىگە قويۇلغان دادامنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ، تا گۇگۇم چۈشكۈچە يىغلىدى. مەن قوۋۇم ـ قوشنىلار بىلەن بېرىپ ئاپامنى ياندۇرۇپ ئەكەلدىم. ئاپام يول بويى ئۈن سېلىپ يىغلاپ ھەممىمىزنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىۋەتتى. توي ئىشىنىڭ بۇزۇلغىنىغا مەنلا خۇش ئىدىم. ئەسلىدىمۇ بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى. لېكىن كاللىسى كونىلىققا تولغان ئاپام، ئۇلار ۋېن جەمەتىنىڭ ئەۋلادىدىن ئەۋلاد ساقلاپ كېلىۋاتقان يۈز ـ ئابرويىنى تۆكۈۋەتتى، دەپ بىلەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاز كەم ئون يىلغىچە ئاپام ئىككىمىز غېرىب ـ غۇرۋالاردەك مىسكىنلىكتە ياشىدۇق. بۇھال ئالدىنقى قىش، يولدىشى ئۆلۈپ كېتىپ سىڭلىم ئۆيگە قايتىپ كەلگۈچە داۋاملاشتى. شۇنىڭغىچە بىزنىڭ كۈنلىرىمىز تۈرمىدىكىلەرنىڭ كۈنلىرىدەك غەشلىكتە ئۆتتى.

تۇل قالغان سىڭلىمغا كەلسەك، ئۇنىڭدا خوراپىي قاراش ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى. بوي تارتىپ قاۋۇل چوڭ بولغان بولسىمۇ ساددا، شوخ مىجەزى بىلەن كىچىك باللارغىلا ئوخشايتتى. ياتلىق بولغان يىلى كۆچۈرۈپ ماڭغاندا ئۇ خۇددى بازارغا بېرىپ كېلىدىغاندەك بەك خۇشال ئىدى. ئارىدىن ساق ئىككى ئاي ئۆتۈپ، چاغانغا ئاز قالغاندا، يىغىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان سىڭلىم ئاپامنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى. ئاڭلىساق، سىڭلىمنىڭ قېيىن ئاتىسى ئوڭلۇق ئادەم ئىكەن. قېيىن ئاپىسى ئۇششاق گەپى تولا، كۆزى كىچىك ئايال ئىكەن. قېيىن سىڭىللىرىنىڭ تىلى زەھەر، ئەر-

لىرى شاللاق، تاش يۈرەك بىرنېمىلەركەن. شۇڭا سىڭلىمغا
ئەتىدىن كەچكىچە بىرەر مىنۇت خاتىرجەملىك يوق
ئىكەن. سىڭلىم ئۆيدىكى چاغدىلا ئىشقا پىشىپ كەتكەن،
ئىشتىن زارلىمايدۇ. بىرەرتال سەرەڭگىنى ئارتۇق ئىشلىتىپ
قويسا، قېيىن ئاپىسى تاپا - تەنە قىلىپ كېتىدىكەن، قېيىن
ئاپىسىنىڭ بۇنداق پېتىر پىششىقلىقىغا ئۇ پەقەت چىدى-
ماپتۇ. ئىككى قېيىن سىڭلىسى خوددى ئاپام سىڭلىمنى
ئاكىسىغا بالدۇرراق بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاكىسى ئاشنا
ئوينايدىغان ئەسكى ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالغاندەك بۇنى پۈ-
تۈنلەي سىڭلىمدىن كۆرۈپ، ئىككىسى ئىككى ياقتىن
زەھرىنى سانجىيدىكەن. تويدىن كېيىن يىگىت ئەسكى
ئادىتىنى يەنىلا تاشلىماپتۇ. كۆپىنچە شەھەردىكى ئاشنىسى-
نىڭ يېنىدا بولىدىكەن. ئۆيگە ئانچە كەلمەيدىكەن، بۇمۇ
سىڭلىم ئۈچۈن بىر گۇناھ بوپتۇ. قېيىن ئاپىسى سىڭلىمنى
ئېرىنى كۈتۈشنى بىلمەيدۇ، دېسە، قېيىن سىڭىللىرى، ھەتتا
ياخشى گەپ قىلىشنى، ئالداشنىمۇ بىلمەيدىكەن، دەپ
سىڭلىمغا قىردىچە - يېنىچە تېگىدىكەن. بەزىدە قېيىن ئاتىسى
چىداپ تۇرالماي سىڭلىمغا بولۇشسا، قېيىن ئاپىسى ئۆزىچىلا
ئېرىنى، ھەي قېرى! نومۇس قىل، نومۇس، قېرىغىنىنى
تۈيمىغان جۇۋاينىمەك، دەپ تىللاپ كېتىدىكەن. ناشايان
ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەچكە، سىڭلىمنىڭ يولدىشى ئالدىنقى
يىلى يازدا جىددىي كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. سىڭ-
لىمغا، ئايىغى ياراشمىدى، دەپ يەنە بىر گۇناھ ئارتىلدى.
سىڭلىم ياپياشلا تۇل قالدى. قېيىن ئاتىسى سىڭلىمغا خەيرى-
غاھلىق قىلسا، قېيىن ئاپىسى، بۇنى يېقىنچىلىق قىلىۋاتىدۇ
دەپ بىلىپ، ئېرى بىلەن پات - پاتلا سوقۇشۇپ قالىدى-

كەن. بىر قېتىملىق جېدەلدە سىڭلىم تىل - ھاقارەت
ئىشىتىپ، ئۆيدىن قوغلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالدى -
كەينىگە قارىماي يەنە بىزنىڭكىگە قايتىپ كەلدى. سىڭ-
لىم قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاپامنىڭ قولىغا قول،
پۇتىغا پۇت بولدى، ئۆيدىكى بۇرۇقتۇرمىچىلىقمۇ خېلىلا
پەسەيدى.

سىز بىلەن ئايرىلىپ ئون يىلدىن بۇيان بىزنىڭ
ئۆيدىكى تۇرمۇش ئاساسەن مانا مۇشۇنداق ئۆتتى. ئادەتتە
شەھەرگىمۇ كىرمەيمەن، شىۋىرغان يوللارنى قار بىلەن كۆمۈپ
تاشلىغان پەسىللەردە ئاپام ئىككىمىز نەچچە ئاي تالا -
تۈزگىمۇ چىقمايمىز. سىڭلىم قايتىپ كەلگەندىن كېيىن
تۇرمۇشىمىزدا سەل ئۆزگىرىش بولدى. ئۇزۇن يىل تاش-
لىۋەتكەن چاي تېرىش ئىشىنى قايتا قولىمىزغا ئېلىپ،
بولتۇر بىر - ئىككى يۈزجىڭ ھوسۇل ئالدۇق. ئون
نەچچە يىل ئۆيدە كۈتۈنۈپ سالامەتلىكىممۇ خېلىلا ئوبدان
بولۇپ قالدى. بۇ يىلدىن باشلاپ تاغدىكى ئەنگۈك ئىبادەتخانى-
سىدا ئاچقان باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم بولدۇم. لېكىن
تۇرمۇشقا بىرنېمە دېگىلى بولمايدىكەن. ئادەم ئاز - تولا
مىدىرلىسا، تۇرمۇش خۇددى تاغدىن پەسكە قاراپ دومىلى-
غان تاشتەك توختىماي ئۆزگىرىش ياسايدىكەن. مەن مۇئەللىم-
چىلىك قىلىپ، ئۆيدىكىلەر چىشىنى چىشلەپ ئۆزىمىزنى
يامان ئەمەس ئوڭشىۋالغانىدۇق. بۇ يىل ياز بىرى كېلىپ
ماڭا بىر قىزنى تونۇشتۇردى. ئۇ قوشنا كەنتتىكى يى-
گىرمە يەتتە ياشقا كىرگەن قېرى قىز ئىدى، باي ئائىلى-
لەردىن بولمىسىمۇ، ئەمما ھال - كۈنى ئوبدان، ئۆزى
كىچىكىدىن تارتىپ ئانچە - مۇنچە كىتاب ئوقۇغان،

شەھەرگە كىرىپ مەكتەپ يۈزىكۆرگەن،چىرايىمۇ ھەر ھال-
دا بولىدىغان قىز ئىدى. مەن ئۇنى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا
شەھەردە غىل - پال كۆرگەنىدىم. ئۇ ئوبدانىراق يەر چىقماي،
مۇنداقراق يەرنى ياراتماي ياشلىق باھارىنى بىھۇدە ئۆت-
كۈزۈۋەتكەنىدى. مەن مۇئەللىمچىلىك قىلىۋاتقان مەكتەپ-
نىڭ پەخرى مۇدىرى — ئۇ بىز بىلەن بىر جەمەت — ئۇ
قىزنىڭ تۇغقىنى ئىدى. شۇڭا بۇ مۇدىر ئوتتۇرىدا ماگىماقچى
بولدى. مەن يالغۇزلۇققا كۆنۈپ قاپتىمەن. يەنە كېلىپ
سالامەتلىكىمنى بەك ياخشى دەپ ئېيتالمايتتىم. توي قىل-
سام، كونا كېسىلىمنى قوزغالمايدۇ، دېگىلى بولمايتتى.
بو ئىشنى باشتا قەتئىي رەت قىلدىم. لېكىن ياشىنىپ قالغان
ئاپام مېنى ئۆيلەش نىيىتىمدىن تېخىچە ۋاز كەچمىگەنىدى.
ئۇ مېنى ئۆيلەپ، بالا - چاقىلىق قىلىپ، ئائىلىمىزنىڭ
ئابرويىنى قايتا تىكلەشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇتوي ئىشى
كېسەل بولغان ئەينى يىللاردا جىڭگى دورىسى ئىچكەنگە
ئوخشاش مەجبۇرىي رەۋىشتە ئۇستۈمگە چۈشتى. ئون نەچچە
يىل ۋاقتىم ئۇيەر - بۇيەردە يۈرۈپ بىكار ئۆتۈپ كەتتى.
ئەمدى قولۇمدىن ھېچقانداق چوڭ ئىش كەلمەيدۇ، ئۆم-
رۈمنىڭ غۇلىچى تۈگەپ، غېرىچى قالدى، كۆرگەن كۈنۈمگە
شۈكرى - قانائەت قىلىپ ئۆتۈپ كېتەي، دېگەن يەرگە
كەلگەنىدىم. لېكىن ئاپامنى خۇش قىلىش ئۈچۈنلا بۇ پىك-
كىرىمدىن ياندىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ توي ئىشى ناھايىتى
قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆڭۈلدىكىدەك پۈتتى. قىزنى كۆچۈر-
دىغان كۈن دېھقانلارنىڭ كالېندارى بويىچە 9 - ئاينىڭ
20 - كۈنىگە بېكىتىلدى.
مەن مۇشۇ توي تەييارلىقى بىلەن شەھەرگە كىرىپ.

ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن سىزدەك بىر قەدىناس دوستۇمىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدىم. ئۆتكەن ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلىشىش ئۈچۈن سىزنى تويۇمغا چاقىردىم. خاتىرىڭىز ۋە ئەسەرلىرىڭىزدىن قارىغاندا سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىز جاھان كېزەر دەرۋىشلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئوخشايدىكەن. ئازراق ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ چەت - ياقىغا جايلاشقان كەنتىمىزگە كېلىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇشنى، بەلكىم ئۆزىڭىزمۇ ياخشى كۆرەرسىز. كېلىڭ، چوقۇم كېلىڭ، كەلسىڭىز، كەلمەسكە كەتكەن ئاشۇ ياشلىق دەۋرىمىزنى بىللە ئەسلەيمىز.

ئاپام ياتقان ئۆيدىن تاراقلىغان ئاۋاز كەلدى. ئۇپۇق ئاقىرىپ، تاڭ سۈزۈلگەن ئوخشايدۇ. بۇ خەتنى توپتوغرا بىركېچە ئەجىر قىلىپ يازدىم. كىرپىك قاقمىدىم. مۇشۇ قىزغىنلىقىمنى ئاز - تولا ھېس قىلالىسىڭىز، مېنىڭچە سىز كەلمەي قويمايسىز.

مانا، توخۇ چىللىدى، مۇشۇ يەرگىچە يازاي، قالغان گەپلەرنى يۈز كۆرۈشكەندە قىلىشارمىز!

1932 - يىل 9 - ئاي، ۋېن زېشىڭدىن.

مەن بېيجىڭدا بىرەر ئاي تۇرۇپ شاڭخەيگە قايتىپ كەلگەن كۈنى مەن بىلەن مۇئامىلىسى بار بىر كىتابخانىدىن ماڭا پوچتىدىن ئەۋەتىلگەن بىر پارچە زاكاز خەتنى تاپشۇرۇۋالدىم. مەن خەتنىڭ قېلىنلىقىغا قاراپ، بىرەر تونۇش يازغۇچى ئەۋەتكەن ئەسەر ئوخشايدۇ، دەپتىمەن. لېكىن كېيىنگە قارىسام، خاڭجۇ ۋېنجياشەندىن ئەۋەتىلگەن خەت ئىكەن. ۋېن دېگەن فامىلىنى كۆرۈپلا كۆز ئالدىمغا ئۇزۇن يىل باردى - كەلدى قىلىشمىغان، چىرايى ئاق، سۈزۈك

كەلگەن، تىرىشچان، كونا ساۋاقداشىم لاۋۋېن كەلدى. ئۇنىڭ ئىسمى ۋېن جۈي، كىچىك ئىسمى زېشىڭ ئىدى. ئۇ بويى پاكار، ئۆڭى ئاق، چىرايلىق يىگىت ئىدى، قارىماققا ئۆزىنىڭ يېشىدىن بەش - ئالتە ياش كىچىك كۆرۈنەتتى. سىنىپىمىزدا ئۇنىڭ يېشى ئەڭ كىچىك ئىدى. گىمناستىكا ۋاقتىدا ئۇ ھەممىنىڭ كەينىدە تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ مېنىڭدىن ئىككى ياشلا كىچىك ئىدى. بىر يىلى قىشلىق تەتىلدە سوغۇقتىن قېچىپ ئىككىمىز خاڭجۇغا باردۇق. لاۋۋېننىڭ ئۆپكىسىنىڭ ئوڭ قانىتىنى سىل تاياقچە باكتېرىيەلىرى يەپ تۈگەتكەنىدى. بىردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆپكە كېسىلى بىلەن شۇيەردە داۋالىنىۋاتقان بىر ياپون قىزى ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالىدۇ، نەتىجىدە ھاياجانلىنىش تۈپەيلى ھېلىقى ياپون قىزنىڭ كېسىلى ئېغىرلاپ كېتىدۇ، لاۋۋېنمۇ خۇددى رولچىدىن ئايرىلغان كېمىدەك جۇڭگوغا قايتىدۇ. ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، مەن داشۆنى پۈتتۈردۇم. بۇجەرياندا ئۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق خەۋەر ئاڭلىمىغانىدىم. مەن كۈتۈپخانامدا ئولتۇرۇپ، ئۇزۇن يېزىلغان بۇخەتنى كۆڭۈل قويۇپ باشتىن - ئاياغ ئوقۇپ چىقىپ، خۇددى ئېسىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدەك، يىراقلارغا قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كەتتىم. كاللامدا نۇرغۇن تەسىراتلار بىلەن ئەسلىمىلەر پەيدا بولدى. مەن شۇتاپتا مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ئۇنىڭ كۈلكە ئويناپ تۇرىدىغان مۇلايىم چىرايىنى كۆرگەندەك، سالماق ۋە ياڭراق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. تاكى قاراڭغۇ چۈشكۈچە تۇرغان جايىمدا مىدىر - سىدىر قىلماي تۇردۇم. خىيال كەپتىردىم پەرۋاز قىلماقتا ئىدى. ئاستىنقى قەۋەتتىن ئايالىم چىقىپ مېنى

تاماققا چاقىردى. تاماق ۋاقتىدا مەن ئايالىمغا بۇ كونا ساۋاقداشىمنى، يازغان خېتىنى بىرقۇر دەپ بەردىم. ئايالىم مېنى ئىس - تۈتەككە تولغان شاڭخەيدە بۇرۇقتۇم بولۇپ تۇرۇۋەرمەي، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، خاڭجۇغا بېرىپ توي ھارۋىقىنى ئىچىپ كېلىشكە دەۋەت قىلدى.

ئەتىسى ھاۋا ئوچۇق، سالقىن، ئوبدان كۈن بولدى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە خاڭجۇ ۋوگزالىغا يېتىپ كەلدىم. رىكشا كىرا قىلىپ ۋېنجيا كەنتىگە بارماقچى بولدۇم. لېكىن شۇكۈنى شاڭخەيدىكى ھەر قايسى بانكا ۋە ئورگانلاردىكىلەر بىراقلا دەم ئالغاندەك، خاڭجۇغا ساياھەتكە كەلگەن شاڭخەيلىكلەر ئالامەت جىق ئىدى. ۋوگزال ئالدىدا تۇرۇپ كەتكەن رىكشىلارنى پويىزدىن چۈشكەن يولۇچىلار ئىگىلەپ كەتكەنىدى. مەن نائىلاج يېقىن ئەتراپتىكى بىر ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېدىم. تاماق ئارىلىقىدا ئاشپەزدىن ۋېنجيا كەنتىگە بارىدىغان يولنى سورىدىم. ئاشپەز ماڭا يولنى تەپسىلىي دەپ بېرىپ:

— تۇغلۇقلار كوچىسىغىچە رىكشىغا، توت قۇدۇققىچە ئاپتوبۇسقا چۈشۈڭ، ئۇنىڭ نېرىسىغا پىيادە بارسىڭىزمۇ بولىدۇ، يۈك - تاقىڭىز يوقكەن، ھاۋامۇشۇنداق ئوبدان تۇرسا، رىكشا ياللاشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى.

مەن يولنى بىلىۋالغاندىن كېيىن بەھوزۇر ئولتۇرۇپ، يېرىم جىڭ ھاراق ئىچتىم، گەردىن چىنىدە ئىككى چىنە تاماق يېدىم. ئاشخانىدىن چىقىپ، رىكشا ياللاپ تۇغلۇقلار كوچىسىغا باردىم. بۇ دەل چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ بولغان چاغ ئىدى، خۇلىيۇدۇەندە ئاپتوبۇس يولۇچىلارنى قاچىلاپ قوزغىلىش ئالدىدا تۇرغانىكەن. مەن توت قۇدۇق

تا ئاپتوبوستىن چۈشۈپ، تاغ باغرىدىكى شال ئېتىز-لىرىنىڭ ئارىسىدىكى تاش يېيىتىلغان يول بىلەن مەنجۈ-لۈڭگىغا بارغان چاغدا نامازشام ۋاقتى بولدى. قوي - كالى-لار پاددىدىن يانغانىدى، ئادەملەر ئۆيلىرىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. مەن مەنجۈلۈڭنىڭ تارىيولىدا ئۇزۇن قىز - ئوغۇل ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى كۆرۈپ قالدىم. شۇيلى غارىنىڭ ئېغىزىدا بىر پىيالە چاي ئىچكەچ ئارام ئېلىپ، بىر دېھقاندىن ۋېن زېشىڭنى سورىدىم. ئۇ دېھقان ۋېن زېشىڭنى ئوبدان تونۇيدىكەن.

— تاغنىڭ ئۈستىدىكى، جەنۇبقا قارىغان ئىككىنچى قاتاردىكى ئۆي شۇ ئۇلارنىڭ ئۆيى باشقا ھەممە ئۆيلەر-دىن ئېگىز. تاغقا چىقسىڭىزلا كۆرۈنىدۇ. زېشىڭ ئۆيلەن-مەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار نەچچە كۈن بولدى توي تەييار-لىقى بىلەن ئالدىراش. زېشىڭ شۇ تاپتا ئەنگۇڭ ئىبادەت-خانىسىدىكى مەكتەپتە بولۇشى مۇمكىن، — ئۇ ماڭا ناھايىتى تەپسىلىي دەپ بەردى.

مەن بۇ دېھقانغا رەھمەت ئېيتتىم. چاي پۇلىنى بېرى-ۋېتىپ، يەنشىيا غارىنى بويلاپ، تاش پەلەمپەينى ساناپ دېگۈدەك بېسىپ يۇقىرى ئۆرلىدىم. يۇقىرىلىغانسېرى ئادەم-لەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلدى. گۈگۈم ئالدىدىكى ئوچۇق ئاس-مان ئاستىدا ئۇزۇن دەل - دەرەخلەرنىڭ سايىسىدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيتتى. تاغنىڭ قاپ بېلىدىكى راۋاقتا ئازراق ھاردۇق ئالدىم. كەينىمگە ئۆرۈلۈپ شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ، ياپيېشىل تاغلار بىلەن بولۇۋتەك قويۇق دەل - دەرەخلەرنى كۆردۈم. ياپيېشىل دەل - دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا كاھىش ئۆگزىلەر، ئاپئاق تاملار

ئاندا - ساندا كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى.

— ئاھ، ۋېنجيا كەنتى نېمىدېگەن بەلەن، ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكەن - دە.

مەن يەنىشيا غارىغا كىچىك چاغلىرىدا كەلگەن. لېكىن بۇنداق سالقىن كۈز پەسلىدە، غەربتە كۈن ئولتۇرۇپ، شەرقتىن ئاي كۆتۈرۈلگەن بىر پەيتتە، تاغنىڭ قاپ بېلىدىكى راۋاقتا يالغۇز تۇرۇپ ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرنى قانغۇدەك تاماشا قىلىش پۇرسىتىگە نائىل بولۇپ باقمىغانىدىم.

مەن ئاسماننىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئېسىلىپ تۇرغان قىيغاچ قاشتەك ھىلال ئاينى كۆرۈپ، تىپتىنچ تاغ ئىچىگە جايلاشقان ۋېن زېشىڭنىڭ ئۆيىگە زوقۇم كەلدى. كەينىمدىن سالقىن شامال سوقتى، گۈيخۇا گۈلىنىڭ تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز خۇش بۇي پۇرىقى دىمىقىمغا ئۇرۇلدى.

«ئاھ ...» مەن يەنە ھەيران بولدۇم.

مۇشۇ چاغدىمۇ بۇيەردە گۈيخۇا گۈلى بار ئوخشىمامدۇ؟ گۈيخۇا گۈلى بىلەن مەشھۇر بولغان مەنجۇلۇڭدا گۈيخۇا گۈلىنى كۆرمىدىم، بۇ خىلۋەت تاغدا نەدىن كەلگەن خۇش بۇي پۇراق بۇ. دېمىسىمۇ غەلىتە ئىشتە بۇ، ئىچىمدە شۇنداق ئويلىدىم.

مەن ئۆزۈم يالغۇز، ھەيران بولغان ھالدا گۈيخۇا گۈلنىڭ خۇش پۇرىقىنى پۇراپ، ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىپ، مۇشۇ راۋاقتا قانچىلىك تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. بىردىنلا تاغ باغرىدىكى دەرەخلىكنىڭ ئارىسىدىن كىچىككىنە قوڭغۇراق ئاۋازى كەلدى، قوڭغۇراق ئاۋازى ئاستا، ئەمما مۇڭلۇق ئىدى.

مەن قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ سەۋىرسىزلىنىپ، تاغنىڭ ئۇستىگە دەم ئالماي چىقىپ كەتتىم. ھېلىقى دېھقانىنىڭ دېگىنى بويىچە يەنشيا غارىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان ۋېن زېشىڭنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا باردىم ۋە يېقىن قالغاندا ھاسىراپ تۇرۇپ، ئاۋازىمنىڭ بارىچە:

— ھوي، لاۋۋېن! لاۋۋېن! زېشىڭ! ۋېن زېشىڭ! — دەپ توۋلىدىم.

ئاۋازىمنى ئاڭلاپ قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن زېشىڭ ئەمەس، بەلكى مەن زادى كۆرۈپ باقمىغان، زېشىڭدىن سەل - پەل ئېگىز كەلگەن، قاۋۇل، مەڭزىلىرى قىزىل، يىگىرمە تۆت - يىگىرمەبەش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بىر ئايال چىقتى.

ئۇ دەرۋازىدىن چىقىپلا مېنى كۆرۈپ ھاڭۋېقىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. يۈزىگە «ۋىللىدە» قىزىللىق يۈگۈرۈپ، بېلاقتەك كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى. ئۇ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ، ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ ماڭا قاراپ تارتىنغاندەك كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ كۈلكە ئويىنىغان مۇلايىم چىرايى ماڭا شۇئان ۋېن زېشىڭنىڭ چىرايىنى ۋە جىددىي قىياپىتىنى ئەسلەتتى. ئۇ شەك - شۈبھىسىز زېشىڭنىڭ سىڭلىسى ئىدى. مەن ئالدىمغا بىرقەدەم مېڭىپ:

— زېشىڭ ئۆيدە يوقمۇ؟ سىز زېشىڭنىڭ سىڭلىسى بولامسىز؟ — دەپ كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدىم.

ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ يەنە قىزىرىپ كەتتى، يېقىملىق كۈلگەن پېتى بېشىنى سەل ئېگىپ، بايىقىدەك سىلىق ئاۋازدا:

— ھەئە، ئاكام تېخى قايتىپ كەلمىدى. سىز شاڭ-

خەيدىن كەلگەن مېھمانغۇ دەيمەن؟ چۈشلۈك تاماقتا ئاكام سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلغانىدى! — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ئاكىسىنىڭكىگە ئوخشاش سۆزلۈك ئىدى.

— شۇنداق، شائخەيدىن كەلدىم، — دېدىم گېپىمنى داۋاملاشتۇرۇپ، — زېشىڭنى بىر چۈچۈتۈۋېتەي دەپ، تېلېگرامما بەرمەيلا يولغا چىقتىم. خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپلا بۇياققا ماڭدىم. ئاكىڭىزنىڭ توي كۈنى يېقىنلىشىپ قاپتۇ. شۇڭا خەت يازسام ئۈلگۈرمىگۈدەك.

— ئۆيگەكىرىپ ئوسسۇزلۇق ئىچكەچ، ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ئاكامنى چاقىرىپ كېلەي. ئۇكەلگىنىڭىزنى ئاڭلىسا، خۇشاللىقىدىن ئىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

مەن پەلەمپەيدىن چىقىپ ھويلىغاكىرە ـ كىرمەستىنلا مېھمانخانىنىڭ كەينىدىكى يان ئىشىكتىن چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان، چىرايى يادائغۇ، ئاتمىش ياشلاردىن ھالقىغان بىر موماي چىقتى. مومايىنىڭ چىرايىمۇ قىزى بىلەن ئوغلىنىڭكىگە ئوخشاش خۇش خۇي ئىدى. ئۇ گويا بىزنىڭ دەرۋازا ئالدىدا قىلىشقان پاراڭلىرىمىزنى ئاڭلىغاندەك ماڭا قاراپ سۆزلەپ كەتتى.

— يۇي ئەپەندىمۇسىز؟ نېمىشقا بىر پارچە ژاكاز خەت يېزىپ خەۋەر بېرىدۇەتمەيسىز؟ زېشىڭ چۈشتە تېخى، سىزنى كەلسە، ۋوگزالغا چىقىپ كۈتۈۋالىمەن، دېگەنىدى، قېنى ئولتۇرۇڭ، قېنى، ئەنگۈڭ ئىبادەتخانىسى بۇيەردىن ئون نەچچە قەدەم نېرىسىدا، مەن ئۇنى چاقىرىپ كېلەي. ئۇكەلگىنىڭىزنى ئاڭلىسا قالتىس خۇش بولۇپ كېتىدۇ، — ئۇشۇنداق دەپ قىزىنى چاي دەملەشكە بۇيرۇدى. ئۆزى زېشىڭنى چاقىرغىلى دەرۋازىدىن چىقىپ پەلەمپەي بىلەن

چۈشۈپ كەتتى، موماي ناھايىتى سىلىق ماڭاتتى.
— ئاپاڭلار بەك تېتىككەن.
— ھەئە، ئاپام بەك تېتىك. قېنى ئولتۇرۇڭ، مەن چاي دەملەپ چىقاي.
ئۇ چاي دەملىگىلى ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. مەن مېھمانخانىدا يالغۇز قالدىم، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەتراپنى زەن قويۇپ كۆزەتتىم. زېمىنلارنىڭ ئۆيى ئۈچ ئېغىزلىق ئىكەن، يان تەرەپتىكى دەھلىز كەينىدىكى ئىككى قەۋەتلىك ئۆيگە تۇتىشىدىكەن. ئۆينىڭ ئالدىدىن دەرۋازىنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەيگىچە بولغان ئارىلىقتىكى چوڭ بىر پارچە بوش يەرگە مېھمانخانا ياكى ئىككى قەۋەتلىك ئۆي چۈشىدىكەن. مۇشۇ بوش يەردىن ئۆتۈپ، دەرۋازا ئالدىدىكى پەلەمپەيدىن يەنە ئىككى باسقۇچ پەسكە چۈشكەندە، ئاندىن كەنت يولىغا چىققىلى بولىدىكەن. كەنت يولىنىڭ ئۇ تەرىپىدە — پەستە باشقىلارنىڭ بىر قاتار ئۆيلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن بۇ ئۆيلەر بىر قەۋەت بولغاچقا، ۋېن زېمىنلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىنى توسۇيالمايتتى. ۋېن زېمىنلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئاشۇ بوش يەردە تۇرۇپ تاغنىڭ ئالدى - كەينىدىكى مەنزىرىلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. ئۆينىڭ ئالدى - كەينىدە، تاغنىڭ يان باغرىلىرىدا ئىسمى نامەلۇم ھەرخىل دەل - دەرەخلەر ئۆسكەنىدى. ئارىسىدا شېخى بىلەن يوپۇرمىقىنىڭ ئارىسى كېپەككە ئوخشاش سېرىق چېكىتلىك، يوپۇرماقلىرى قىسقا ھەم تار كەلگەن ئىككى - ئۈچ تۈپ كەركىدان گۈلى دەرىخىمۇ بارئىدى. تاغنىڭ قاپ بېلىدىكى ۋاقىتتا تۇرغان چاغدا بۇرنۇمغا ئۇرۇلغان خۇش پۇراق

ئەسلى مۇشۇ يەردىن تارقالغانىكەن. كۈن پۈتۈنلەي ئول-
تۇرۇپ كەتتى. ھال رەڭ كۈن نۇرلىرىنىڭ ئورنىنى سۈزۈك
نۇرلار ئالدى. تاغ باغرىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ ئۈچ-
لىرى كەچكى تۈتەككە پۈركەنگەندى. تاغ جىمجىتلىقتا
غەمكىن ياتاتتى. تاغنىڭ ئېتىكىدىكى بالىلارنىڭ ۋارقىرىغان
ئاۋازلىرى ئېنىق ئاڭلىناتتى. مەن ئىشىك ئالدىدىكى بوش
يەردە بىردەم تۇرۇپ، قولۇمنى كەينىمگە قىلغىنىمچە يەنە
ۋېن جەمەتىنىڭ مېھمانخانىسىغا كىردىم. تۆت تامدىكى ھۆ-
سىن خەت بىلەن رەسىملەرنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز زېشڭنىڭ
خېتىدە دېگەن گەپلىرىنى ئەسلىدىم. تامدىكى بىر -
بىرسىدىن نەپىس بۇنەرسىلەر كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى.
زېشڭلارنىڭ مېھمانخانىسى سەھرالىقلارنىڭ مېھمانخانىلىرى-
دەك چاكىنا ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ چېن خاۋنىڭ يازغان
«ئەمەلدارلىقتىن قول ئۈزۈپ يۇرتىغا قايتىش» دېگەن بىر
يۈرۈش ھۆسن خەتلىرى رېڭنىڭ ئوچۇقلۇقى، خەتلىرىنىڭ
كۆركەملىكى بىلەن دۇڭ شياڭگۇاڭنىڭ ھۆسن خەتلىرىدىگە
سەل ئوخشىشىپ، ماڭا تولىمۇ نەپىس تۇيۇلۇپ كەتكەنلىكى
ئۈچۈن قىزىقىپ كۆرۈپ كەتتىم. ۋېن جەمەتىنىڭ ئەۋلادتىن
ئەۋلاد ئوقۇمۇشلۇق ئۆتكەنلىكىنى مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋالغى-
لى بولاتتى. مەن ھۆسن خەت، رەسىملەرنى تېخى تولۇق
كۆرۈپ بولا - بولمايلا، بىرسىنىڭ خېلى يىراقتىن كې-
لىۋېتىپ:

— لاۋيوي! لاۋيوي! ئەجەب تېزكەپسىز! — دەپ
توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ۋېن زېشڭ مەكتەپتىن يۈگۈرگەن پېتى كەلگەنىدى.
ئادەتتە تەمكىن يۈرىدىغان زېشڭ شۇتاپتا ئاز - تولا

ھاياجانلانغانىدەك قىلاتتى. ئۇ مېھمانخانىغا كىرىپلا قولۇمغا ئېسىلدى، ھاسىراپ كەتكەچكە، نەچچە مىنۇتقىچە ئاغزى گەپكە كەلمىدى. كەينىدىن زېينىگۈلنىڭ ئاپىسى كىرىدۇىدى، ئۈچىمىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق. بۇچاغدا سىڭلىسى چاي دەملەپ، قىزىل پەتنۇستا ئۈچ پىيالە چاي ئاچىقىپ جوزىغا قويىدى.

— قاراڭ، بۇ بالىنىڭ قىلغان ئىشىغا، سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى دېۋىدىم، ئۇ خۇددى مايمۇندەك سەكرەپ، يۈگۈرگەن پېتى يېتىپ كەلدى، — دېدى ئاپىسى ماڭا كۈلگىنىچە.

— لاۋۇپىن! سىزنى كېسەل دېسەم، قىلچە ئۆزگەرمەي يەنىلا شۇ پېتى تۇرۇپسىز، ئىككىمىزنى سېغىنىشتۇرۇپ باقساڭ، سىزدىن مەن قېرىپ كەتكەندەك قىلامدىمەن، نېمە؟ — مەن كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دەپ، گېپىمنى تەستىقلاتماقچى بولغاندەك سىڭلىسىغا قارىدىم. سىڭلىسى بىزنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرىمىزنى ئاڭلاپ، گەپ قىلماي، كۈلۈپ تۇراتتى. زېينىڭ ئاپىسىنى كۆرسىتىپ گېپىنى داۋام قىلدى:

— چۈنكى ئاپىمىز يېنىمىزدا، شۇڭا مەن قېرىشقا پېتىنالمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىنىنى ئۆيگە ئەكەلمەي تۇرۇپ قېرىپ كەتسەم، بويتاق ئۆتۈپ كېتىدىغان گەپ. بۇنىڭدا قانداق بولىدۇ!

زېينىگۈلنىڭ بۇ گېپىدىن يەنە قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق، موماينىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كېتەي دېدى. زېينىڭ سىڭلىسىنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويۇش كېرەكلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ:

— بۇمېنىڭ سىڭلىم بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى سىز

بەلكىم بىلمىدىغانسىز؟ مەن خەتتە تەپسىلىي يازغان، — دېدى.

— بىزنى تونۇشتۇرۇپ قويىمەن، دەپ ئاۋارە بولماڭ، مەن بۇيەرگە كېلىپ ئەڭ ئاۋۋال سىڭلىڭىز بىلەن كۆرۈشتۈم.

— ئو، مۇنداق دەڭ! ليەن، يۇي ئەپەندى مەندىن چوڭمۇ، كىچىكمۇ؟

سىڭلىسى بۇگەپنى ئاڭلاپ قىزىرىپ كەتتى. قىزنىڭ تەڭلىكتە قالغانلىقىنى كۆرگەن موماي كۈلكىسىنى توختىتىپ، مەندىن:

— يۇي ئەپەندى، زېشىڭ ئىككىڭلار تەڭغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى.

— نەدىكىنى، مەن ئۇنىڭدىن جىق چوڭ.

— ئاپا، سىزنىڭچە مەن قېرىمۇ، ئۇمۇ؟ — دەپ زېشىڭ گەپنى ئەپقاچتى. موماي ماڭا تازا بىر سىنچىلاپ قارىۋېتىپ:

— يۇي ئەپەندىدىنىڭ چىرايىدىن ئېغىر - بېسىق ۋەتەمكىنلىكى، ساڭا ئوخشاش يەڭگىلتەك ئەمەسلىكى چىقىپ تۇرىدۇ! — دېدى زېشىڭغا كايىپ.

موماي شۇنداق دەپ جوزىغا بېرىپ ماڭا بىر پىيالە چاي تۇتتى. مەن چاينى قولۇمغا ئېلىپ ئوتلىدىم. چايدىن ئادەمنى مەست قىلىدىغان گۈيخۇا گۈلىنىڭ پۇرىقى دىمىقىمغا ئۇرۇلدى. چىنىنىڭ ياپقۇچىنى كۆتۈرۈپ، ئېگىشكەن پېتى چايغا قارىدىم. ياپيېشىل چاينىڭ ئۈستىدە دىرۋەقە گۈيخۇا گۈلىنىڭ ساپسېرىق بەرگىلىرى تۇراتتى. زېشىڭ مېنىڭ چايغا قاراۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، چايدىن ئۆزىمۇ بىر يۇتۇم ئوتلاپ:

— بۇ چاينى ئۆزىمىز ياسىغان، تەمى قانداقراقكەن؟ — دەپ سورىدى مەندىن.

— چايغا قاراۋاتقىنىم يوق، دىمىغىمغا ئۇرۇلغان گۈيخۇا گۈلىنىڭ پۇرىقىدىن ھەقىقەتەن مەست بولۇپ كەتتىم.

— گۈيخۇا گۈلىنىڭ پۇرىقىدىن؟ بۇ چايدىكىسى دەسلەپ ئېچىلغان گۈيخۇا گۈلى. كېچىكىپ ئېچىلغان ھازىرقى گۈيخۇا گۈلىنىڭ پۇرىقى تېخىمۇ پەيزى! كېچىكىپ ئېچىلغان بولغاچقا ئۇزۇنغىچە پۇرىقىدىن كەتمەيدۇ.

— راست، راست، يولدا كېلىۋېتىپ، گۈيخۇا گۈلى بىلەن مەشھۇر بولغان مەنجۈلۈڭدا بۇرنۇمغا گۈيخۇا گۈلىنىڭ خۇش پۇرىقى پۇرىمىدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دەرەخلەردە گۈيخۇا گۈللىرىنىڭ سۇس يېشىل پايىسىنى كۆردۈم. بۇ يەرگە كېلىۋېدىم، خۇددى چۈشۈمدىكىدەك بۇرنۇمغا ساپلا گۈيخۇا گۈلىنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى پۇراۋاتىدۇ. لاۋۋېن، سىز بەلكىم بۇ خۇش پۇراققا كۆنۈپ قالدىڭىز، شۇڭا سىزگە تەسىر قىلماس؟ مەن ... مەن ...

مەن شۇنداق دەۋېتىپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتىم. زېشىڭ:

— نېمە بولدىڭىز؟ نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سوراپ تۇرۇۋالدى.

— مەن، مەن پۇرىغاندىن كېيىن ھېسسىياتلىنىپ كەتكەندەك بولدۇم، — دېدىم ئاخىر نائىلاج.

زېشىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۇھامان قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئاپىسى بىلەن سىڭلىسى گېپىمىزنىڭ مەنىسىنى ئېنىق ئۇقالمىغان بولسىمۇ، بىزنىڭ چاقچاقلىشىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىپ، كۈلۈمسىرەشكەن پېتى كەچلىك تاماق قىلغىلى

ئاشخانىغا ماڭدى.

ئىككىمىز مېھمانخانىدا ئېچىلىپ - يېيىلىپ پاراڭلەشىپ ئولتۇرۇپ چىراغ يېقىشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتۇق. قىلىچ بىسىدەك كۈمۈش نۇر ئىشىكتىن ئۆيگە چۈشتى. زېشىڭ ئاينى كۆرۈپ پانارنى ئەكىرگىلى ئورنىدىن تۇردى. مەن ئۇنىمىدىم.

— ئاينىڭ نۇرىدا پاراڭلاشساق ياخشى ئەمەسمۇ؟ ھېلىقى يىلى كېچىچە جىنزىتۇ باغچىسىنى ئارىلاپ يۈرگەنىمىز ھېلىمۇ يادىڭىزدىمۇ؟

بۇ شۇ يىلى زېشىڭ ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كۈز مەزگىلىدىكى ئىش ئىدى. ئۇ ئۆزىنى دەرسكە بەك ئۇرۇۋەتكەچكە نېرۋىسى ئاجىزلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر كۈنى دەرسكە بارمىدى. ئۇنىڭ مېھمانخانىسىدا ئۆزى يالغۇز بىر كۈن ساراڭدەك يۈرۈپ، كەچلىك تاماقنىمۇ يېمىگەنلىكىنى مېھمانخانا خوجايىنى ماڭا بىرى ئارقىلىق يەتكۈزدى. مەن دەرستىن چۈشۈپ ئۇنى يىراقتىن كۆزدىتىپ تۇردۇم. مېھمانخانا ھويلىسىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ كەينىگە چۈشتۈم، كۆزىگە كۆرۈنمەي بىللە دېگۈدەك جىنزىتۇ باغچىسىغا كەلدىم. شۇ چاغلاردا توكيودىن جىنزىتۇ باغچىسىغا ئىككى ئاسما ترامۋاي قاتنايتتى. ئۇ ئالدىدىكىسىگە چىقسا، مەن كەينىدىكىسىگە چىقسام، ئۇچرىشىپ قالمايتتۇق. مەن كەينىدىكى ترامۋايدىن چۈشۈپ، بېكەتتىن چىققاندا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغاندەك ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتىم، ئۇنىڭ مەڭزىلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. مەندىن كەچ بولغاندا بۇيەرگە نېمە قىلغىلى كەلگەنلىكىمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا، ئاينى تاماشا قىلغىلى كەلدىم، دېدىم. شۇ ئاخشا-

ممۇ ئاسماندا بۇگۈنكى ئاخشامدىكىدەك ئاي بارئىدى.
ئىككىلىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق، ئاندىن جىنزىنتۇ باغچىسىنى
ئايلىنىپ يېرىم كېچە بولغاندا قايتتۇق. كېيىن ئۇ ماڭا
شۇ ئاخشىمى جىنزىنتۇ باغچىسىدا ئۆلۈۋالماقچى بولغانلىقىنى،
ماڭا ئۇچراپ، ئىككىمىز تۇن يېرىمىگىچە پاراڭلاشقاچقا،
دەرد ... ئەلەملەرنىڭ يېرىمى كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ
مەن بىلەن بىللە قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئىقرار قىلغانىدى.
شۇچاغدا تېخى ئۆزىنى ئۆزى مازاق قىلغاندەك «دوستۇڭ
بىلەن تاڭ ئاتقۇچە مۇڭداشساڭ، دەرد - ئەلەم كۆڭلىدىن
كۆتۈرۈلۈپ كېتەر» دەپ ئىككى مىسرا شېئىر ئوقۇغانىدى.
ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئۇ شامالداپ ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپ-
تار بولدى، ئۆپكە كېسىلى ساقايدى، لېكىن سىل باك-
تېرىيىسى بىلەن ئۆرە بولالمىدى.

بىز كونا ئىشلار توغرۇلۇق ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق، پارى-
ڭىمىزنىڭ تېمىسى يۆتكىلىشىدى، مەن دەرھال ئۇنىڭ توي
ئىشىنى تىلغا ئالدىم.

— توي ئىشىنى دەمسىز؟ مەن بۇنى سىزگە خەتتە دېگەن.

سۆھبەتنىڭ مەزمۇنى ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەشتىن
رېئاللىققا كۆچتى. ئۇ ئاۋازى پەسلەپ ئاۋۋالقى تەمكىنلى-
كىگە قايتتى.

— توي قىلساممۇ، قىلمىساممۇ ماڭا بەرىبىر. بۇ ئىشقا
ئاپام بەك كۆچەپ كەتتى. تويىنىڭ پۈتۈن تەييارلىقىنى
مېنىڭ ئورنۇمدا ئاپام قىلدى. مۇشۇ يېرىدم ئاي ئىچىدە
ئاپام ھەركۈنى دېگۈدەك شەھەرگە چاپتى. ھەممە نەرسىنى
تەييارلاپ تەقمۇتەق قىلىپ قويدى. ئەتە تاڭ ئاتسا پانۇس
ئاسىمىز، چۈشتىن كېيىن قىز تەرەپتىكىلەر قىزنىڭ نەرسە-

كېرەكلىرىنى ئەكېلىدۇ. ئۆگۈنلۈككە توي. لېكىن، لاۋيۇي،
بىر ئىش — لىيەنئېرنىڭ ئىشى ماڭا تولىمۇ ئازابلىق
تۇيۇلۇۋاتىدۇ. سىڭلىمنىڭ كىچىك ئىسمى — لىيەنئېر. ئۇ
يېقىندىن بۇيان سەل خاپا بولغاندەك يۈرىدۇ، سادda
بولغاچقا، ئاغزىدىن چىقىرالمىغىنىنى بىلەن مۇئامىلىسىدىن،
يۈرۈش - تۇرۇشىدىن بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۇنىڭ بىلەن
بۈگۈن ئۇچراشتىڭىز، شۇڭا سىز ھېچنېمىنى ھېس قىلالماي-
سىز. ئۇ ناھايىتى شوخ، شوخلۇققا كەلگەندە مودېل ئايال-
لارمۇ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ شوخلۇقى
سادda ۋە ساپ، مودېل ئاياللارنىڭ بولسا ياسالما ... راست-
تىنى ئېيتقاندا، كەيپىياتىنىڭ بۇنداق بولۇشى بىر ھې-
سابتا چۈشىنىشلىك. گەرچە پاك ۋە مەسۇم بولغان ھالەتتىمۇ،
لېكىن ئۇ ياغاچ ئەمەس، ئادەم. ئۇنىڭدىمۇ ھەر ھالدا
ئازدۇر - كۆپتۇر ھېسسىيات بار. ئۇ خۇشال - خۇرام ئۆ-
تۈۋاتقان توي مۇراسىمىنى كۆرۈپ، نېمىلا دېگەنبىلەن
ئۆزىنىڭ قايغۇلۇق كەچۈرمىشلىرىنى، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىمى،
ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تالادا قالىدىغانلىقىنى، ئاپامنىڭ
يېنىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، بىرقېتىم ياتلىق بولغانلىقىنى،
ئاكام ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئاپامنىڭ يېنىدا تەييارنى يەپ
تۇرۇشقا نېمە ھەققىم بار؟ دېگەنلەرنى ئويلىماي تۇرال-
مايدۇ. شۇڭا بۇ تويىنىڭ گېپى چىققاندا مەن ئەڭ ئاۋۋال
ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتىم. سەن مېنىڭ سىڭلىم، قايتا يات-
لىق بولىسەن دېسەڭ، مەيلى. ناۋادا قايتا ياتلىق بولماي-
مەن، دېسەڭ، سەن مەڭگۈ مەن بىلەن بىللە تۇرىسەن،
مەن بىلەن ئوخشاش مىراسقا ئىگە بولىسەن، ھەرگىز ئۆ-
زۈڭنى ئۆزۈڭ ئازابلاپ يۈرمە، دېدىم. مېنىڭ مۇشۇنداق

دەيدىغانلىقىمنى ئۇ بۇرۇنلا بىلەتتى، مېنىڭ مىجەزىمىمۇ ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئۇ يېقىندىن بېۇيان نېمىشقىدۇر سەل دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالدى. سىزدەل ۋاقتىدا كەلدىڭىز، ئۇنىڭغا مۇشۇ توغرۇلۇق نەسىھەت قىلىپ قويىسىڭىز. ئەتە ئەتىگەندە قىزنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئەكەلسە، پانۇسلارنى ئاسسا، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بەختىسىز سەرگۈزەشتلىرىنى ئويلاپ، يالغۇز ئۆيدە ئازابلىنىپ يۈرـ گۈچە، ئەتە سەھەردىلا سىزگە ھەمراھ بولۇپ سىرتقا چىـ قىپ ئويناپ كەلسۇن، — دېدى ئۇ.

— ئوبدان گەپقۇ بۇ. مەن ئەتە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىركۈن ئويناپمەن ئەمىسە.

— بۇنداق قىلىساق بولمايدۇ. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئويناپ كېلىمەن دېسىڭىز، نىيىتىڭىزنى تېخىمۇ ئاشكارىلاپ قويىسىز، ئۇ بەكرەك ئازابلىنىدۇ. ئۇ سىزگە ھەمراھ بولۇپ بارمىسا بولمايدىغاندەك گەپ قىلىڭ، بۇئىشنى خۇددى سىز ئويلاپ تاپقاندەك، سىزگە ھەمراھ بولۇشقا مەن ۋاقىت چىقىرالمىغاندەك بولسۇن، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنى سىز بىلەن بىللە بېرىشقا ئۇنىدەيمىز، شۇندىلا ئۇ باشقىچە ئويدا بولمايدۇ.

— بولىدۇ، بولىدۇ، شۇنداق بولسۇن، مەن ئەتە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ۋۇيۇنشەن تېغىنى سەيلى قىلىپ كېلەي.

دەل مۇشۇ گەپنى قىلىۋاتقانىمىزدا ئۇستىگە زېمىنىڭ ئاپىسى مېھمانخانىنىڭ يان ئىشكىدىن كىرىپ كەلدى، ئۇ ئوۋا مېھمانخانىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلىقىمىزنى كۆرۈپ يەنە كۈلۈپ كەتتى.

— ئون نەچچە يىل كۆرۈشمەي يىغلىشىپ قالغان ھېـ

ساب - كىتابنى مۇشۇ بىر - ئىككى سائەت ئىچىدە قىلىپ تۈگىتىمىز دەمسىلەر؟ چىراغنىمۇ ياقماي مۇشۇنداق قىزغىن پاراڭلاشقۇدەك قانداق قىزىق گەپ ئۇ؟ زىيشىڭ، سەن راستىنلا ساراڭ بوپسەن، ماڭ تۇرە، بېرىپ چىراغنى ياق.

موماي شۇنداق دېگىنىچە ئاشخانىدىن بىرقاپ سەرەڭگە ئاچىقتى. زىيشىڭ جوزىغا ئېسىلىپ چىقىپ مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېسىقلىق تۇرغان چىراغنى ياقاي، دەپ تۇرۇشىغا، موماي مەندىن تاماقتىن ئاۋۋال هاراق ئىچىدىغان - ئىچمەيدىغانلىقىمنى سورىدى. زىيشىڭ چىراغنى يېقىۋېتىپ:

— ئاپا، ئۇنى ئۆپكە كېسەل دەپ ئويلامسىز؟ يۈي ئەپەندىنىڭ هاراق ئىچىشتە داڭقى بار، — دېدى ئاپىسىغا كەينىنى قىلىپ.

— ئەمىسە سەن چۈشۈپ كومزەكنىڭ ئاغزىنى ئاچ، بۇگۈن ئەكەلگەن ئىككى كومزەك هاراق ئوبدانمۇ، ئوبدان ئەمەسمۇ، بىلمەيمەن، يۈي ئەپەندى تېتىپ باقسۇن.

ئاپىسى ئوغلىنىڭ بۇگېپىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ زىيشىڭنى چىراغنى تېزرەك يېقىپ بولۇپ، هاراقنىڭ ئاغزىنى ئېچىشقا بۇيرۇدى.

— هېلىمۇ هاراق بارئىكەن، يۈي ئەپەندى تېتىپ باقسا مەيلى، بۇنىڭ كارى چاغلىق، لېكىن كېلىنگە بۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ، — زىيشىڭ شۇنداق دەپ جوزىدىن سەكرەپ چۈشتى. ئاپىسى ماڭا قاراپ ئاغزىنى ئۆمچەيتكىنىچە زىيشىڭنى كۆرسىتىپ:

— قاراڭ بۇ بالىنى، هەمىشە مۇشۇنداق قالايمىقان گەپلەرنى قىلىدۇ، — دېدى.

— ئۇ ئۆيلىنىدۇ، شۇڭا خۇشال، — مەنمۇ مومايغا كۈلۈپ جاۋاب بېرىپ، ۋىنجىيا كەنتىنىڭ ئايدىڭ كۆزكېچە-سىنى تاماشا قىلغىلى سىرتقا چىقتىم.

ئاي نۇرىغا پۈركەنگەن ۋىنجىياكەنتى باشقىچە تۈسكە كىرگەنىدى. دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئارىلىرىدىن تۆكۈلگەن تال - تال كۈمۈش نۇرلار كىنولاردىكى كۆندۈزنىڭ تەس-ۋىرىگە ئوخشايتتى. قەيەرلەرگىدۇر مۆكۈنگەن قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ تىنماي چىرىلداشلىرى قۇلاق سېلىپ ئاڭ-لىغان ئادەمگە شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇرنى ئەسلەتتى. هاۋا خېلى سالقىنلاپ قالغانىدى. قويۇق ئوت - چۆپلۈك تاغ ئۈستىنى نېپىز بىرقەۋەت تۇمان قاپلىغانىدى. تاغقا تېخى توك تارتىلمىغاندەك قىلاتتى. يېراق - يېقىندا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆيلەرنىڭ چىراغلىرى خۇددى دېڭىز قولتۇقىدىكى بېلىقچىلارنىڭ كېمىلىرىدىكى چىراغلاردەك غۇۋا يېنىپ تۇراتتى. سوكۇتكە چۆمگەن كۆزكېچىسى ئەل ئايىغى تىنچىغان تاغقا تىلسىمات تۈسىنى بېرىپ ئادەمدە تورقۇنچ ئارىلاش هۆرمەت تۇيغۇسىنى ئويغىتاتتى. ئايدىڭ كېچىنى هويلا ئالدىدا يالغۇز تۇرۇپ نەچچە مىنۇت تاماشا قىلىلا - قىلمايلا مېنى ئازراق سوغ باستى. مەن كەينىمگە يېنىپ مېهمانخانىغا كىرىپ كەتتىم. جوزىدا هاراق، هورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان سەيلەر، چوكىلار تىزىلىپ كەتكەنىدى.

تۆتەيلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېدۇق. تاماق ۋاق-تىدا زېشىڭ يەنە بىر مۇنچە قىزىق گەپلەرنى قىلدى. ئۇ بايا ماڭا ئۆزىنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى دەپ بەرگەچكە، رومكىنى قولۇمغا ئالغان ئاشۇ بىرنەچچە دەقىقە ئىچىدە سىڭلىسىغا «لەپپىدە» قارىدىم. ئۇنىڭ تەبەسسۇم جىلۋە قىلغان مۇلايىم

چىرايى كۆزۈمگە ھەقىقەتەن قانداقتۇر بىر خىل مىسكىن-لىكنى ئىپادىلەۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. تاماق يەپ ناھايىتى ئۇزۇن ئولتۇردۇق. مەن كۈندۈزى جىق يول ماڭغانىدىم. پاراڭ بىلەن كۆڭلۈممۇ ئاز - تولا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورسىقىممۇ سەل ئاچقانىدى. شۇڭا تاماقنى ئادەتتىكىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق يېدىم. تاماق ئاخىرلاشقاندا مەن زىيشىڭغا:

— لاۋۋېن، مەن ۋۇيۈنشەن تېغىغا بېرىپ باقمىغان، ئەتە مەن بىللە بارالامسىز؟ — دېدىم.

— توي ھارپىسىدا بۇنداق ئىشلارغا يىگىتنىڭ قان-داقمۇ چولىسى تېگىدۇ. قىزنى كۆچۈرۈپ كەلسۇن، ئىسرىق كۆيدۈرگىلى چىققاندا، كېلىن بىلەن ئىككىمىز سىزنى كۆتۈرۈپ ۋۇيۈنشەن تېغىغا ئاچىقساقمۇ كېچىكمەيسىز، — دەپ جاۋاب بەردى زىيشىڭ ھەييارلىق بىلەن.

مەن يەنىلا ئۆز پىكرىمنى تەكىتلەپ،ئەتە بارمىسام زادى بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدىم.

— ئەمىسە مەيە تەييارلايلى، مەيگە چۈشۈپ بېرىڭ، ئىشقىلىپ ئەتە مەيكەشلەر كېلىدۇ، — دېدى زىيشىڭ.

— ياق، ياق، مەن مەنزىرىلىك جايلارنى پىيادە مې-ڭىپ سەيلى قىلىشقا ئامراق.

— يولنى بىلەمسىز؟

— بۇ يەردىكى يالغۇز ئاياغ تاغ يوللىرىنى مەن قانداق بىلەي؟

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز ... — زىيشىڭ تەڭلىكتە قالغاندەك بېشىنى قاشلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئارىدىن بىر-ئىككى مىنۇت ئۆتتى. ئۇ كۆزلىرىنى سىڭلىسىغا تىكىپ:

— لیەن! سەن ھەمراھ بولۇپ بارامسەن، یا؟ سەن دېگەن ئایال باتۇر، یول مېڭىشقا چىدایسەن، یولنىمۇ ئوبدان بىلىسەن، یۈي ئەپەندىگە ھەمراھ بولۇپ بارساڭ، قانداق؟

سىڭلىسى ئاپىسىغا قاراپ كۈلۈپ قویدى. ئاپىسى:

— بولىدۇ، لیەن، سەن یۈي ئەپەندىگە ھەمراھ بولۇپ بار، ئەتە ئاكاڭنىڭ چولىسى تەگمەیدۇ.

مەن بۇ سىڭلىچاقنىڭ چىرايىغا قارىدىم، ئۇنىڭ چىرايىدىن ماقۇل بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ۋۇیۇنشەن تېغىغا بارغۇچە خېلى ماڭىمىز، یولغا چىدىيالامسىز؟ یېرىم یولغا كەلگەندە، كۆتۈرۈۋېلىڭ دېسىڭىز، بولمایدۇ جۇمۇ، — دېدىم ئۇنىڭغا چېقىشىپ.

ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىچى - ئىچىدىن راھەتلىنىپ كۈلۈپ:

— ھېلىغۇ ۋۇیۇنشەن تېغىكەن، لاۋدۇگيۈ بولسىمۇ، بىر كۈندە ئىككى قېتىم بېرىپ كېلىمەن، — دېدى.

ئۇنىڭ قىپقىزىل مەڭزىگە، چوقچىيىپ چىققان كۆكسىگە، یۇمىلاق مۈرىلىرىگە قاراپ بۇگېپىنىڭ لاپ ئەمەسلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. تاماقنى یەپ بولۇپ یەنە بىرەردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ئەتىلىككە قىلىدىغان ئالدىراش ئىشلار بولغاچقا، ھەر قایسىمىز یاتقىلى ئۆز ھۇجرىلىرىمىزغا كىرىپ كەتتۇق.

تاغنىڭ ساپ ھاۋالىق تاڭ سەھىرى ئاجايىپ چىرايلىق بولىدىكەن. مەن ئاخشام سەل ئارتۇق ئىچىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن كارىۋاتقا چىقىپلا ئەتىسى ئەتىگەنگىچە ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. دېرىزىنىڭ

سىرتتىدا قۇشلار چۇرۇقلىشىپ كەتسە، مەن تېخى ئۇچار قۇشلار يېرىم كېچىدە ئاي نۇرىدىن ئۈركۈپ چۇرۇقلىشىپ كەتكەن چېغى دەپتىمەن. لېكىن كۆزۈمنى ئېچىپ، پاشى-لىقنى قايرىۋېتىپ قارىسام، ئۆي ۋە تالا سالقىن تاڭ سەھەر-نىڭ نۇرلىرىغا چۆمۈلۈپ، دېرىزىنىڭ ئۈستۈنكى بۇرجىكىدە قۇياشنىڭ ھال رەڭ نۇرلىرى ئويناپ تۇرۇپتۇ. مەن ھەرھال يوتقاندىن چىقىپ، كىيىملىرىمنى كىيىپ، يۈگۈرۈپ پەسكە چۈشتۈم. ئۇلار ئانا - بالا ئۈچەيلەن بىر سائەتلىك ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ تەق بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئادەتتە ئەتىگەن سائەت بەش يېرىم-لاردا تۇرىدىكەن. كۈن چىقىشى بىلەن تەڭ ئەمگەك قى-لىپ، كۈن ئولتۇرۇشى بىلەن تەڭ دەم ئالىدىغان تاغلىق-لارنىڭ تۇرمۇش تەرتىپىنى كۆرۈپ ئۇلارغا بولغان ھۆرمى-تىم چەكسىز ئاشتى. تۆتەيلەن بىللە ئولتۇرۇپ ناشتا قىل-دۇق. ئاندىن زېشىڭنىڭ سىڭلىسى ئىككىمىز يول تەييار-لىقىغا كىرىشتۇق. ماڭىدىغان چاغدا زېشىڭنىڭ ئاپىسى مېنى چاقىردى. ئۇ «شاققىدە» ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ قارا سىرلانغان بىر ھاسىنى كۆتۈرۈپ چۈشتى، بۇنى زې-شىڭ كېسەل ۋاقتىدا ئىشلەتكەن، تاغ يوللىرىدا بۇھاسا جېنىڭىزغا تازا ئەسقاتىدۇ، دېدى. مەن مومايىنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت ئېيتتىم. زېشىڭنىڭ سىڭلىسى ئالدىدا ماڭدى، بىز دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتۇق.

سەھەر ھاۋاسى ھەقىقەتەن ساپ ئىدى. كۈن كۆ-تۈرۈلگەن بولسىمۇ، ھال رەڭ نۇرلىرى ئۆگزىلەرگە، دەل - دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرىغا ۋە تاغ چوققىلىرىغىلا چۈشكەنىدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى نازۇك ئوت - چۆپلەرنىڭ

ئۇستىدىكى شەبنەم تامچىلىرى تېخى قۇرۇپ كەتمىگەنىدى. ياپيېشىل ئوت ـ چۆپلەرنىڭ پۇرىقى گۈيخۇا گۈللىرىنىڭ خۇش بۇي پۇرىقى بىلەن قوشۇلۇپ دىماغقا ئۇرۇلغان ھامان تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان ئادەمنىمۇ ئويغىتىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. دەسلەپ ۋېنجيا كەنتىنىڭ ئىچى بىلەن ماڭدۇق، زېمىنىڭ سىڭلىسى يولدا ئالدىغا ئۇچرىغان قىز ـ چوكانلارغا قەدەمدە بىر سالام قىلىپ ماڭدى. بەزىلىرى بىلەن بىرەر ـ يېرىم ئېغىز پاراڭلىشاتتى. كەنتنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئۆيدىن ئۆتۈپ، سايغا كىرىدىغان ئېغىزغا كەلگەندە ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلدى، ئالدىمىزدا باشقا بىرمەنزىرە ئايان بولدى، ئالدى تەرىپىمىزدە ئېگىز ـ پەس تۆپىلىكلەر بىلەن توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا سېلىنغان داچىلار كۆرۈندى. بىز توختاپ كەينىمىزگە ئۆرۈلۈپ شەرق تەرەپكە قارىدۇق، كۆل خوددى ھوردالغان ئەينەكتەك غۇۋا كۆرۈنەتتى. ئىككى تەرىپىمىزدە ئىككى تاغ، بىز جىرانىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ يىراق ـ يىراقلارغا قارىدۇق. كۆل يۈزىدە تېخى تولۇق تارقىلىپ كەتمىگەن تۇمانلار ئارىسىدىن شەھەرنىڭ بىر چېتىنى ئاران ئىلغا قىلغىلى بولاتتى.

بىز ئاۋۋال غەربىي شىمال تەرەپكە، ئاندىن يەنە غەربىي جەنۇب تەرەپكە ماڭاتتۇق. تاغ باغرىدىن چۈشۈپ تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىگە ئۆتتۇق. پۈتۈن بىر كۈن بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدا بولغاچقا، مەن كەنتنى چىقىپلا ناھايىتى ئاستا ماڭدىم. يول بويى ئۇنى ـ بۇنى كۆرۈپ زادىلا تويمايتتىم. مەيلى مەنزىرىلىك جاي بولسۇن، تاغ ـ دەريا بولسۇن، ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىدىكى گۈل ـ گىياھ بولسۇن، ھايۋانات دۇنياسىدىكى قۇرت ـ قوڭغۇز بولسۇن

ياكى ئۇچار قۇش بولسۇن، زېمىننىڭ سىڭلىسىدىن ئۇجۇر-بۇجۇرىگىچە سوراپتىم. قىزىق، كىچىكىدە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆتىنچى يىللىقىدا ئوقۇغان بىر ئايالنىڭ بۇنى ماڭا ئۆزى دەپ بەرگەن — بىلمەيدىغان نەرسىسى يوق ئىكەن. كۆل ئەتراپىدىكى ئاسارئەتىقە، بۇتخانا-راۋاقلار بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا شىخو كۆلىنىڭ ئەتراپىدا تۇغۇلۇپ، ئۆسكەنلەرنىڭ تېگى-تەكتىنىمۇ ئاساسەن دەپ بېرەلەيدىكەن. ئۇنىڭ شىخۇ كۆلىنىڭ دائىرىسى ئىچىدىكى تۈرلۈك ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر توغرىسىدىكى بىلىمى مېنى ھەيران قالدۇردى. مەيلى كىچىك ئۇچار قوش، مەيلى قۇرت-قوڭغۇز، بىرەر تال گىياھ ياكى بىرەر تۈپ دەرەخ بولسۇن، ھەممىسىنى ئىسمىلىرىدىن تارتىپ بىلىدىكەن. قاچان بالاپان چىقىرىدۇ، قاچان كۆچىدۇ، قاچان سايرايدۇ، قاچان قاسىراق تاشلايدۇ ياكى قاچان چېچەكلەيدۇ، قاچان مېۋىگە كىرىدۇ، چېچىكىنىڭ رەڭگى قانداق، مېۋىسىنىڭ تەمى قانداق بولىدۇ قاتارلىقلارنى ناھايىتى قىزىقارلىق قىلىپ تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىۋىدى، مەن خۇددى گ. ۋىت يازغان «سېلبورننىڭ تەبىئەت تارىخى» نى ئوقۇغاندەك بولدۇم. لېكىن ۋىت كىتابىدا زېمىننىڭ سىڭلىسىدەك ئۇنداق تەبىئىي، ئۇنداق تەسىرلىك بايان قىلمىغانىدى. ئۇنىڭ سالماق ۋە سۈزۈك ئاھاڭىنى ئاڭلىساڭ، گىلاستەك تەبىئىي قىپقىزىل لەۋلىرىنى، ئۆزىگە خويمۇ ياراشقان تەبەسسۇمىنى كۆرسەڭ، زىيالىيلار تۇرماق باشقا ھەر قانداق ئادەمنىڭ مەستلىكى كېلەتتى. ئۇنىڭ بايانىغا ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى سىڭىپ كەتكەنىدى. ئىككىيلەن ھاۋا توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ ئاستا ماڭدۇق. بىر سائەت ماڭا-

ماگمايلا خۇددى ياشلىقىمغا يېڭىباشتىن قايتقانىدەك ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي مەپتۇن بولۇپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قاپتىمەن.

ئۇھەقىقەتەن تولۇق يېتىلگەنىدى. ئۇچىسىغا سەھرالىق تىككۈچى تىككەن كېلەڭسىز چىپاۋ كىيىپ، بىر ـ ئىككى قەدەم ئالدىمدا كېتىۋاتقان بولسىمۇ، يېتىلگەن ساغرىسى، ئىنچىكە بېلى، قىيپاش، يۇملاق كەلگەن بوينى مەندە باشقىچە تۇيغۇ قوزغايتتى. ئۇنىڭ يۇملاق ھەم يۇمشاق مۈرىلىرىگە قاراپ تويمايتتىم. ئۇدۇل تۇرۇپ سۆزلەشكەندە، بۇلاقتەك كۆزلىرىنى، ئىلىپتەك تۈپتۈز بۇرنىنى، قىزىلىقىزىل، ئېقى ئاق مەڭزىلىرىنى، تېز ـ تېز نەپەس ئالغاچقا، دەم پەسىيىپ ـ دەم كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئېگىز، تولغان كۆكسىنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالاتتىم. ئاپئاق ھەم يۇملاق پېشانىسىگە، قىسقاھەم تولغان بوينىغا مۇنداقلا چۇشۇرۇۋالغان قاپقارا چاچلىرى بىر قاراشتىلا ئادەمنى ھاياجانغا سالاتتى. قىسقىسى، مەن ئاخشام ئۇنىڭ تېنىنىڭ ساغلام ۋە گۈزەللىكىنىڭ تەبىئىي ئىكەنلىكىنى تولۇق بايقىيالمىغانىكەنمەن، بۈگۈنكى بۇتاغ سەيلىسى ئارقىلىق راۋۇرۇس بايقىدىم. گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ زېشنىڭ ئېيتقانىدەك شوخ، ساددىلىقى چىقىپ تۇراتتى. مەسىلەن، ئۇنىڭدىن، بۇيىل نەچچىگە كىردىڭىز؟ دەپ سورىدىم، ئۇ، يىگىرمە سەككىزگە كىردىم، دېدى. يىگىرمە سەككىزگە كىرگەنىدەك قىلمايسىز، مەن تېخى سىزنى يىگىرمە ئۈچ ـ يىگىرمە تۆت ياشلاردا بار، دەپ ئويلاپتىمەن، دېدىم. ئۇ، ئاياللار تۇغمىسا ئاسان قېرىمايدۇ، دېدى. مەن يەنە ئۇنىڭدىن، ئاكىڭىزنىڭ توي ئىشىغا قانداقراق ئويدا

بولۇۋاتسىز؟ دەپ سورىدىم. ئۇ، ھېچقانداق ئۆيدا بولۇۋاتقىنىم يوق، بىراق بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئاپامنىڭ قېشىدا تۇرسام، ئاكام بىلەن يەڭگەمنىڭ ئالدىدا سەت بولىدۇ، دېدى. مەن ئۇنىڭ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن دېگەن گەپلىرىنى خېلى جىق ئاڭلىدىم. ئۇ مۇشۇ ساددا مىجەزى بىلەن خوددى زېمىنىڭ ئېيتقاندەك كىچىك بالىنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشايتتى.

بىزنىڭ چوققىسىنىڭ يانباغرىدىكى تۇزلەڭ يەرگە چىقتۇق. مەن ئۇنىڭدىن چاينىڭ قانداق ئۆستۈرۈلىدىغانلىقى، قانداق ئۈزۈپ، قانداق قۇرۇتۇلىدىغانلىقى، شۇمەزگىللەردە تاغلىقلارنىڭ قانداق جىددىي بولۇپ كېتىدىغانلىقى توغرۇلۇق قىزىق گەپلەرنى ئاڭلىدىم. يول بويىدىكى يوغان قورام تاشتا ئولتۇردۇق. تىنىق ئاسمان ئاستىدا خاڭجۇ شەھىرى، يىراق - يېقىندىكى كۆل ۋە تاغلار كۆز نۇرىغا پۈركىنىپ ياتاتتى. مەن كۆزلىرىمنى ئاسماننىڭ بىر بۇرجىكىگە تىكىپ، ئۈندىمەي ئولتۇردۇم. گېرمانىيىلىك يازغۇچى جىنسوننىڭ «ياۋا شەپەق گۈلى ئېرىكا» دېگەن ئەسىرىنى ئەسلىدىم. كېيىن ئەنگىلىيىلىك يازغۇچى خارسون مۇشۇ ئەسەرگە تەقلىد قىلىپ «يېشىل سايە» دېگەن ئەسەرنى يازغانىدى. ھەر ئىككىلا ئەسەردە دالىدا چوڭ بولغان ناھايىتى ئوماق، ساددا بىر قىز تەسۋىرلىنىدۇ، لېكىن باش قەھرىمان قىزنىڭ تەقدىرى ئاخىرىدا ئانچە ياخشى بولمايدۇ. مەن خىيالغا بېرىلىپ، سۈكۈتتە بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتىم. ئۇ كەينىمدىن قولىنى ناھايىتى تەبىئىي ھالدا مۈرەمگە قويدى.

— گەپمۇ قىلماستىن نېمىنى ئويلاپ ئولتۇرىسىز؟ —

دېدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ سىمىز قولىنى تۇتۇپ، كۈلۈمسىرىگە-نىمچە، كەينىمگە بۇرۇلدۇم، ئۇنىڭ بولاقتەك كۆزلىرى ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا ئۇنسىز، بىرمىنۇتچە قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە، چىرايىدا نە خىجىللىقتىن، نە هاياجاندىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى. كۈلۈمسىرەشلىرىمۇ ئاۋۋالقىدەكلا بىغۇبارئىدى. ئۇ مېنىڭ غەلىتە تۇرقۇمنى كۆرۈپ سەل تۇرۇۋالدى - دە:

— زادى نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟ — دەپ يېنىشلاپ سورىدى.

ئۇنىڭ بۇ سوئالى مېنى تەڭلىككە سېلىپ قويدى، مەڭزىلىرىم شۇئان يېنىشقا باشلىدى. مەن ئاۋۋال قولىنى قويۇۋېتىپ قۇرۇق يۆتەلدىم، ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ:

— مەن ... مەن سىز توغرۇلۇق ئويلاۋاتىمەن، — دېدىم.

— بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئۇلار بىلەن قانداق بىرگە ئۆتىدىغانلىقىمنى ئويلاۋاتامسىز؟ — ئۇ خىيالىدا مېنىڭ غېمىمنى يەۋېتىپتۇ، دەپ ئويلىغاندەك، مەندىن ناهايىتى سەممىي ۋە تەبىئىي هالدا ياندۇرۇپ سورىدى. مەن نائىلاج بېشىمنى نەچچە رەت لىڭشىتتىم. لېكىن كۆزلىرىم ئېچىشقاندەك بولۇپ كەتتى.

— توۋا، مەن هېچقانداق ئازابنى خىيالىمغىمۇ ئەكەلمەي يۈرسەم، نېمىشقا، سىزمەن ئۈچۈن ياش تۆكىسىز؟ — ئۇ هەيران بولغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ مەندىن سورىدى. مەنمۇ تەڭلا ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئورنۇمدىن تۇرۇۋېتىپ يېشىمنى ئېرتىۋەتتىم. كۆڭلۈم «پاللىدە» يورۇپ كەتتى، روهىم-

مۇ پاكلاندى. جەنۇبقا مېڭىپ ئاستا ـ ئاستا چوققىغا قاراپ ئۆرلىگەندە، ئۇنىڭغا بايا ئويلىغانلىرىمنى بىرنى قالدۇرماي دېدىم، ھېلىقى ئىككى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى دەپ بەردىم. بولمىغۇر خىياللاردا بولغانلىقىمنى ئاشكارىلىدىم. مېنى ئەسكى كويلارغا سالغان بايىقى ھېسسىياتىمنى قاتتىق سۆكۈپ ئاخىرىدا شۇنداق دېدىم:

— سۇتتەك ئاق، ساددا بىر بالىنىڭ پاكلىقىنى بۇلغاش كەچۈرگۈسىز جىنايەت. يامان نىيەت مېنى بايا مۇشۇنداق جىنايەتلىك يولغا باشلىغىلى تاس قالدى. ھېلىمۇ ياخشى، سىزنىڭ ئېگىز تاغلاردىكى كۈمۈش قاردەك تازا يۈرىكىڭىز مېنى بۇ خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. شۇڭا سىز جازا تەرىقىسىدە ماڭا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسىڭىزمۇ مەن قىلچە پۇشايمان قىلمايمەن. سىز مېنى شۇنداق پەسكەش، پەقەتلا تۈزەلمەيدىغان ئادەم دەپ بىلسىڭىز، كەچتە قايتقاندا مۇشۇ قىلمىشلىرىمنى ئاكىڭىز، ئاپىڭىزنىڭ ئالدىدا دەڭ. ياق، بۇ ئۇنىڭ سەۋەنلىكى، ئۇ ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ، دېسىڭىز، مېنىڭ قەسىمىمگە ئىشىنىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئاكام، دەپ بىلىڭ، ناۋادا ئالدىراش، چامىڭىز يەتمەيدىغان قىيىن ئىشلىرىڭىز بولسا، مەن جانسىپدىللىق بىلەن ئورۇندايمەن.

مەن گۇناھىمغا توۋا قىلدىم، باشتا ئاستا ماڭدۇق، كېيىن يول بويىدا ئولتۇردۇق. سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا ئۇ كىچىك بالىدەك تىترەپ، قوللىرىمنى تۇتتى ـ دە، ئۆزىنى قوينۇمغا ئېتىپ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى. مەن يانچۇقۇمدىن قول ياغلىقىمنى چىقىرىپ ئۇنىڭ ياشلىرىنى ئېرتتىم، پېشانىسىگە ئاستا سۆيۈپ قويدۇم. ئىككىمىز بىر ـ بىر

مىزگە يېپىشىپ خېلى بىر چاغقىچە ئۈندىمەي ئولتۇردۇق. مەن ئېگىشىپ ئۇنىڭدىن، دېگەن گەپلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ دەپ سورىدىم. ئۇ يەرگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— سىزگە ئاكا بولغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلامسىز؟ — دەپ سورىدىم تەكىتلەپ.

ئۇ كۆزلىرىنى يەردىن ئالماي بېشىنى يەنە نەچچە رەت لىڭشىتىپ قويدى. مەن ئۇنى قۇچىقىمدىن بوشىتىپ بېشىنى تۇتۇپ چىرايىغا قارىدىم. ئۇنىڭ ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىدە خۇشاللىق پارلىغانىدى. مەن ئۇنى تارتتىم. ئىككىمىز تەڭلا ئورۇنلىرىمىزدىن تۇردۇق.

— بىز شۇقارارغا كەلدۇق. ئىككىمىز مەڭگۈ ئەڭ يېقىن، ئەڭ پاك ئاكا - سىڭىل بولىمىز. ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى. چاققانىراق مېڭىپ، چۈشلۈك تاماقنى ۋۇيۇنشەن تېغىدا يەيلى.

مەن شۇنداق دېگىنىمچە ئۇنى قولتۇقلاپ يۈرۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئەتىگەن يولغا چىققان چاغدىكى كەيپىياتى ئەسلىگە كەلگەنىدى. مەن بىلەن يانمۇ - يان مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. ئىككىمىز گەپ - سۆز قىلمىشاي ئون نەچچە قەدەم ماڭدۇق. مەن ئۇنىڭغا كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قارىدىم. ئۇنىڭ غەم - ئەندىشىدىن ئەسەر يوق چىرايىدا خۇددى مۆجىزىدەك بىردىنلا كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد ۋە ئىشەنچىنىڭ مۇقەددەس نۇرلىرى چاقناپ كەتكەنىدى. بۇنداق نۇرلارنى چارەك سائەت ئالدىدا ئۇنىڭ چىرايىدا كۆرمىگەنىدىم. چىرايىغا قارىغانسېرى ئۇماڭا شۇنچە قەدىرلىك تۇيۇلاتتى. شۇڭا كېتىۋېتىپ ئۇنىڭغا كەينى-

مدىن نەچچە رەت قاراپ سالغانلىقىمنى تۇيماي قاپتىمەن. قۇياش نۇرلىرىغا پۈركەنگەن ۋۇيۇنشەن تېغىدىكى ئىمادەت خانىسىنىڭ ئاپئاق تاملىرىغا كۆلۈپ قاراۋاتقان زېمىنىڭ سىگىلسى پۈتلىرىنىڭ ئالمىشىپ ئېگىز - پەس دەسسەۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، دىققىتىمنىڭ چېچىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلمۇالغاندەك ماڭا قارىدى، ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. ئۇيەنە كۆلدى. قەدەملىرىنى ئاستىلىتىپ، ماڭا قاراپ ئۇيالغان ھالدا:

— سىزنى نېمىدەپ ئاتايمەن؟ — دەپ سورىدى.

— زېمىنى قانداق ئاتىسىڭىز، مېنىمۇ شۇنداق ئاتاڭ.

— ئەمىسە ... ئاكا!

«ئاكا» دېگەن بۇ سۆز ئۇنىڭ ئاغزىدىن شۇنداق تېزچىقتى. ئۇ مېنىڭ ئۇنلۇك ئاۋازدا «ھە» دېگىنىمنى ئاڭلاپ «ۋىللىدە» قىزىرىپ، قوللىرىنى كېرىپ، قاقاقلاپ كۈلگىنىچە، ئالدى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ «ئاكا! ئاكا!» دەپ ئارقا - ئارقىدىن نەچچە رەت توۋلىدى. مەن،بولدى، يۈگۈرمەڭ، دەپ ۋارقىراپ، كەينىدىن يۈگۈرۈپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالغۇچە، ئالدىمىزدىكى يول تارىيىپ چوققىغا تاقاشقانىدى. ۋۇيۇنشەن تېغىنىڭ ئۈستىگە يېقىنلىشىپ قالغاندەك قىلاتتۇق. تارچوققىدا ئۇ ئالدىدا، مەن كەينىدە ئاستاكېتىۋېتىپ ئۆزۈمنى ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئاكىسىدەك ھېس قىلدىم ۋە تولۇپ - تاشقان مېھىر بىلەن كۆيۈنۈپ:

— ئاۋايلاپ مېڭىڭ، يول بەك خەتەرلىككەن! — دېدىم.

بىز ۋۇيۇنشەن تېغىدىكى بايلىق مۇئەككىلى سارىيىغا

يېتىپ كەلدۇق. كۈن چۈش بولغان چاغ ئىدى. بۇتخانى-دىكىلەر شۇيەردە تاماق يەۋاتاتتى. بىز ئىسسىقتا يېرىم كۈن يول يۈرۈپ كالپۇكلىرىمىز قۇرغاقچىلىقتا قالغان دەل - دەرەختەك قۇرۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا سارايغا كىرىپلا ئاۋۋال چاي، ئاندىن تاماق كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدۇق. يۈز - قوللارنى يۇيۇپ، ئىككى - ئۈچ پىيالىدىن چاي ئىچكەچ، هاردۇق ئېلىپ ئون نەچچە مىنۇت ئولتۇردۇق. هاردۇقىمىز چىقتى، بايىقى هاياجانلىرىمىزمۇ بېسىلدى. بۇ چاغدا قورسىقىمىز كوركىراشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆت-كۈچىلەرنى تاماقنى تېزرەك ئەكېلىشكە ئالدىراتتۇق. ئىك-كىمىزنىڭ ۋۇيۇنشەن تېغىدىكى بۇ چۈشلۈك تامىقىمىز ئەن-گلىيىلىك شائىر تەسەۋۋۇر قىلغان پادىشاه ئالېكساندىرنىڭ كاتتا زىياپىتىنى بېسىپ چۈشەتتى. ئىشتەي بىلەن هوزۇرلى-نىپ تاماق يېيىشتە بەلكىم پادىشاه ئالېكساندىر ماڭا يې-تەلمەس دەيمەن.

تاماقتىن كېيىن بۇتخانىنى باشقۇرىدىغان راهىب بىزنى باشلاپ بۇتخانىنىڭ ئالدى - كەينىنى بىرقۇر ئايلاندۇردى. ۋۇيۇنشەن هەقىقەتەن ئېگىزئىدى. بىز بۇتخانىنىڭ ئوت-تۇرىسىدىكى راۋاقتا تۇرۇپ دېرىزىنى ئېچىپ، شەرقىي شىمال تەرەپكە قارىدۇق. كۆلدىكى تاغلار كۆكۈچ تۇپا دۆۋىسىدەك كۆرۈنەتتى. شىخۇ كۆلىنىڭ قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ئۇ سەهنىلەردىكى دېكوراتسىيىلەرگە قارىغانداچىن هەم ئولۇغ، باشقا جايلاردىكى مەشهۇر تاغ - دەريالارغا قارىغاندا خۇددى تەشتەكتىكى مەنزىرىدەك رەتلىك هەم كىچىك. لې-كىن ۋۇيۇنشەن تېغىنىڭ مەنزىرىسى پۈتۈنلەي باشقىچە. ۋۇيۇنشەن تېغى ئېگىز، شۇنداقلا چەت - ياقىغا جايلاش-

قان. پۇتلىرىنىڭ ماغدۇرى يوق ئادەملەر بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ. مانا مۇشۇ ئالاھىدىلىكى ۋەجىدىن ۋۇيۇنشەن تېغىنىڭ مەشھۇر تاغلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا سالاھىيىتى توشىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ياپيېشىل تاغ - داللار ئوتتۇرىسىدا يىلاندەك تولغىنىپ ئېقىۋاتقان ئەزىم دەريا — چيەنتاڭجياڭ دەرياسىچۇ تېخى؟ شىخۇ كۆلىنى قەپەستىكى ئاق ئېيىققا ئوخشاتساق، ۋۇيۇنشەن تېغى بىلەن چيەنتاڭجياڭ دەرياسى قېلىن ئورمانلىقتىكى كېيىككە ئوخشايدۇ. قەپەستىكى ئاق ئېيىق قورقۇنچاق ۋە نىمجانلاردەك تەۋەككۇلچىلىك روھى بىلەن قانائەتلىنىدۇ، قېلىن ئورمانلىقتىكى كېيىك ئېگىزلىكلەردىكى شىر - يولۋاسلاردەك كۈچلۈك بولمىسىمۇ، ئەمما جۇشقۇن ئەركىنلىك ئۇنىڭغا كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلىدۇ.

بىز ۋۇيۇنشەن تېغىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن چيەنتاڭجياڭ دەرياسىدىكى كېمىلەرنى ۋە كۆكۈچ تاغلارنى كۆرۈپ قايتماقچى بولدۇق. لېكىن ئاسمانغا قارىسام، كۈن غەربكە سەل - پەل ئېگىلىپ يەنىلا ئۇستىمىزدە تۇراتتى. مۇشۇ يەردىن كەينىمىزگە يانساق، ناۋادا يولدا ھايال بولۇپلا قالمىساق، ئىككى سائەتكە قالماي ۋېنجيا كەنتىگە يېتىپ باراتتۇق. بىز ئەسلىدە بىر كۈننى پىلانلاپ ئۆيىدىن چىقىپ، مۇشۇنداق بالدۇر قايتساق، ئاران بىر كەلگەن ئوبدان پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغان بولمامدۇق؟ شۇڭا ۋۇيۇنشەن تېغىنىڭ غەربىي جەنۇب بۇرجىكىدىكى تار يولنىڭ بويىغا كەلگەندە مەن قەدىمىنى توختىتىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، قىزغىن ھالدا:

— لېيەن، سىزنىڭ ماڭغۇدەك ماغدۇرىڭىز بارمۇ؟ —

دەپ سورىدىم.

— يەنە ئۇتتۇز چاقىرىم يول بولسىمۇ مېڭىۋېرىمەن، — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ ئىشەنچ ۋەكەسكىنلىك چىقىپ تۇرغان بۇگېـپىدەلاپ ئۇرۇش، ماختىنىش ئـالامـەتلىرى يـوق ئىدى. تەبىئىيلىك پەللىسىگە يەتكەنىدى. مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئېگىكىنى كۆتۈرۈپ قويدۇم. قىچىقى كېلىپ كەتتىمۇ، بىلـمىدىم، ئۇكىرىپىدەك تۈگۈلۈپ كۈلۈپ كـەتتـى، ئـۆزۈمـۇ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتىم.

— يۈنشى ئىبادەتخانىسىغا بارايلى! مۇشۇ يول ئۇدۇل يۈنشى ئىبادەتخانىسىغا بارىدۇ. بىردەمدە يېتىپ بـارىمىز، ماڭالمىسىڭىز، سىزنى مەن ھاپـاش قىلىۋالاي، — دېدىم.

ئىككىمىز كۈلۈشۈپ پاراڭلىشىپ مېڭىپ، ھەش - پەش دېگۈچە يـولنىڭ جىق يېرىـمىنـى تـۈگىتىپتـۇق. تـاغنىڭ ئاستىدىكى بامبۇكلار بەئەينى يېشىل ئەينەككە ئوخشايتتى. غەربكە ئېگىلگەن كۈن نۇرلىرىنى مۇشۇ ئويمانلىققا چاچـقانىدى. ساپ ھەم بىغۇبار ئـاچ يېشىل نـۇرلار خـۇددى سۈپسۈزۈك سۇغا ئوخشاش ئەتراپتىكى ھاۋادا لەيلەپ يۈرەتتى. بىز يۈنشى ئىبادەتخانىسىغا يېرىپ دەم ئالدۇق. بىر پىيالـە چاينى ئىچىپ بولۇشىمىزغا ئالدى تـەرەپتىكـى سـارايدىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئالامەت كەڭ كىيىم كىيگەن ئىككى راھىب بىزنىڭ يېنىمىزغا كىرىپ كەلـدى. مېھمان كۈتىدىغان راھىب ئۇلارنى بىزگە ماختىنىپ تۇرۇپ كۆرسىتىپ:

— بۇ ئىككـى راھىب بىزنىڭ بـاش شـەيخىمىزنىڭ شاگىرتلىرى بـولـىدۇ، ھـەر ئىككىلىسـى سـەكسەننىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالدى، شەھـەردىكـى مـەلۇم قـەسىردىن

قايتمشى، — دېدى.

شەھەردىكى ئاشۇ مەلۇم قەسىرنىڭ ئىگىسى ھەققەتەن بۇددا مۇخلىسلىرىغا خۇشامەت قىلىدىغانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى مەنمۇ ئاڭلىغانىدىم. لېكىن مۇشۇنداق بىر راھىب بىلەن بۇنداق چاكىنا گەپلەرتوغرۇلۇق پاراڭ-لىشىشنى بىئەپ كۆرۈپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىدىم. ئۇنىڭدىن سارايدىكىلەر نېمىشقا غەلۋە قىلىدۇ، دەپ سورى-سام، ئۇ زاڭلىق قىلغاندەك كۈلۈپ:

— شەھەردىن چىققان مەپىكەشلەر ھاراق پۇلى بېرىڭلار، دەپ غەلۋە قىلىدۇ. كىرا پۇلىنى قەسىردىكىلەر بېرىدۇەتكەن. نېمانداق ئۆكتەم يالاڭتۆشلەربۇ، — دېدى.

بۇ راھىبنىڭ گېپى سەل جېنىمغا تەگدى. مەن ئۇنىڭغا:

— بىزنى باشلاپ ئىبادەتخانىنىڭ ئالدى - كەينىنى ئايلاندۇرۇپ كېلەمسىز؟ — دەپ ئىلتىماس قىلدىم.

بىز «پادشاھ قەبرىسى» گە ئورنىتىلغان ئابىدىگە ئويۇلغان نۇرغۇن خەتلەرنى كۆرۈپ سارايدىن چىقساق، بايىقى مەپىكەشلەر كەتمەي پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن ئىچىمدە، بىز بۈگۈن جىق يول ماڭدۇق، مۇشۇلارنىڭ مەپىسىنى ئۇقۇشۇپ، ماۋۇ راھىبقا ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قوياي، دېگەن ئويدا مەپىكەشلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— بىز ئىككى ئادەم، ئادەم بېشىغا ئىككى كويچەن بېرىمەن، بىزنى ۋېنجيا كەنتىگە ئاپىرىپ قويساڭلار، قاند-داق؟ — دېدىم. مەپىكەشلەر خۇش بولۇشۇپ كەتتى. مور-فېن ئوكۇلى ئۇرغاندىن كېيىن جانلىنىپ كەتكەن ئەپيۇن-كەشلەردەك دەرھال پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ روھلىنىپ كەتتى.

مېھمان كۈتىدىغان راھىب بىزنى ئىبادەتخانىنىڭ

سىرتىدىكى تۇپتۇز ئۆسكەن بامبۇكزارلىقا باشلاپ باردى. مەن ئادەملەرنىڭ بامبۇكلارغا ئويۇپ ياكى يېزىپ قالدۇرغان نام ـ شەرىپلىرىنى، شېئىرلارنى ئوقۇپ، ئىچىمدە سەل ئەجەبلەندىم. راھىبتىن، بۇ نېمە گەپ، دەپ سورىدىم. ئۇ بايىقى مەپكەشلەردەك ھىجىيىپ، ماڭا جىقلا بىرنەرسىلەرنى دەپ كەتتى. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشى ماڭا ناھايىتى قىزىق تۇيۇلغاچقا، يېنىمدىن بەش كويچەننى چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇندۇم.

— بىزمۇ ئىككى تال بامبۇك ئېلىپ خاتىرە ئۈچۈن ئىسمىمىزنى يېزىپ قويايلى، — دەپ يېنىمدا تۇرغان زېمىگىنىڭ سىڭلىسىغا قارىدىم. ئۇ خۇددى يېڭى نەرسىنى سىلاشقا پېتىنالمىغان كىچىك بالىدەك كۆلۈمسىرىگىنىچە، يېقىن كېلىپ، مەندىن:

— ئىككى تال بامبۇكقا ئىسمىمىزنى قانداق يازساق بولار؟ — دەپ سورىدى.

— بىرسىگە سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى، بىرسىگە مېنىڭ ئىسمىمنى يازىمىز.

— بولمايدۇ، بولمايدۇ. ئىسمىمىزنى يېزىپ قويساق بولمايدۇ، ئايرىم ـ ئايرىم يازساق تېخىمۇ بولمايدۇ، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ.

— ئەمىسە نېمە يازىمىز؟

— ياخشىسى بۈگۈنكى ئىشلارنى يازايلى.

مەن بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتىم. مېھمان كۈتىدىغان ھېلىقى راھىب ئىبادەتخانىسىدىن موي قەلەم بىلەن دۇۋەت ئاچىقتى. مەن قاتار ئۆسكەن ئىككى تۇپ بامبۇكنى تاللاپ ھەر ئىككىسىگە ئوخشاش قىلىپ «يۈي،

ۋېن ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسىنىڭ خاتىرىسى» دەپ يازدىم. يىل، ئاي، كۈننى يېزىپ بولغاندىن كېيىن قەلەمنى قو-يۇپ قويدۇم. كەينىمگە ئۆرۈلۈپ زېمىگىنىڭ سىڭلىسىدىن، قانداق، بولدىمۇ؟ دەپ سورىدىم. ئۇ خۇددى خۇشاللىقى ئىچ ـ ئىچىگە سىغماي قالغاندەك كۈلۈپ، گەپ قىلماي بېشىنى لىڭشىتتى. ياپيېشىل بامبۇكزارلىقتا ئۇنىڭ غەرەز-سىز ساددىلىقى مەندە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

بىز مەيىگە ئۇياتۇرۇپ ئاۋۋال غەربكە، ئاندىن جەنۇبقا قاراپ بامبۇكزارلىقنىڭ سايىسىدە تاغنىڭ يان باغرىنى بوي-لاپ ئالتە ـ يەتتە چاقىرىم ماڭدۇق. فەنجيا كەنتىدىن چىقىپ، توسىنىڭ غەربىي بېشىغا باردۇق. جيۇشىكۇدىن بۇرۇلۇپ جيۇشىدىكى ئون سەككىز غارنىڭ يېنىدىكى تۆپى-لىكتىن ئۆتۈپ، ياڭ مېيلىڭ چوققىسىغا ئۆرلىدۇق. جەنۇبىي چوققىنىڭ ئېتىكىدىكى ۋېنجيا كەنتىگە بارغاندا كۈن شىمالىي چوققا بىلەن تيەنجۇتېغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەنىدى. زېمىگلارنىڭ ھويلىسىغا رەڭلىك پانۇسلار ئې-لىنغاچان ئېسىلغانىدى. ئۇستىدىكى بىر جۈپ چىراغنىڭ يېرىمى يېنىپ تۇگەپ قالاي دېگەندەك، قىز تەرەپتىكىلەر كېلىپ يىگىتنىڭ ھۇجرىسىنى ياساپ بولغاندەك قىلاتتى. قىزىقچىلىق كۆرگىلى كەلگەنلەر مېھمانخانىدىن تاراپ كەت-كەنىدى. بىز ئولتۇرغان مەيە بېرىشى بىلەن زېمىگ ۋە زېمىگنىڭ ئاپىسى كۈلۈپ ئالدىمىزغا چىقتى. مەن مەيىنىڭ پۇلىنى بېرىۋېتىپ، بوسۇغىدىن ئاتلىشىمغا، زېمىگنىڭ ئاپىسى مەندىن:

— سىز ئەتىگەن ئېلىپ كەتكەن ھېلىقى ھاسا قېنى؟ — دەپ سورىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ هېلىقى هاسسا شۇئان يادىمغا كەلدى، مەن كۈلۈپ تۇرۇپ، بېشىمنى لىڭشىتىپ، ئالدىرىماي:

— هېلىقى، هېلىقى هاسىسىنى ... نەزىرلىك قىلىۋېتىپتىمەن، — دېدىم.

— نەزىرلىك قىلىۋەتتىم دەمسىز؟ قانداق نەزىرلىك ئۇ؟ — زېيىنىڭ هەيران بولغاندەك مەندىن سورىدى.

— بىزنىڭ چوققىسىنىڭ ئېتىكىدە تەگرىگە باش ئۇرۇپ سىڭىلىڭىز ئىككىمىز ئاكا - سىڭىل بولۇشتۇق. هېلىقى هاسىسىنى بەلكىم هېلىقى يوغان قورام تاشنىڭ تۆۋىدە ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايمەن.

دەل مۇشۇ چاغدا ئالدىدىراق مەيدىن چۈشۈپ ئۇستۇنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتكەن زېيىنىڭنىڭ سىڭلىسى كىيىملىرىنى يۆتكەپ كۈلگىنىچە يېنىمىزغا كەلدى. زېيىنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ سىڭلىسىغا سۆزلىدى:

— ليەن، قالتىسكەنسىلەر جۇمۇ! بىز سالام بەرمەي تۇرۇپ، لاۋيۈي ئىككىڭلار شىر چوققىسىدا يەر ئىلاهىغا سالام بېرىپسىلەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ هاسامنى ئۇنتۇپ قېلىپ نەزىر قىلىۋېتىپسىلەر. ئاپا! مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئۇلارنى جازالاش كېرەكمۇ - كېرەك ئەمەس؟

زېيىنىڭنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭ هەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. مەنمۇ بۇ جازانى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، قىزتەرەپكە ۋەكىل بولۇپ، يىگىت تەرەپتىكىلەرنى كۈتىدىغان بولدۇم.

شۇكۈنى كەچتە زېيىنىڭلار ئۆيىگە ئوتتۇرىدا ماڭغان ئادەمنى، شۇنىڭغا قوشۇپ يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن تۆت - بەشىنى چاقىرغانىكەن. زېيىنىڭ ئىككىمىز پەگادا

ئولتۇرۇپ شۇلارنى كۈتتۇق. ئوتتۇرىدا ماڭغان مۆتىۋەر
ئادەم ئانچە بەك سېمىز بولمىسىمۇ، چىراي - تۇرقىدىن
دۆلەتمەن ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئىككىمىز لىپىلۇلىق
تولدۇرۇپ ئون سەككىز - ئون توققۇز قەدەھ ھاراقنى
سوقۇشتۇرۇپ ئىچىۋەتتۇق. ھاراق مېنى سەل تۇتۇپ قوي-
دى، كۈندۈزى يول مېڭىپ چارچاپ كەتتىم، شۇڭا شۇ
ئاخشىمى ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمىدىنمۇ بەكرەك قاتتىق
ئۇخلاپ كېتىپتىمەن.
9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى رەسمىي توي كۈنى ئىدى.
ھەممىمىز پۈتۈن كۈن ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق. توي
مۇراسىمى كونا - يېڭى قائىدە - يوسۇنلار بويىچە ئۆت-
كۈزۈلدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئىسراپچىلىقنى يامان كۆر-
گەچكە، تويمۇ ھەر ھالدا ئاددىي ئۆتتى. چۈشتىن كېيىن
سائەت بەشتە كېلىن كۆچۈرۈپ كېلىندى. سالامدىن كېيىن
ھېلىقى ياخشىچاق ئەپەندى، كەلگەن مېھمانلارغا ۋەكالى-
تەن بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىپ بېرىڭ دەپ تۇرۇۋې-
لىۋالدى. مەن رەت قىلالماي، ئاۋۋال زېشىڭ بىلەن
ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان چاغلاردىكى ئاغىنىدارچىلىقىمىزنى
بىرقۇر سۆزلىدىم، ئاخىرىدا زېشىڭنىڭ كېچىكىپ ئېچىلى-
دىغان گۈيخۇا گۈلىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرۇلۇق دېگەن
گەپلىرى ئېسىمگە كەلدى. ئۆزىنىڭ ئاشۇ گەپلىرى ئارقىلىق
ئۇلارنى تەبرىكلەپ:
— زېشىڭ ئالدىنقى كۈنى ماڭا، گۈيخۇا گۈلى قانچە
كېچىكىپ ئېچىلسا شۇنچە ياخشى. كېچىكىپ ئېچىلغانچىقا،
ئۇزۇنغىچە پۇرىقىدىن كەتمەيدۇ، دېگەنىدى. تويى بولۇۋات-
قان يىگىت بىلەن قىزىمىزنىڭ يېشى ئادەتتىكى توي قى-

لىش يېشىدىن ئازراق ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كېچىكىپ توي قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارتۇرمۇشىنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. كېلەر يىلى كېچىكىپ ئېچىلىدىغان گۈيخۇا گۈلى گۈللىگەندە مەن يەنە ۋېنجيا كەنتىگە كېلىمەن. مۆلچەرىمچە، كېلەر يىلى كەلسەم، كېچىكىپ ئېچىلىدىغان ئىككى تۈپ گۈيخۇا گۈلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بالدۇر ئېچىلىدىغان بىر تۈپ گۈيخۇا گۈلى ئۈنىدۇ. بىز ئاشۇ قۇتلۇق كۈننى كۈتەيلى. كېلەر يىلى مۇشۇ ۋاقىتتا ھەممىمىز يىغىلىپ ئۇلارنىڭ بالدۇر ئېچىلغان گۈيخۇا گۈلىنىڭ خۇشاللىق شارابىنى ئىچەيلى، — دېدىم.

گېپىم تۈگىگەندىن كېيىن مېھمانلار دوست تارتىشىپ توي شارابى ئىچىشكە باشلىدى. يىگىتنىڭ ھۇجرىسىدا كۈلكە - چاقچاقلار قىزىپ كەتتى. مېھمانلار يېرىم كېچىدە تارقىلىشتى. مەن شۇكۈنى كۈندۈزى زېھنىگىنىڭ سىڭلىسىنىڭ چىرايىغا پات - پاتلا ئوغرىلىقچە قاراپ قوياتتىم. لېكىن زېھنىڭ دېگەن ھەم مەن كۆرگەن قايغۇلۇق ئالامەتلەر ئۇنىڭ چىرايىدا قىلچە ئەكس ئەتمىدى. كۈلگەن چاغلىرىدا خۇددى ئىچى - ئىچىدىن خۇشال بولغاندەك ناھايىتى تەبىئىي كۈلەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق روھىي كەيپىياتىنىڭ تەسىرىنى سۆزلىمىسەممۇ بولىدۇ. توي كۈنى زېھنىگنىڭ ئاپىسىنىڭ خۇشاللىقىمۇ پەللىگە يەتكەنىدى.

توينى ئاددىي ئۆتكۈزۈش ھەر ئىككىلا ئائىلىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى بولغاچقا، سالامغا بارىدىغان مۇرەككەپ ئىشلار توينىڭ ئەتىسى كۈندۈزى تۈگىدى. كەچتە مېھمان كۈتۈش يەنىلا مېنىڭ ۋەزىپەم ئىدى. زېھنىڭ مېنىڭ ئۆزى ۋەسىگىلىسى بىلەن مۇڭدىشىپ بىرنەچچە كۈن ئارتۇقراق

تۇرۇشۇمنى ئۇمىد قىلاتتى. لېكىن بىرىنچىدىن، قولۇمدا تېخى يېزىپ بولمىغان بىر پارچە ماقالە بار ئىدى. بۇ يەردىنمۇ تىنچراق بىر يەرگە بېرىپ يازماقچى ئىدىم. ئىككىنچىدىن، بۇقېتىمقى توي شارابى ئىچىش مەقسىتىمگە يەتكەنىدىم. شۇڭا تويىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئەتىسى شاڭخەيگە بارىدىغان ئەتىگەنلىك تېز پويىزغا چۈشۈپ ۋېنجيا كەنتىدىن يۈرۈپ كەتمەكچى بولدۇم.

زېشىڭ ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى مېنى ئۇزىتىپ ۋوگزالغا باردى. پويىزنىڭ قوزغىلىش قوڭغۇرىقى چېلىنىپ، پارا- ۋوزدىن ئاپئاق ئىس كۆتۈرۈلگەندە، مەن ۋاگون دېرىزى- سىدىن قوللىرىمنى چىقىرىپ، بىر قولۇمدا زېشىڭنىڭ، يەنە بىر قولۇمدا زېشىڭنىڭ سىڭلىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، قاتتىق سىقىپ قويدۇم. گۈدۈك چېلىنىپ، پويىز ئورنىدىن ئاستا قوزغالدى. ئاكا - سىڭىل ئىككىسى پويىز بىلەن تەڭ خېلى بىريەرگىچە ماڭدى. مەن بېشىمنى چىقىرىپ:

— زېشىڭ! ليەن! خەير - خوش! ھەممىمىز كې- چىكىپ ئېچىلىدىغان گۈيخۇا گۈلى بولغايمىز! — دېدىم.

پويىز ئۇزاپ كەتتى. ۋوگزال سۇپىسىدىكى كىشىلەر كېتىشتى. مەن ئاكا-سىڭىل ئىككىسىنىڭ شەرقىي ۋوگزال سۇپىسىنىڭ سىرتىدا يەنىلا ماڭا قاراپ قوللىرىنى پۇلاڭلى- تىپ ئاپتاپتا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

1932 - يىلى 10 - ئايدا خاڭجۇدا يېزىلدى.

كىتابخانلار دىققەت! بۇ ھېكايىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىش ئىزلىرى توقۇلغان. ئوخشاشلىق بولۇپ قالمىسۇن. — يازغۇچى- نىڭ ئىزاھاتى.

# نەزەربەند

## يۈەن جۈن

ياسىن سېيىت تەرجىمىسى

يۈەن جۈن (1900 — 1974)، تولۇق ئىسمى فېڭ يۈەن جۈن. دەسلەپكى ئىسمى فېڭ شۇلەن. خېنەن تاڭخېلىق. ئۇ بېيجىڭ قىزلار يۇقىرى سىفەن مەكتىپىنى، بېيجىڭ داشۆ تەتقىقات يۇرتىنى پۈتتۈرگەن، 1923 - يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن، «گان خېنىم» تەخەللۇسىدا «ئىجادىيەت پەسىللىك ژۇرنىلى» بىلەن «ئىجادىيەت ھەپتىلىك گېزىتى» دە ھېكايىلەرنى ئېلان قىلغان. «جۈەن شى»، «كۆلپەتلىك مۇھەببەت» قاتارلىق ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان. كېيىن ئۇزۇن يىل جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ «جۇڭگو ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» ۋە «جۇڭگو شېئىرىيىتى تارىخى» نى (لۇكەنرۇ بىلەن بىرلىشىپ) يېزىپ چىققان.

يۈەن جۈن «4 - ماي» ھەرىكىتى مەزگىلىدە چوڭراق تەسىرگە ئىگە ئايال يازغۇچى. ئۇ مۇھەببەت تېمىسىدىكى ھېكايىلەرنى يېزىپ، فېئودالىزم

بويۇنتۇرۇقىنى بۇزۇشقا ئىنتىلگەن ياش كىتابخانلارنىڭ قەلبىنى كۈچلۈك لەرزىگە سالغان. لۇشۇن ئەپەندى: ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە «4 - ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىن ئەنئەنە بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەنئەنىگە قارشى ئوت ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماي، نائىلاج قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمۈپ، ئۈمىدسىزلىككە بېرىلىپ كەتكەن ياشلارنىڭ ھەقىقىي پورترېتى يارىتىلغان① دېگەن.

«نەزەربەند» («جۈەن شى»گە كىرگۈزۈلگەن) يۈەن جۈننىڭ تۇنجى ئەسىرى. ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان بۇ ئەسەردە فېئودال ئائىلىدە نەزەربەند قىلىنغان بىر قىزنىڭ كونىچە قائىدە - يوسۇنلاردىن يۈز ئۆرۈشكە بەل باغلىغانلىقى، ئەركىن مۇھەببەتكە ئىنتىلگەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. قىزدا، مۇھەببەت ھەممىدىن ئەلا دەيدىغان قاراش تېخى تولۇق پىشىپ يېتىلمىگەن. ئەمما ئۇنىڭ ئاسارەتتىن قۇتۇلۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان روھى ۋە ھەرىكىتى، فېئودالىزمغا ۋە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشنى ئۆزىگە شوئار قىلغان «4 - ماي» ھەرىكىتى دەۋرىنىڭ مەھسۇلى. بۇ ئەينى چاغدا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە روھ ئىدى. ئەسەردە پىسخىك تەسۋىرلەر ئىنچىكە يېزىلغان.

---

① لۇشۇن: «جۇڭگو يېڭى ئەدەبىياتىنىڭ چوڭ سىستېمىسى» ناملىق بىر يۈرۈش كىتابنىڭ ھېكايىلەر تومى ئىككىنچى قىسمىغا كىرىش سۆز.

ئەسەرنى ئوقۇغان كىتابخان كونا دۇنياغا ئۆرۈش ئې‍ـ
لان قىلغان قەھرىمانىنىڭ جىددىي سوقۇۋاتقان تومۇ‍ـ
رىنى ھېس قىلالايدۇ. (**خۇسۇڭجىڭ**)

شى جېن! شۇنداق ئەتراپلىق پىلان تۈزگەن بول‍ـ
ساقمۇ كونا كۆچلەر تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدىغانلى‍ـ
قىمىزنى زادىلا ئويلىماپتۇق. بىز مەنىۋى جەھەتتىن بىر
جان ـ بىرتەن بولۇپ كەتكەنىدۇق، لېكىن ھازىر ئايرى‍ـ
لىپ تۇرۇپتىمىز. بۇ بىزنىڭ مۇقەددەس مۇھەببىتىمىز ئۈچۈن
نېمىدېگەن ئېغىر بەختسىزلىك! سىز شۇ تاپتا بىزنىڭ
بەختسىز تەقدىرىمىزگە ئېچىنىپ، ھەسرەت چېكىپ يىغ‍ـ
لاۋاتقاندۇرسىز ياكى مېنى قوتۇلدۇرۇشنىڭ چارىسىنى قى‍ـ
لىۋاتىدىغاندۇرسىز. ناۋادا سىز جىگەرلىك يىگىت بولسىڭىز،
ئىككىنچى يولنى تاللاڭ.

مەن ۋوگزالدىن كېلىپلا كاتەكتەك مۇشۇ ئۆيگە
نەزەربەند قىلىندىم. ئۆيدە كارىۋات، ئۈستەل، چاي ئۈستى‍ـ
لى، ئورۇندۇق، قاچا ـ قومۇچ ۋە تەلەڭگە قاتارلىق نەرسى‍ـ
لەر بار. ئەمما بىرەر ۋاراق ئەسكى قەغەز ياكى مويى چۈ‍ـ
شۈپ كەتكەن بىرەرتال سوكال قەلەممۇ تاپقىلى بولمايدۇ.
ئاخشام بىر نەۋرە سىڭلىمغا يالۋۇرۇپ ئوغرىلىقچە نەچچە
ۋاراق قەغەز بىلەن بىر تال قەلەم ئاچقتۇرۇۋالمىغان بول‍ـ
سام، زېرىكىپ ئۆلەركەنمەن. ئۆلگەن بولسام، قانداق ئۆل‍ـ
گەنلىكىمنىمۇ بىلمىگەن بولاتتىڭىز.

بۈگۈن نەزەربەند قىلىنغانلىقىمنىڭ ئىككىنچى كۈ‍ـ
نى! مەن كاتەكتەك مۇشۇ ئۆيدە بىر كېچىنى ھۇقۇشتەك
يالغۇز ئۆتكۈزدۈم. ئاكام بىلەن ئاچامنىڭ ماڭا ھېسداش‍ـ

لىق قىلىپ، بۇنداق جاھىللىق قىلماسلىق توغرۇلۇق قايتا - قايتا قىلغان ئىلتىماسلىرىنى ئاپام رەت قىلىۋەتتى! ئاپام، ئۇلارنىڭ ئىشى ئاشنا ئوينىغانغا ئوخشاش ئىش. ئۇ مېنى شەرمەندە قىلدى، ئاتا - ئانام گۆردە تىنىك ئولتۇرۇپ مەن ئۈچۈن نومۇس قىلىپ كېتىۋاتىدۇ، سىلەر يەنە ئۈنىڭغا بولۇشساڭلار، ماڭا بۇ جاننىڭ كېرىكى يوق، دەپتۇ. شى جېن! مۇھەببەت بىزنىڭ نەزەرىمىزدە مۇقەددەس، يۈكسەك، پاك؛ ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بولسا، رەزىل، ناپاك نەرسىكەن!

ھاياتنى قۇربان قىلىۋەتكىلى بولىدۇ، ئىرادە بىلەن ئەركىنلىكنى قۇربان قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. ماڭا ئۆلۈمدىن ئەركىنلىك ئەۋزەل. كىشىلەر مۇھەببەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى بىلمەيدۇ، شۇڭا مەن ئارتۇق سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. بۇ مېنىڭ خىتابىم، بۇنى سىزمۇ بۇرۇن كۆپ ئاڭلىغان. بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز مۇتلەق، چەكسىز، ناۋادا قارشىلىق قىلغۇچىلارغا بەرداشلىق بېرەلمىسەك، بىللە دېڭىز كۆرگىلى بارىمىز، دېگەن گەپنى مەن تالاي قىلغان. سىز مېنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى بىلىپ، ئۇ يا تەقدىرگە تەن بېرىدۇ، يا ۋەدىسىدىن يېنىۋالىدۇ، دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. ھەي، مۇشۇنداق ئويلىسىڭىز، پۈتۈنلەي خاتالىشىسىز.

دۇنيا ئەسلىدىمۇ چوڭ تۈرمە، يەنە كېلىپ كىشىلىك تۇرمۇش يولى تىكەنلىك. شۇنداق تۇرۇقلۇق بىز يەنە نېمىگە تارتىشىمىز! ناۋادا بىرەر كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىش بولسا، سىز مۇھەببەت يولىدا چوقۇم ھاياتىڭىزدىن كېچىسىز. ئۇ چاغدا مەن سىزسىز قانداق ياشايمەن! ئاپام مېنى تۇتقىلى كەلگەن چاغدا ئۆزۈمنى پويىز چاقىنىڭ ئاستىغا ئېتىپ ئۆلۈـ

ۋالىغانلىقىمنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ. قورقۇنچلۇق كـۈنـ
نىڭ (مېنى مەجبۇرلاپ ليۇ ئائىلىسىگە كېلىنلىككە تـۇتۇپ
بېرىدىغان كۈن) يېتىپ كېلىشىگە يەنە ئۈچ كۈن قالدى.
ليۇمۇخەن بىزنىڭكىگە تېخى كەلمىدى. مەن بىر نەۋرە سىڭـ
لىم بىلـەن ئاچامنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ قۇتۇلۇپ چىقىشـ
نىڭ ئېپىنى قىلىۋاتىمەن. ناۋادا مۇھەببەت ئىلاھىنىڭ بىزـ
گە رەھمى كەلسە، بېشىمىزنى ئوڭشايدۇ. بىز يا دۇنيانىڭ
باشقا يەرلىرىگە ياكى بولمىسا بىر ـ بىرىمىزنى يۆلىشىپ
باقىي ئالەمگە كېتىمىز. ئەگەر مەن ھازىر بىردىنلا ئۆلۈۋالـ
سام، ئاپامنىڭ جەسىتىمنى ئاپىرىپ ليۇ ئائىلىسىنىڭ قەبـ
رىستانلىقىغا قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن، شۇنداق قىلسا نېـ
مىدېگەن شەرمەندىچىلىك!

ئاچام مېنى ئەيىبلەپ، ئاپام بىلەن كۆرۈشكىلى كەلـ
مىسەڭ بولاتتى، يىراقتا كەتكەن بولساڭ بۇ كۈلپەتتىـن
قۇتۇلغان بولماسمىدىڭ، دېدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىـ
لەشمىدىم، شۇنداقتىمۇ مېنى مۇشۇ كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش
كويىدا باش قاتۇرۇپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى كەچـۈرـ
مەن. لېكىن، شى جېن! ئاچامنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېـ
تىراپ قىلىمەن. مەن سىزنى، شۇنداقلا ئاپامنى سۆيىمەن.
دۇنيادا مەيلى يىگىت ـ قىز ۋە مەيلى ئانا ـ بالا ئوتتۇرىسىـ
دىكى مۇھەببەت بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاش مۇقـەددەس.
ئاتىمىش ياشتىن ئاشقان ئاپامنى ئالتە يىل كۆرمەي، دىـ
دارلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان تۇرۇقلۇق يەنىلا بېـ
رىپ كۆرۈشمىسەم، ئۆزۈمنى قانداقمۇ ئادەم، دەپ سانايـ
مەن؟ مەن بۇ قېتىم ئۆيدىكىلەرنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش
مەقسىتىدە قاراملىق قىلىپ كەلگەنىدىم. دۇنيادا پـەقـەت

بىرلا كىشىنى ياخشى كۆرۈش مۇمكىن، ئەمما ئوخشاش بولمىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقسا، بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئىمكانىيىتى بولمايدىكەن.

مەن كاتەكتەك مۇشۇ ئۆيگە نەزەربەند قىلىنغان چاغدا بەختسىز تەقدىرىم ئۈچۈن ئۈن سېلىپ يىغلىدىم، كۆز ياشلىرىم قۇرۇپ، ئاۋازىممۇ پۈتۈپ كەتتى. ئاپام بۇرۇن ئاجايىپ مېھرىبان ئايال ئىدى، ھازىر نېمىشقىدۇر شۇنچىلىك رەھىمسىزلىشىپ كەتتىكى، ماڭا تەسەللى بېرىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئارىتام ئۆيدە تۇرۇپ ئاكامغا گۇناھلىرىمىنى سانىپ، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى يولدىن چىققانلىق، دېدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئاچچىقىم كەلدى،ئاچچىقىم كەلگەنسېرى تولا يىغلاپ ھالىمدىن كەتتىم. ئاھ، شىجېن! ھەيرانمەن، ئۆيدىكى ھەممە نەرسىنىڭ قاچانلاردا بۇنداق ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، بېيجىڭدىكى ۋاقتىمىزدىكىگە ئوخشاش ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ! يازنىڭ تومۇز كۈنلىرىمىش، قويۇق نىلۇپەر يوپۇرماقلىرى ياپيېشىل گىلەمدەك دەريا يۈزىنى يېپىۋالغانمىش. گۈلنىڭ قىزىللىرى بەئەينى مېنىڭ لەۋلىرىمگە ئوخشارمىش، ئاقلىرى ناھايىتى سۈزۈك كۆرۈنەرمىش. دەريا سۈيى جىمىرلاپ تۇرغان تېيىز يەرلەردە پاقىئوتى چىشلەپ يۈرگەن بېلىقلارنى كۆرگىلى بولارمىش. مەيىن شامال مەجنۇن تاللارنى يېنىك چايقاپ، يىراق - يىراقلاردىن مېۋىلەرنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى ئەكېلىپ دىماغلارغا ئۇرارمىش. سەھەر ۋاقتىمىش، نىلۇپەرنىڭ يوپۇرماقلىرى، گۈل بەرگىلىرىنىڭ، سۆگەت دەرەخلىرىنىڭ ۋە يول بويىدىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە ئاندا - ساندا شەبنەم تامچىلىرى يالتىراپ تۇرارمىش، ئۇپۇققا باش قوي-

غان ئاي نۇرىدا ئاق نىلۇپەر گۈللىرى تېخىمۇ سۈزۈكلىشىپ كەتكەنمىش. ئىككىمىز نېپىز ئاق كىيىم كىيىپ تىترەپ، قوچاقلىشىپ تاشتا ئولتۇرغۇدەكمىز. سىز بىر تال نىلۇپەر يوپۇرمىقىنى ئۈزۈپ، بېشىمغا كىيگۈزۈپ قويۇۋاتقۇدەكسىز، مەن ئۇنى دەرھال بېشىمدىن ئېلىپ، سىزنىڭ بېشىڭىزغا كىيگۈزۈپ قوياي دېيىشىمگە، سىز قولۇمنى تارتىۋېلىپ، بىر چەتكە تاشلىۋېتىپدەكسىز، مەن خاپا بولۇپ كېتىپدەكمەن، سىز ناماقۇل بولۇپ، قوللىرىمنى چىڭ تۇتۇپ، ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەۋاتقۇدەكسىز. مەنمۇ شۇئان قۇچىقىڭىزغا كىرىپ كېتىپدەكمەن. مۇھەببەتنىڭ شىرىنلىكىنى ھېس قىلىپ، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتۇدەكمەن. ئۇيپۇق تەرەپتىن سۈرۈلۈپ كەلگەن بۇلۇتلار قويۇقلىشىپ شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇدەك. گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىۋاتقۇدەك. سىز تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كېتىپتۇدەكسىز، مەن قورقىنىمدىن، مېنىڭ سۆيگۈنۈم قېنى؟ ... دەپ كۆككە قاراپ ۋارقىرىغۇدەكمەن. چۆچۈپ كۆزۈمنى ئاچسام، بۇ مېنىڭ بىر تۇرۇپ چۈشكە ئوخشايدىغان، بىر تۇرۇپ چۈشكە ئوخشىمايدىغان خىيالىم ئىكەن. بايا تولا يىغلاپ نېرۋىلىرىم ئاجىزلىشىپ كەتكەن بولسا كېرەك. شى جېن! بىزنىڭ ئەتىر گۈللەرگە كۆمۈلگەن يوللاردا ماڭغان چاغلىرىمىز بۇنىڭدىن كۆپ ياخشى ئىدى، دۇنيادىكى ھەممە نەرسە چۈش، شۇنداقلا رېئاللىق. چۈش بىلەن رېئاللىقنىڭ نېمە پەرقى بار، بىز ھازىر چۈشلەرنى كۆپرەك كۆرۈپ تۇرايلى!

ئايسىز كېچە، يۇلتۇزلۇق ئاسمان. ئون بىرلەردىن ئاشقاندا ئەل ئايىغى بېسىقتى، ئەتراپ جىمجىت ئىدى. يىڭنە چۈشۈپ كەتسە ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. مەخ-

مەلدەك قارامتۇل ئاسماندا يۇلتۇزلار چاراقلاپ چاقناپ تۇراتتى. قانداقتۇر بىر يۇلتۇزلار تۇركۈمى يوغان بىر چەمبەرنى ھاسىل قىلدى. بۇ كۆرۈنۈش ئادەمگە مياۋزۇ قىزلىرىنىڭ بوينىدىكى چۆرىسىگە ياقۇت كۆز تۇتۇلغان چەمبەرنى ئەسلىتەتتى. مەن زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. چاپىنىمنى يېپىنچاقلاپ دېرىزە ئالدىغا بېرىپ ئاسمانغا قارىدىم. كۆكتە يۇلتۇزلار كۆزلىرىنى قىسىشاتتى، كېچە ئېغىر جىمجىتلىق قوينىدا ياتاتتى. ناۋادا كۆكتە ھىلال ئاي بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇگۈنكى مۇشۇ كېچە مەنزىرىسى بولغان بۇلار تۇر قىش بىز مەركىزىي باغچىدا سەيلى قىلىپ يۈرگەن ھېلىقى كېچە مەنزىرىسىگە ئوخشاپ قالمايتتىمۇ؟

مانا مۇشۇنداق كېچە قوينىدا
قاشتەك ئەگىم ئىدى ھىلال ئاي.
تۇم - تاراقاي يۇلتۇزنىڭ بەرى.
قۇلاق يارغان شاۋقۇن - سۈرەنلەر
ئۆزگە يەرگە چۈشكەن مەھەلى.
مانامۇشۇنداق كېچە قوينىدا
قولتۇقلاشقان ئىدۇق ئىككىمىز،
تۇرغانىدۇق بۇتنىڭ يېنىدا،
سەگىدىگەن ئارچا تېگىدە،
ئارچىلارنى دەسسىگەنىدۇق،
قارغىلارنى ئويغاتقانىدۇق.
يېرىلاتتى ئۆستەڭدە مۇزلار
چاراسلىشىپ تۈننىڭ ئىلكىدە.
مانا مۇشۇنداق كېچە قوينىدا

قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ ئىككىمىز
باشقا چاغدا ئېيتالمايدىغان
گەپ - سۆزلەرنى ئېيتىشقاندۇق.
تاكاللىشىپ قېلىپ تۇيۇقسىز
ھەم ناماقۇل بولۇشقاندۇق.
شۇنداق قىلىپ بىر - بىرىمىزنى
تېخىمۇ ياخشى بىلىشكەندۇق.
مانا مۇشۇنداق كېچە قوينىدا،
تۇنجى ئۇچرىشىشنى ئەسلىگەندۇق.
سۆزلە - سۆزلە
ئويلا - ئويلا
ئاخىر بىر - بىرىمىزگە قاراپ
كۈلۈشكەندۇق.
سۆيگۈ تىلسىمىنى
تۇنىنىڭ تىلسىمىنى
مۇشۇ چاغدا بىر تۈگۈنگە تۈگۈشكەندۇق.

شى جېن! بۇ بىزنىڭ بۇلتۇرقى تەرجىمىھالىمىز ئەمەسمۇ؟ بۇ شېئىر يېزىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى دېمىگەنمىدىڭىز؟ دوستلىرىمىز مۇشۇ شېئىرنى ئوقۇپ ئىككىمىزنىڭ شېرىن تۇرمۇشىغا ھەۋەس قىلىشمىغانمىدى؟ مەن قاپقاراڭغۇ چەكسىز ئاسمانغا قاراپ بۇشېئىرنى پەس ئاۋازدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئاشۇ كېچىدىكى مەنزىرىلەر كۆز ئالدىمدا قايتىدىن نامايان بولدى. لېكىن ... لېكىن ئەسلەش بىلەن رېئاللىقنىڭ پەرقى ناھايىتى زور ئىكەن. كۆڭلۈم شۇنىڭ بىلەن شېرىن ھېسلارغا چۆمۈلگەنسېرى ئىچىم ئاچچىق بولۇپ ئازابلىنىپ كې-

تىمدىكەنمەن. سىز مېنى قۇچاقلاپ باغرىڭىزغا باسمىغۇچە
مەن تەسەللى تاپالمىغۇدەكمەن، لېكىن بۇ مۇمكىنمۇ ئاخىر!

شى جېن! يادىڭىزدىمۇ؟ بىز يۇرتداشلار جەمئىيىتىدە
تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا سىز توپ ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ
چىقىپ، گەپ قىلماستىن ئاۋۋال بېرىپ باشقىلاردىن، سۇي
خېنىم قايسى، دەپ سورىغانىدىڭىز. يادىڭىزدىمۇ؟ باش كۇز
ئىدى، ناھايىتى سالقىن بىر ئەتىگەنلىكى ئىككىمىز ھېلىقى
«جۇۋايىنمەك» ئىمتىھان بېرىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
«سەنبىزى» باغچىسىغا بارغانىدۇق. ھايۋانات باغچىسىغا
كىرىشىمىزگە بىرپەس سوغۇق شامال چىقىپ دەل - دەرەخ-
لەرنى شىلدىرلىتىۋەتتى. مەن بەك يېلىك كېيىنىۋالغاچقا،
سىزگە چىك يېپىشىپ ماڭدىم. سىز دەسلەپ قولۇمنى تۇ-
تۇشقا جۇرئەت قىلدىڭىز، «چاڭگۇەن» راۋىقىنىڭ يېنىدىكى
دەرەخلىككە كەلگەندە سىز سول قولىڭىز بىلەن مۇرەمدىن قۇ-
چاقلاپ، ئوڭ قولىڭىز بىلەن سول قولۇمنى تۇتتىڭىز، بىز
ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدۇق. مېنى نەچچە قېتىم سۆيۈشكە
تەمشىلىپ جۇرئەت قىلالمىدىڭىز. مەن ھازىر سىزگە راست-
نى دەي، مەن شۇ چاغدا ۋېرتېرنىڭ پۇتىغا پۇتى تېگىپ
كەتسە ھاياجىنىنى باسالماي قالىدىغان رودىدەك ھاياجان-
لىنىپ ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغانىدىم. يادىڭىزدىمۇ؟ سىز مېنى
ياتىقىڭىزدا قۇچاقلاپ، يۈزىڭىزنى ئوڭ مەڭزىمگە ياقتىڭىز،
مەن خاپا بولۇپ سىزنى تىللاپ خەت يازدىم. ناماقۇل بول-
غىلى مېنى دەريا بويىغا تەكلىپ قىلدىڭىز، كۆڭلىمىزدە
جىق گەپلەر بولسىمۇ، چاناقلىرىمىز لىق ياشقا تولغان ھال-
دا گەپ قىلىشماستىن ئۇچراشتۇق. كېيىن سىز ناھايىتى
ەستە دۇدۇقلاپ تۇرۇپ: «سىزدىن مۇھەببەت كۈتكىلى بول-

مايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتىم. سىزنىڭ ئىشىڭىز ھەل بو-
لىدۇ، مېنىڭ ئىشىم ھەل بولمايدۇ ... مەن ياخشى كۆر-
مىگەن ئادەم ماڭا يېقىنلىشىدۇ، مەن ياخشى كۆرگەن ئا-
دەم ماڭا سەل يېقىنلاشسىلا، مېنى يولدىن چىقتى، دەيدۇ،
نېمىشقا بۇنداق دەيدۇ بىلمەيمەن؟ ...» دېدىڭىز.

مەن شۇ چاغدا ئازراق قورقان بولسامۇ، مۇھەب-
بەتكە بۇنچىلىك بېرىلىپ كەتكىنىڭىزنى كۆرۈپ قاتتىق ئەجەب-
لەندىم، مۇھەببەت تارىخىمىزنىڭ بەخت بىلەن ئاياغلاشماي
قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم. سىزنىڭ، مېنىڭ مۇئامىلەمنى ئەدەب-
سىزلىك دەپ بىلسىڭىز، ئۆزۈمنى مۇشۇ دەرياغا ئېتىپ
ئۆلۈۋالىمەن؛ بىز مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتسەك، بۇنىڭدىن
كېيىن گېپىڭىزنى ئاڭلاپ ئوبدان ئوقۇيمەن، دېگەن گەپلىرى-
ڭىزدىن ئېرىپ كەتكەن كۆڭلۈم باشقىلار ئۈچۈن ئۆزىنى
قۇربان قىلىۋېتىدىغان ھېسسىيات بىلەن تولدى. مەن گو-
يا مۇقەددەس ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغاندەك سىزنىڭ تەلىپىڭىز-
گە دەرھال ماقۇل بولدۇم. يادىڭىزدىمۇ؟ شۇئىش بولۇپ
ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككىمىز يەنە سەيلى قىلغىلى ئېرىكوغا
باردۇق. ئادەم بارمايدىغان خالى جاينى ئىزدەپ بارمىغان
يېرىمىز قالمىدى. ئاخىر بولماي سىز نەدىندۇر بىر قولۋاق
تېپىپ كەلدىڭىز. بىز قومۇشلۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ
بىردەم قوچاقلاشتۇق، سۆيۈشتۇق. كۈن ئولتۇراي دېگەن
چاغ ئىدى. قىپقىزىل نۇرلار قارامتۇل يېشىللىققا پۈركەن-
گەن يىراقتىكى تاغلارغا ئاجايىپ گۈزەل تۇس بەرگەنىدى.
بىنەپشە رەڭگە كىرگەن كەچكى شەپەقنىڭ ئاخىرقى نۇرلى-
رى دەل - دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرىدا، دەريانىڭ چەت -
چۆرىلىرىدە ئوينايتتى. چەكسىز قايغۇلۇق ۋە يۈرەكنى ئەز-

كۆدەك مۇڭلۇق گۈزەللىكنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان كۆز مەنزىرىسى بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزگە تېخىمۇ يارقىن بەدىئىي رەڭ بەرگەنىدى. بارا - بارا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. سۈيۈزىدىكى ئۇششاق دولقۇنلارنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايت-تى. قارادەك ئاپئاق ئۆردەكلەرنى ئىگىلىرى ئالىلىب-ۇرۇن ھەيدەپ كەتكەنىدى. بىز نائىلاج قۇرۇقلۇقتىن يەنە قولۋاققا چىقىپ، كەلگەن يولىمىز بويىچە كەينىمىزگە يان-دۇق. قولۋاقتا ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە يۆلىنىپ ئولتۇر-دۇق. مېنىڭ گەۋدەمنىڭ يېرىمى سىزنىڭ قۇچىقىڭىزدا ئىدى. پالاقنىڭ ئاۋازىغا تەڭكەش بولۇپ شىلدىرلىغان قومۇش پۆ-پۈكلىرىنىڭ ئاۋازى ھەسرەتلىك تىنىقتەك ئاڭلىناتتى. لېكىن بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى شادلىققا بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر تەسىر قىلالمايتتى. بىز بىر - بىرىمىزگە تېخىمۇ چاپلاشتۇق. مەن بەزىدە ئىستىقباللىمىزنىڭ جاپالىق بولىدىغانلىقىنى ئوي-لاپ، قۇچىقىڭىزدا يىغلىۋەتكىلى قىل قالاتتىم. سىز، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز مۇشۇنداق مۇقەددەس، پاك تۇرسا، يەنە نېمىگە ئازابلىنىسىز؟. دېدىڭىز،بىز Tolstoy، Ibsen ئەمەلگە ئاشۇ-رالمىغان ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بەل باغلايمىز ... دەپ تەكتىلىدىڭىز. يادىڭىزدىمۇ؟ شۇ يىلى قىشتا بىز «ۋەن-شىڭ» باغچىسىغا بېرىپ «يەنچۈن» راۋىقىغا چىقتۇق. سىز ئالدىمدا يىغلاپ تۇرۇپ، مەن سىزدىن باشقا ھېچكىمگە ئېتى-قاد قىلمايمەن ... سىز مېنىڭ تەڭرىم ... بىرگە بولساق، دېگەن تەلەپنى قويدىڭىز. مەن سىزگە شۇنداق دېدىم: مەن بۇنىڭدىن كېيىن سىزدىن باشقا ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەيمەن. بىز مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۆتىمىز. شەرت - شارائىت پىشىپ يېتىلگەن چاغدا ئاندىن ... سىز مورادىڭىزغا يەتتىڭىز.

مۇلايىم تەبەسسۇم سىزنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىڭىزدە ئەكس ئەتتى. سىز ئاۋۋال قوللىرىڭىز بىلەن مۇرىلىرىمنى سىيىلاپ، بوش ئاۋازدا، ئاچا دېدىڭىز. كەيىنىدىن يەنە، بىز... دېدىڭىز. مىنى قولۇمدىن تارتىپ قۇچىقىڭىزغا ئالدىڭىز. مەن سىزنىڭ بوينىڭىزنى سىلىدىم. سىز بېشىڭىزنى ئەگدىڭىز، كۆزلىرىڭىز كۆكسۇمگە تىكىلدى. سىز ماڭا يىغلاپ تۇرۇپ بېشىڭىزدىن ئۆتكەن، كۆزىڭىز كۆرگەن ئىشلارنى سۆزلەپ كېلىپ، ئاخىرىدا، مەن ئېسىمنى تاپقاندىن بۇيان كۆڭلۇم خۇش بولغۇدەك بىر ئىشقا يولۇقۇپ باقماپتىمەن. پەقەت سىزدىن بىرەر قېتىممۇ كۆڭلۇم رەنجىپ باقماپتۇ ... دېدىڭىز. ئۆتمۇشنى قانداقمۇ كەينىگە قايتۇرغىلى بولسۇن! مۇھەببەت ئازاب بىلەن پەرىشانلىقنىڭ بولىقى دېيىش كۇپايە قىلمايدۇ. ئىنسانلار تۆرەلمەستىن ئاۋۋال تەگرى خۇش پۇراق گۈل بىلەن تىكەننى كىشىلىك تۇرمۇش يولىغا تەڭشەپ ئوخشاش چېچىۋەتكەن. تەگرى مۇھەببەتنىڭ مېۋىسىنى بىنا قىلغاندا ئازابنىڭ شىرنىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. بولدى بەس. ... شېرىن تۇرمۇشىمىزنى قانداقمۇ سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولسۇن! ئاشۇ بەختلىك مىنۇتلارنى ئەسلەپ يۈرەك - باغرىم پارە-پارە بولۇپ كەتتى، سىزنىڭ يۈرەك - باغرىڭىزنى پارە - پارە قىلىشقا قانداق چىدايى؟ ... سۆيۈملۈكۈم! ...

شى جېن! سىز مېنىڭ بىردىنبىر سۆيگۈنۈم! مەن ئۈچۈن قايغۇرماڭ! خاملىت، مېنىڭ ۋۇجۇدۇم ماڭسىلا تەۋە بولىدىكەن، مەن خامان سىزنىڭكى، دېگەن، مەنمۇ سىزگە شۇنداق دېيەلەيمەنكى، مېنىڭ جىسمىدا ئاز - تولا سەزگۈلا بولىدىكەن، ئۈمىدىڭىزنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن.

مەن تۈنۈگۈن گاراڭغۇلۇقتا سىزگە ئىككى پارچە خەت
يازدىم. بۇنىڭدىن كېيىن نېرۋام مەيلى قانچىلىك كاردىن چىق-
سۇن، كاتەكتەك مۇشۇ ئۆيدىكى كۈندىلىك تەسىراتىمنى
يېزىشقا تىرىشىمەن. بۇنىڭ ئادەمگە پايدىسى باركى، ھەرگىز
زىيىنى يوق. بولۇپمۇ ماڭا كۆپ پايدىلىق. چۈنكى مەن
مۇشۇ ئۆمرۈمدە ناۋادا مۇشۇ قەپەستىن قۇتۇلالمىسام،
ئۇ دۇنياغا كېتىمەن. سىزمۇ مېنىڭ نەزەربەند ئاستىدىكى
تۇرمۇشۇمدىن خەۋەردار بولۇپ قالىسىز. سىڭلىم ماڭا مەر-
دانىلىق بىلەن، قان - ياش بىلەن يېزىلغان مۇشۇ خەت-
لەرنى كېيىنكى كۈنلەردە سىزگە كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيت-
تى. ئاھ، كۆزلىرىمدىن يەنە تاراملاپ ياش قۇيۇلدى!
دۇنيادا ئۆلۈش ئەركىنلىكىنىمۇ تارتىۋالىدىغان ئىشلار بو-
لۇپ باققانمۇ؟ تۇرمۇشتا ئەڭ ئېچىنىشلىق ئىش مۇشۇ ئى-
كەن. مەن ھازىر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ جازا مەيدانىغا
يالاپ ئاپىرىش ئالدىدا تۇرغان مەھبۇسنىمۇ بەتتەر ئەھ-
ۋالدىمەن. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ قاچان، قەيەردە ئۆلىدىغان-
لىقىنى بىلىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن ئاخىرقى قې-
تىم بولسىمۇ دىدارلىشىۋالىدۇ. مەنچۇ، مەن سەكرات ئۇس-
تىدە ئەشەددىي دۈشمىنىمنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرىمەن.

تۈنۈگۈن ئاخشام سىزگە ئاشۇ بىر نەچچە قۇرخەتنى
يېزىپ بولۇپ، قېچىشنىڭ ئامالىنى ئويلاپ بېقىش ئۈچۈن
ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ زورمۇزور كارىۋاتقا چىقتىم. بىزنىڭ بۇرۇن-
قى تۇرمۇشىمىز — شېرىن تۇرمۇشىمىز مېنى خۇددى ماگ-
نىتتەك يەنە ئۆزىگە تارتىۋالدى. ئاھ، ئىنسانلارنىڭ دېلى
نېمىدېگەن قارا .. ھە! ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ رەزىل قاراشلىرى
بىلەن باشقىلارغا باھا بېرىدىكەن. بولمىسا، بىزنىڭ مۇشۇ

ئىشىمىزنى ئاڭلىغانلا بولسا، مۇھەببىتىمىزنىڭ پاك ۋە مۇ-
قەددەس ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي، شۇنداقلا زوقلانماي تۇرال-
مايدىغان بىرەرسى چىقماي قالمايتتى. بىر - بىرىنى ئۆل-
گۈدەك ياخشى كۆرىدىغان يىگىت - قىز ئارىسىدا ئۇن نەچ-
چە كۈنگىچە قۇچاقلىشىش، سۆيۈشۈش ۋە سىردىشىشتىن
بۆلەك ھېچقانداق ئىش بولمىدى، بۇنداق ئىش بۇرۇن ھەم
ھازىر، جۇڭگو ھەم چەت ئەللەرنىڭ مۇھەببەت تارىخىدا ئاز كۆ-
رۈلىدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ سۆيۈملۈكۈم، مەن ××× مېھمان-
خانىدىكى ھېلىقى مۇقەددەس كېچىنى ئۇنتۇپ قالمىساقكەن
دەيمەن! ئىككىمىز شۇ كېچىسى شېرىن مۇھەببەتنىڭ لەززى-
تىدىن بىرىنچى قېتىم بەھرىمەن بولغانىدۇق. ئاھ، سىرلىق
ۋە گۈزەل مۇھەببەت! مەن كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئۈيىلىپ
ياتقىلى ئۇنىماي ئۇندىمەستىن ئولتۇراتتىم. سىز كېلىپ
ئىچ كىيىملىرىمدىن باشقا ھەممىنى سالدۇرۇپ، چىرايلىق
قاتلىدىڭىز، ئاندىن پەس ئاۋازدا، قالغىنىنى ئۆزىڭىز سې-
لىڭ، دەپ، مېنى قورۇنۇپ قالمىسۇن دېگەندەك بىر چەتكە
بېرىپ تۇردىڭىز ... مەن سىزنىڭ قۇچىقىڭىزغا كىرگەن چاغدا،
مەيلى كېيىن ئائىلەمدىكىلەر زىيادە ئۆكتەملىك قىلىپ بىز-
گە زىيانكەشلىك قىلسۇن، مۇھەببىتىمىزنى بۇزسۇن، جەم-
ئىيەتتىكىلەر مەيلى قانداق ئەيىبلىسۇن، مەن باغرىڭىزغا
بېشىمنى قويۇپ يىغلاشنى ئويلاۋاتىمەن، دېگەن بولسامۇ،
لېكىن ئۆزۈمنى ئادىمىزات يوق، يوللىرى تىكەنلىك، چىل-
بۆرىلەر ھۇۋلاۋاتقان سايغا كىرىپ قالغاندەك، مېنى پە-
قەت سىزلا ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغاندەك، ماڭا يۆلەنچۈك ـــ
نىجاتكار بولالايدىغاندەك ھېس قىلاتتىم ... شۇڭلاشقا مەن
كىشىلەر روھىنىڭ ھەقىقەتەن پاك ئىكەنلىكىگە ئەبەدىي ئىشى-

نىمەن. بۇنداق مۇقەددەس، چەكسىز پاكلىق ئەمەلىي ئىشلە-
تىش جەريانىدىلا ئىپادىلىنىدۇ. روھىنىڭ پاكلىقى بىلەن
ئادەم ئادەم بولالايدۇ.

مەن مۇشۇلارنى ئويلاۋاتقان چېغىمدا، سىرتتا بىردىنلا
يامغۇر يېغىپ، دېرىزە تۈۋىدىكى بانان دەرىخىنىڭ يوپۇر-
ماقلىرىغا يامغۇر تامچىلىرى تېمىدىنىدۇر بىر نەرسىدىن ئاغ-
رىنىپ، دەرد تۆكۈپ يىغلاۋاتقاندەك ئاستا - ئاستا تامچى-
لاشقا باشلىدى. مەن چىن قەلبىمدىن ئىچىمدە: تېزرەك ياغ-
قىن، يامغۇر، تېخىمۇ قاتتىقراق يېغىپ ئادەملەر مېڭىپ
پاسكىنا قىلىۋەتكەن زېمىننى پاكىز يۇيۇپ، ئەركىنلىكنىڭ،
يۈكسەك ۋە پاك مۇھەببەتنىڭ ئۇرۇقىنى يېڭىباشتىن چاچ-
قىن، دەپ تىلىدىم. مېنىڭ ھاياتىمنى مۇھەببەت نابۇت قىلى-
ۋەتتى. ئانا مۇھەببىتىنى دەپ، لىيۇ جەمەتى بىلەن تۈزگەن
توي توختىمىنى بىكار قىلىشقا پېتىنالماي، تەۋەككۇل قىلىپ
ئاپامنى كۆرگىلى باردىم. سۆيگۈنۈمنىڭ مۇھەببىتىنى دەپ،
جەمئىيەتتىكى نامىمنى، بەخت - سائادىتىمنى قۇربان قىل-
دىم. بۇ تراگېدىيىنىڭ ئاپتورى — مۇھەببەت، مەن رول-
غا چىقىپ كۆپچىلىككە كۆرسىتىۋاتىمەن. مەن راستىنلا
تەڭرى بىلەن دەۋالىشىدىغاندەك تۇرىمەن. ناۋادا تەڭرى
ئانا - بالا، يىگىت - قىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى ئوب-
دان تەڭشىمىسە، ئۇ بىرتال مۇھەببەت ئۇرۇقىنى چاچسا،
مەن بىر تۈپ مۇھەببەت مايسىسىنى يۇلۇپ، بۇ دۇنيادا مۇ-
ھەببەتنى قايتا پەيدا قىلماسلىق ئۈچۈن ئىلىشىمەن. رەھىم-
سىزلىكتە ۋەھشىيلىشىپ، سەن مېنىڭ گۆشۈمنى يەيمەن دې-
سەڭ، مەن سېنىڭ تېرەڭنى يېپىنچا قىلىمەن، دەيدىغان
ھايۋان سىياقىدىكى بەدبەختلەرنىڭ تۇتقان يولىمۇ بىر

ھېسابتا بولىدىكەن.

ئەركىسىز ئۆتكەن ئىككى كۈنلۈك تۇرمۇشتىن كىشىلىك دۇنياسىدىكى ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇم ۋە كۆپ نەرسىلەرنى چۈشەندىم. ئىنسانلارنىڭ شەخسىيەتچى ئىكەنلىكىنى، مادىدى جەھەتتە باشقىلار ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىۋەتسەمۇ، ئۆزىنىڭ تارىخىي شارائىتى ئاستىدا شەكىللەنگەن مۇستەقىل قارىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئانا بىلەن قىز بىر - بىرىگە ئەڭسۈيۈملۈك، شۇلارمۇ بۇ قائىدىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. باشقىلاردىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە مەيلى كىم بولسۇن، كىم بېقىپ قاتارغا قوشقان بولسا، شۇنىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنۇش كېرەككەن. توغرىمۇ؟

بۈگۈن تۈيۈقسىز ھاۋا ئېچىلىپ، كۈن نۇرى كارىۋاتقا چۈشتى. ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كۆزۈمگە بۆلەكچىلا ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتتى. لېكىن بىر نەۋرە سىڭىلىم بىلەن يەڭگەم مېنى يوقلاپ كىرىپ، تۈنۈگۈنكىدىن بەكرەك ياداپ كەتكەنلىكىمنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى. بىر نەۋرە سىڭلىم يوغان ھەم نۇرلۇق كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى، بۇ ھەيران قالىدىغان ئىش ئەمەس. ھەممە ئادەم بىر كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرسەم دەيدۇ. كىشىلىك تۇرمۇش يولى ساپلا يىلان - چايان، ۋەھشىي ھايۋانلار بىلەن تولغان ئەمەس. بىزدىكى بۇنداق جاندىن تويۇش ئەسلىدە بىر خىل غەيرىي ھالەت.

ئۇلار، يالغۇزلۇقتا ئىچ پۇشقىنى چىقارسۇن، دەپ ماڭا پۇرىقى دىماغنى يارىدىغان، رەڭگارەڭ بىرلوڭقا

گۇل ئەكىرىپتۇ. بۇگۇللەرنى كۆرۈپ كۆڭلۈم تېخىمۇ بۇزۇلدى. سىز سوۋغا قىلغان تاش ئالما گۇلنىڭ چىراغ يورۇقىدىكى نازۇك سىياقىنى. سىزنىڭ گۇللۇكىمىزدىكى تاش ئالما دەرىخى تۈۋىدە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان چاغلىرىمىزنى ئويلىدىم. گۇل – مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى. سىز سوۋغا قىلغان گۇللەرنى مەن يۈرەك مېھرىم بىلەن سۇغىراتتىم. گۇللەرنىڭ تۈۋىدە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان چاغلىرىمىزدا مەن سىزنى روھىم بىلەن قوغدىغانىدىم. ئەمدىچۇ، گۇل سوۋغا قىلىدىغان، گۇلنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەرنى چاكىنا ئادەملەر قىيناپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ياخشى كۆرىدىغان گۇلۇم قۇرۇپ قالاي دېگەندە، ماڭا تەسەللىنىڭ نېمە كېرىكى؟

چۈشتىن كېيىن ئاپامنىڭ ئاچامغا بىزنىڭ ئۆتكەن يىل باھاردىكى پىلانىمىزنى دەپ بېرىپ، بىزنى ھەدەپ تىللاۋاتقانلىقىنى يەنە ئاڭلىدىم ... ئاھ، شى جېن! Irving مۇھەببەت توغرىسىدىكى ھەر قانداق پىلانلارنى كەچۈرۈش مۇمكىن، دېگەنغۇ. ئۇلار بۇ ئىشقا نېمىشقا Irving نىڭ ئەكسىچە قارايدۇ.

تەگرىگە مىڭ قەتلى شۇكرى! بىر نەۋرە سىڭلىم ئوتتۇرىمىزدا ئۈزۈلۈپ قالغان ئالاقىنى يېڭىباشتىن تىكلىدى. بولمىسا، ئىككىمىزنىڭ بىر يەردە ئۆلۈۋېلىش ئۈمىدىمىزمۇ يوققا چىققان بولاتتى. سىزگە قورقۇنچلۇق بىر خەۋەرنى ئېيتاي، ليۇ جەمەتنىڭ ئوغلى بۈگۈن ئاخشام سائەت ئون ئىككىدە بىزنىڭكىگە كېلىدىكەن. (ماڭا بۇنى بىر نەۋرە سىڭلىم دەپ بەردى) بۈگۈن كەچ ئامال بار قېچىپ كەتمىسەم، خۇددى مەن دېگەندەك، سەكراتتا ياتقىنىمنى

ئەشەددي دۈشمىنىم چوقۇم كۆرىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە ...
بولدى ئۇچۇق يازماي، سىز هامان قىياس قىلىپ بىلىۋالىسىز.
شى جېن، بىزنىڭ يۈز كۆرۈشۈشىمىزدىن هەر هالـ
دا ئاز ـ تولا ئۈمىد بولسىمۇ، ماڭا قارا چاپانلىق ئەزـ
رائىل يېنىمغا كېلىپ قالغاندەك، مۇهەببەت تارىخىمىزنىڭ
ئەڭ ئاخىرقى بىرۋارىقى ۋاراقلىنىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇـ
ۋاتىدۇ. بىز تۆت ـ بەش يىل بىرگە ئوقۇدۇق. ئۆگەنگەن
نەرسىلىرىمىز بىلەن جەمئىيەتكە هەسسە قوشالىدۇق. شۇنـ
داقتىمۇ تارىخىمىزنى ئۆزىمىز قەدىرلىشىمىز، روهىمىزغا ئۆـ
زىمىز ئاپىرىن ئوقۇشىمىز كېرەك. مەيلى نېمە بولسۇن، بىز
هېچقاچان ۋىجدانىمىزغا كۈشەندە بولغان كۈچلەردىن رەـ
هىم ـ شەپقەت تىلىمىدۇق. بىز ئەركىن مۇهەببەت تەلەپ قىلىپ
ئۆلۈشتەك قانلىق يولنى ئاچتۇق. بىز بۇ يولنىڭ ئەهۋالـ
نى ياشلارغا كۆرسىتىپ بېرىشىمىز، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت
قازىنىشنى ئۈمىد قىلىشىمىز كېرەك. يارامسىز ئادەملەرگە
هېچكىم هەسەت قىلمايدۇ. شۇڭا مەنمۇ ئازابلانمايمەن. مەن
يۈگۈرۈپ چىقىپ سىز بىلەن دېڭىزنى ماكان قىلسام، دولـ
قۇنلارنىڭ هەسرەتلىك شاۋقۇنلىرىنى ئاڭلىسام، سىرلىق
ئاينى كۆرسەم دەيمەن. ناۋادا بەختسىز هالدا ئۆلۈپ كەتـ
سەم، سىز هەرگىز ئۆلۈۋالماڭ، سىز بىزنىڭ مۇهەببەت تاـ
رىخىمىزنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىشلارنى تەپسىلىي يېزىپ،
ئالتە يۈز پارچە خەتنى رەتلەپ ئېلان قىلىسىز ...
بىرنەۋرە سىڭلىم كەلدى. ئۇ بۇ خەتنى سىزگە ئاپىرىپ
بېرىدۇ، سىزگە مەن تۇرغان ئۆينىڭ دېرىزىسى بىلەن
قېچىشقا ئەپلىك خىلۋەت كوچىنى پەقەت بىرلا تام ئايرىپ
تۇرىدىغانلىقىنى دەيدۇ. بۈگۈن ئاخشام ئون ئىككىدە سىز
مېنى تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە ساقلاڭ.

责任编辑：艾合买提·伊敏
封面设计：王国玲

歧　路　（维吾尔文）
（中国现代短篇小说选—1）
托乎提·巴克
牙生·斯衣提　译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号　邮政编码 830001）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷三厂印刷
787×1092毫米　32开本　9.875印张　2插页
1993年2月第1版　1993年2月第1次印刷
印数：1—2,000

ISBN 7-228-02243-2/I·777　定价：2.70元